
لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com



لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

## مۇندەرىجە


نەشرىياتتىن ........................................ 1
ئاپتوردىن ........................................ 1
تۇنجى يۇرۇش........................................ 1
سۇيدۇڭدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ ........................ 17
ئۇنتۇلماس بىر كۈن ........................................ 39
دۈشمەننى قاپساپ يوقىتىش........................................ 46
گىردە نان ........................................ 59
تاڭ ئالدىدىكى بورتالا ........................................ 65
ئاخىرقى گراناتا ........................................ 83
باھادىر جەڭچى........................................ 99
يەھيانى ئەسلەيمەن........................................ 106
نامسىز خەت ........................................ 125
كونا چامادان ........................................ 135
ماناس دەرياسى بويىدىكى ئاكوپلاردا ........................ 153
تۇگمەن بېشىدىكى شېھىت........................................ 173
يەنسخەيدىن قۇمۇل تاغلىرىغىچە ........................ 228
بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىكى ئۇرۇمچى ........................ 254



图书在版编目(CIP)数据

战地记事:维吾尔语/艾合买提·吐尔迪耶夫著.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.11
ISBN 7-228-06112-8

Ⅰ.战… Ⅱ.艾… Ⅲ.革命回忆录-作品集-中国-
维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I251
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 71801 号

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新 疆 奎 屯 晨 光 印 刷 厂 印 刷
850×1168 毫米 32 开本 8.625 印张 1 插页
2000 年 11 月第 1 版 2000 年 11 月第 1 次印刷
印数:1—3000
ISBN7-228-06112-8/I·2240 定价:13.00 元


## نەشرىياتتىن

ئەخمەت تۇردىيوف 1925 - يىلى 12 - ئايدا، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ توققۇز تارا ناھىيىسىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1934 - يىلى 9 - ئايدا توققۇز تارادىكى «چولپان» مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، 1940 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن. 1941 - يىلدىن 1942 - يىلىغىچە ئىلى گىمنازىيىسىدە ئوقۇغان. كېيىن ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمەي، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغان.

ئەخمەت تۇردىيوف - 1944 - يىلى 9 - ئايدا ئىلىدا قوزغالغان گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە تەركىبىگە توققۇز تارا ناھىيىسىدىن پارتىزان بولۇپ قاتنىشىپ، توققۇزتارا، قارا بۇرا، سۇيدۇڭ، كۇرە قاتارلىق جايلاردا پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1945 - يىلى 4 - ئايدا كۇرەدە مۇنتىزىم ئارمىيە تەركىبىگە ئۆتۈپ چەيپەيزە، شىخو، يەنسخەي قاتارلىق ئوتتۇرا يۆنىلىش فرونت ئۇرۇشلىرىغا ھەم 1950 - يىلى ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۇرك قاتارلىق ئورۇنلاردا ئوسمان، يولۋاس باندىتلىرىنى تازىلاش جەڭلىرىگە قاتناشقان.

ئەخمەت تۇردىيوف ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ھەربىي قىسىمدا ۋوزۋود كوماندىرى، روتىنىڭ سىياسىي رەھبىرى، روتا كوماندىرى، ئوبلاستلىق خەلق قوراللىق چوڭ ئەترىتىنىڭ كوماندىرى (دادۈيجاڭ) قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. كاپىتانلىق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئەخمەت تۇردىيوف 1945 - يىلى 147 - نومۇرلۇق ھەم

لوپنۇرى بلوگى سزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!　http://www.lopnuri.com

1948 ـ يىلى 1296 ـ نومۇرلۇق شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئارقىلىق
«باھادىرلىق» مىدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن
كېيىن، 1954 ـ يىلى شىنجاڭدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى-
نىڭ ھەربىي بۆلۈمى تەرىپىدىن 407 ـ نومۇرلۇق شەرەپ گۇۋاھ-
نامىسى ئارقىلىق «ئازادلىق» مىدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان، ئۇ
1943 ـ 1944 ـ يىللىرىچە گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈم-
رانلىقىغا قارشى تۇرغانلىقتىن، توققۇزتارا ناھىيىسىدە گومىن-
داڭ تۈرمىسىگە سولانغان.
دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر قانچە قېتىملىق سى-
ياسىي ھەرىكەت جەريانىدا «سول» چىل لۇشيەنىڭ زىيانكەشلى-
كىگە ئۇچرىغان ، كېيىن تەلتۆكۈس ئاقلانغان.
ئەخمەت تۇردىيوف ـ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باش-
لاپلا ئەدەبىياتقا قىزىقاتتى. ئۇ كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى-
دىن ئەلشىر نەۋائى، نۆۋبىتى، موللا بىلال، نىزارى، سادىر
پالۋان، سېيىت نوچى قاتارلىق ئەسەرلەرنى ۋە ئابدۇخالىق ئۇي-
غۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، لۇشۈن، گوركىي، ماياكوۋىسكىي،
تولستوي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، تېيىپجان ئېلى-
يوف،... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇغان-
دىن سىرت، يەنە ماۋىرجان ماموشىنىڭ «ئارپالىس»، «بۇ ۋەقە
رونا ئەتراپىدا بولغان» دېگەن ئەسەرلىرىنىمۇ قېتىرقىنىپ ئوقۇپ
ئىلھام ئالغان.
ئۇ 1950 ـ يىللاردا ئەخمەتجان قاسىمنى ئەسلەپ «قاتلاملار
ئارا كۆرەش بولغاندا»، «باغدىكى ياۋايى چۆپلەرنى يۇلغاندا» ۋە
«ئوتلۇق كۆرەش» قاتارلىق ماقالىلەرنى يېزىپ، شىنجاڭ گېزى-
تىدە ئېلان قىلدۇرغان.
ئەخمەت تۇردىيوفنىڭ «ئوغلۇمغا نەسىھەت»، «سەپەر تەسى-
راتلىرى»، «ۋەتەن»، «يەنە روناق تاپ»، «يېڭى يىل ناخشى-
سى»، «ئەزىز دىيار»، «سۆيگۈ قەسىدىسى»، «ئىلى ۋادىسىدى-



كى مەشرەپنى كۆرگەندىن كېيىن» قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق
شېئىر، نەسىرلىرى «ئىلى دەرياسى ژۇرنىلى»، «بورتالا گېزى-
تى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ
يەنە «ۋەتەنگە مەدھىيە»، «سەنسىز ۋەتەننىڭ بەختى ئېچىلماس»
قاتارلىق ئالتە پارچە شېئىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ
«بورتالا گېزىتى» نىڭ خەنزۇچە سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.
«ۋەتەنگە مەدھىيە» ناملىق شېئىرى 1997 ـ يىلى بورتالا ئوبلاس-
تى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك باھالىنىپ ماددىي مۇكاپات بىلەن
مۇكاپاتلانغان.
ئۇ ھازىر بورتالا ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئە-
زاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. گەرچە دەم
ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنى-
ۋاتىدۇ.
ئاپتورنىڭ مەزكۇر ئەسەردىكى ئەسلىمىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى
1983 ـ يىلدىن باشلاپ «ئىلى دەرياسى»، «تارىم»، «قۇمۇل
ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ
نۆۋەت ئەنە شۇ ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنى قايتا تولۇقلاپ
تەييارلىدى. بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ ئۈچ ۋىلايەت مەزگىلىدىكى بىۋا-
سىتە كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىغا دائىر ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.



## ئاپتوردىن

ئۆمۈر مۇساپىسىدە يەتمىش نەچچە داۋاننى بېسىپ ئۆتكۈچە
نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلدىم. شائىر ئەنۋەر ناسىرنىڭ كىشى-
لىك ھاياتتىن يىغىنچاقلانغان مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرىدا:

«كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ،
كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ.»

دېگەندەك، ئەينى چاغلاردىكى ئۇرۇش ۋە مالىمانچىلىق يىل-
لىرىدا، تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ ئۆلۈمدىن ئېشىپ قاپتىكەنمەن،
كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىم كۆپ بولدى. ھايات دەپتىرىمنى ئاقتۇر-
سام كۆپلىگەن جايلارنى كۆرۈپ، كۆپلىگەن كىشىلەر بىلەن ئەس-
را بولۇپ دوست ـ سىرداشمۇ بوپتىمەن. شادلىق، غەم ـ قايغۇ،
ھەسرەتلەرنىڭ مۇڭلۇق بۆشۈكلىرىگىمۇ بۆلۈنۈپ، ھايات گاھى
يۇرۇكۇمگە خەنجەر ئۇرسا، گاھى ئەسەبىيلەرچە كۇلدۇرۇپمۇ تاش-
لاپتۇ......يامان ئادەملەرنىڭ قىلتاقلىرىغىمۇ چۈشۈپتىمەن.
يۈرۈكۈمگە پۈتۈلگەن ئاشۇ خاتىرىلەر ئىچىدە كۆڭلۈمگە تەسكىن
بېرىدىغان شەرەپلىك ئىشلارمۇ يېزىلىپ ئۆتتى. ئەمما، ۋاقىت
ئۇزارغانسېرى بۇلارنىڭ كۆپلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتى-
لىۋاتىدۇ.
ئادەم ئۆز ھاياتىدىكى بەزى ئىشلارنى ئۇنتاي دەپمۇ ئۇنتۇيال-
مايدىكەن، بەلكىم مۇنداق ئۇنتۇلماس ئىشلار، بولۇپمۇ ئۇرۇش
يىللىرىدىكى ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش ئىچىدىكى ئاجايىپ دەھ-
شەتلىك قانلىق تراگېدىيىلىك ۋەقەلەر قاتتىق تەسىر قىلغانلىق-
تىن بولسا كېرەك. بۈگۈندىن باشقا ئاشۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن
كۆرگەن ۋە بىۋاسىتە قاتناشقان ئىشلار، ھەرىكەتلەر، ۋەقە ـ

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

ھادىسىلەردىن ئۆزۈڭدە بىرەر ماددىي بۇيۇم ساقلىنىپ قالسا،
تېنىڭدە ئۇرۇشنىڭ بىرەر جاراھەت ئىزى پەيدا بولغان بولسا،
ئاشۇ ۋاقىت، ئاشۇ دائىرىدىكى ئۇرۇش جەريانى مەڭگۈ ئېسىڭدىن
كۆتۈرۈلمەيدىكەن، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئۇنىڭ قىممىتى ئېشىپ
بارىدىكەن. ئۇ تارىخ جەريانىنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە ئەينى چاغنى
ئەتراپلىق ئەسلىتىپ ئۆزۈڭنى ھاياجانغا سېلىپ، ئېچىندۇرۇپ
ياكى رىغبەتلەندۇرۇپ، گاھ كۈلدۈرۈپ، گاھ يىغلىتىپ تۇرىدى-
كەن.

مەن 1944 - يىلى 9 - ئايدا، گومىنداڭ مۇستەبىت
ھاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي ئىنقىلابقا پىدائىي پارتىزان بولۇپ
قاتناشتىم. توققۇزتارا، قارا بۇرا، غۇلجا، سۈيدۈڭ، كۇرە قاتار-
لىق ئورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشقا قاتناشتىم. 1945 -
يىلى 4 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيىسى قۇرۇل-
غاندا، مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە ئۆتۈپ، شىخو، يەنىسخەي
قاتارلىق ئوتتۇرا يۆنىلىش فرونتىدا ئۇرۇشقا قاتناشتىم. ئازاد-
لىقتىن كېيىن قۇمۇل، بارىكۆل، ئارا تۇرۇك ناھىيىلىرىدە ئوس-
مان، يولۋاس باندىتلىرىنى تازىلاش جېڭىگە قاتناشتىم. بۇ جەر-
ياندىكى ئۇرۇش مۇساپەمدە ئاجايىپ ئۇنتۇلغۇسىز ۋەقەلەرنى بىۋا-
سىتە ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ھەربىر قېتىملىق ئۇرۇشتا
ھوجۇم - ئاتاكىغا ئۆتۈشتە سەپداشلىرىمنىڭ غەيرەت - جاسارىتى
بىلەن دۈشمەننىڭ ھەر خىل قوراللىرىدىن يامغۇردەك يېغىۋاتقان
ئوقلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ئالغا بې-
سىپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرى، بىلىنداژ، ئاكوپلىرىغا قەھر-
مانلارچە بۆسۈپ كىرىپ، غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلىگەن باتۇر-
لۇق ئىش - ئىزلىرى؛ جەڭچى توختىنىڭ ھالقىلىق پەيتتە دۈش-
مەن ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۈچ دانە گرانات بىلەن دۈشمەننى
چېكىندۇرۇپ، ئاخىرقى گراناتنى تۇتقان قولىغا ئوق تەگسە،
گراناتنى ساق قولىغا ئېلىپ يۈگۈرگەن پېتى دۈشمەن ئارىسىغا



كىرىپ، چىشى بىلەن يىپنى تارتىپ، ئون نەچچە دۈشمەننى
ھالاك قىلىپ ئۆزىنىڭمۇ قۇربان بولغان، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان
پىداكارلىق روھى ۋە ئېغىر يارىدار بولۇپ، ئۈمىد ئوتلىرى
يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى چاقنىتىپ: «ئەخمەت، ماڭا قارىماي
ئالغا باس! دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى يوقات! سەپداشلىرىمىز
ئالغا ئىلگىرىلىسۇن!» دېگەن ياڭراق ساداسى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر
قېتىغا ئورناپ كەتكەچكە، يۈرىكىمدە ئۆچمەس بىر مۇڭنى پەيدا
قىلىپ، تەنلىرىمنى جوغۇلدىتىدۇ......

160 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان فرونتنىڭ شىخودىكى
بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئاران 38 ئادىمى قالسىمۇ، ھېچ ئىككى-
لەنمەي ئالغا بېسىشلىرى، ھېبىم ئەمرۇللانىڭ گومىنداڭنىڭ
ئوت كۈچى مەركىزى بولغان چوڭ بۇتخانا ئىچىدىكى نەچچە يۈز
گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئاخىرقى غەلى-
بىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك قەھرىمانلىق، ئوبرازلىرىنى ئەسلىگى-
نىمدە، ئاجايىپ ھېسلار قاينىمىغا ئەسىر بولىمەن. يۈكسەك
شىجائەت بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جاننى
پىدا قىلغان قەھرىمان جەڭچى - ئوفىتسېرلىرىمىزنىڭ قېنى
بەدىلىگە ياراتقان يارقىن ئوبرازى ھامان تارىخ بېتىدە يالتىراپ
تۇرىدۇ. ئۇلار ئەۋلادلارنىڭ غايىۋى مەدەتكار ئوبرازىغا ئايلانغۇ-
سى!

1993 - يىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەسلىمە
يېزىش ھەققىدە رىغبەتلەندۈرۈشى ماڭا زور ئىلھام بەردى. شۇڭا
مەن ياشىنىپ قالغان بولساممۇ، ياشلار ھەم كېيىنكى ئەۋلادلارغا
ئەجدادلارنىڭ خەلقنىڭ ئازادلىقى يولىدىكى كۈرەش مۇساپىلىرىنى
كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئىگە قىلىش
يۈزىسىدىن، ئاشۇ يىللاردىكى كۈرەش مۇساپەمنى قايتا بېسىپ
چىقتىم. گەرچە ئۆتمۈشنى ئەسلەش، كېيىنكىلەرگە نەمۇنە قال-
دۇرۇش بىر ياخشى ئىش بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ



ئازابلىق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، دەھشەت-
لىك ئۇرۇشلاردا ھەر مىللەت خەلق ئۈچۈن جاننى پىدا قىلىپ
مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمغان جەڭچىلەر ھەم يارىدارلارنىڭ ئىڭراپ
تۇرۇپ غەزەپ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان پىداكارانە روھى كۆز
ئالدىمغا كەلگەندە، پۇت - قوللىرىم بوشىشىپ، بەدەنلىرىم تى-
كەنلەشكەندەك بولۇپ، كۆزلىرىمدىن ھەسرەتلىك ياش ئۇنچىلى-
رى قەغەز بېتىگە تامچىلايدۇ - دە، قەلىمىمنى قويۇپ، مۇڭلۇق
سۈكۈناتلارغا چۆمىمەن. بۇ ئۇرۇشلاردا دەريا - دەريا قانلار
ئېقىپ، ئېغىر قۇربان بېرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئەل قەلبىدىن
ئورۇن ئالغان غەلىبە - نەتىجىلەر ۋە قۇربان بولغان، مەڭگۈلۈك
مېيىپ بولۇپ قالغان شىر يۈرەك ئەزىمەتلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتى
ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا سىڭىپ كەتكەنلىكى ماڭا تەسەللىي
بولىدۇ - دە، ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن......

بۇ ئەسلىمە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەتقىق قىلغۇچىلارغا
پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۆزۈم
قوماندانلىق قىلغان قىسىمنىڭ تەسىرلىك بولغان مۇھىم نۇقتى-
لىرىنى ۋە بەزىبىر جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ قەھرىمانلىق پائا-
لىيەتلىرىنى كۈچ - قۇۋۋىتىمنىڭ يار بېرىشىچە تەپسىلىي يېزىپ
چىقتىم. مەزكۇر ئەسلىمىلىرىمنى يېزىپ چىقىش جەريانىدا ماڭا
ئىلھام ۋە روھىي مەدەت بەرگەن زامانداشلىرىمغا، نۇرمۇھەممەت-
تەك ياش دوستلىرىمغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۇر بىلدۈرىمەن.
مۇشۇ ئەسىرىمدە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەردىن كەم قالغان بوشلۇقلار
بولسا، مۆھتىرەم ئوقۇرمەن دوستلارنىڭ ھەم ئەينى چاغلاردا مەن
بىلەن بىللە جەڭ قىلغان ھايات سەپداشلىرىمنىڭ بۇ خاتىرەمگە
قارىتا تەنقىدىي پىكىرلىرىنى بېرىشىنى سەمىمىي قارشى ئالى-
مەن.

ئەخمەت تۇردىيوف

1998 - يىل سېنتەبىر، بورتالا



## تۇنجى يۈرۈش

1942 - يىلى توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى «چولپان» مەكتى-
پىنىڭ 6 - سىنىپىنى ناھايىتى تەستە پۈتتۈردۈم. چۈنكى ئائى-
لىمىز تولىمۇ نامرات بولۇپ، قېرى دادام (تۇردىئاخۇن) بىلەن
ئانامنىڭ ئېتىزدا ئىشلەپ تاپقىنىغا تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتۇق.
ئاكام كۈنبويى ھۆكۈمەت بىلەن شاڭيۇلارنىڭ ئالۋاڭ - ياساقلى-
رىغا ئىشلەپ ئۆتەتتى. ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئائىلىمىزنىڭ
ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەنلىكتىن، ئامالسىزلىقتىن كى-
چىك تۇرۇپلا ھاسانباي دېگەن بايغا چاكار بولۇپ ئىشلەشكە مەج-
بۇر بولدۇم. ھاسانباي سەپرا مىجەز، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ
تۇرىدىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئانىسىغىمۇ رەھىم قىلمايدىغان، ئىن-
تايىن رەھىمسىز، ئاچكۆز ئادەم ئىدى. مەن كېچىسى ئات باقات-
تىم، كۈندۈزى ئۈچ ئاتنىڭ سوقىسىغا ئات مىنەتتىم. ھاساننىڭ
ئىشىدىن بەتتەر قامچىسى جاق تويغۇزغاچقا، مىڭ تەسلىكتە بىر
يازنى ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭدىن ئاران قۇتۇلدۇم.

1944 - يىلى ئەتىياز پەسلى، ئەمدىلا 18 ياشقا قەدەم
قويغان چاغلىرىم ئىدى. تېرىقچىلىقنىڭ تازا ئالدىراش بىر كۈنى
ئېتىزلىقتا كېتىۋاتقاندا، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ شۇنگە-
نى (ئەمەلدارى) ئوسمان تەرىپىدىن سەيسىگە تۇتۇلدۇم. ئائىلى-
مىزنىڭ قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى ئېيتىپ ئۇنىڭغا قاتتىق يالۋۇر-
غان بولساممۇ، ئۇ قىلچە رەھىم قىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە مېنى
بولۇشىغا ئۇردى. شۇنگەنىنىڭ تايىقى جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەچ-
كە، كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي ئۇنىڭغا بار كۈچۈم بىلەن
تاشلاندىم ۋە بىر مۇشت بىلەن ئۇنى تىك موللاق چۆشۈرۈپ

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

قېچىپ كەتتىم. بىراق، بىر مۇشتنىڭ كېيىنچە پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ بېشىغا تۈگىمەس مۇشكۈلات كەلتۈرۈشىنى ئويلىمىغانكەنمەن. ئۇنىڭ دەردىنى بىز يەتكۈچە تارتتۇق. ئەمما، ئوسمان شۇنگەن شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارغا ئالدىراپ قول سالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. كېيىنچە كىشىلەر «ئەخمەتنىڭ مۇشتى ئوسمانىنى خېلى ئوڭلاپ قويىدى» دېيىشىپ يۈردى. گەرچە، ئوسمان شۇنگەن مېنى ساقچىلارغا تۇتقۇزۇپ قولۇمغا كويزا، پۇتۇمغا كىشەن سېلىپ قامچىلىغان بولسىمۇ، يۇرت مەندىن خېلى رازى ئىدى.

توققۇزتارا ساقچى ئىدارىسى كۆتۈرۈپ سېلىنغان خېلى كۆركەم ئىمارەت ئىدى. كونا ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچى پەلەمپەيلىك، رىشاتكىلىق بولۇپ، ئوتتۇرىسى زال، ئىككى تەرىپىدە ئۆي بار ئىدى. بۇ جاينى ئېگىز سېپىل ۋە ئوڭ - سول تەرەپلىرىدە قاتار سېلىنغان ساقچى گازارمىسى، قاراڭغۇ زەي تۈرمىلەر قورشاپ تۇراتتى. مەن شۇ نۆۋەت توققۇزتارا تۈرمىسىدە ئابدۇللا دېگەن بوزچى قىرغىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ساقچىلار سوراق ئۈستىدە مېنى قاتتىق ئۇرغاندا، ئۇ جاراھەتلىرىمنى تېڭىپ ھالىمدىن خەۋەر ئالدى. ئۇ بوزا ئېچىپتىپ، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قامداپ كەلگەنىكەن. ساقچى شۇنگەننى ھەر كۈنى ئۇنىڭ بوزىسىنى ئىچىپ پۇلىنى بەرمىگەندىن كېيىن، ئۇ ئىلاجسىز شۇنگەنلەردىن پۇل تەلەپ قىلىپتۇ، شۇ ۋەجىدىن شۇنگەنلەر ئۇنى «ھۆكۈمەتكە قارشى ئادەم» دەپ سولاپ قويۇپتۇ. ئۇ يىراقنى كۆرەلەيدىغان، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن خەۋەردار ئادەم ئىكەن. ئۇ ماڭا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىكى، ھەر مىللەت خەلقىمىز تارتىۋاتقان جەبىر - زۇلمى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ كۆزۈمنى ئوبدانلا ئېچىپ قويىدى. مەن ئاخىر يۇرتنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن تۈرمىدىن چىقتىم. تۈرمىدە جىسمانىي جەھەتتە قاتتىق ھالسىزلانغان بولساممۇ، لېكىن ئابدۇللا ئاكىغا ئوخ-



شاش كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى، تۈرمىدىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئازابلاشلار تۈپەيلىدىن، گومىنداڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدىم ھەمدە ئۆزۈمگە مەسلەكداش ئادەملەرنى ئىزدەشكە باشلىدىم.

بىز كىچىككىنە قورۇدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتۇق. ئۆينىڭ كوچا تەرەپكە قارايدىغان دېرىزىسىگە چاپلانغان مايلىق قەغەزلەر يىرتىلىپ كەتكەچكە، ئازراق شامال چىقسا لەگلەك دارقىرىغاندەك غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى. كۆزنىڭ مەلۇم بىر ئاخشىمى دادامنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى ۋە سۆھبەتدىشى رەخىم مەزىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. (بۇغداي ئۆڭ، چار ساقاللىق، 50 ياشتىن ئاشقان بۇ مۇلايىم ئادەمنىڭ پەننىي ۋە دىنىي بىلىملەردىن خېلى خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ مېنى كۆرسىلا قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ: «ئوبدانراق ئوقىيالمىدىڭ، ھەي، ياخشى كۆڭلەرمۇ بولۇپ قالار، ھازىرچە ئىشلەپ تۇر بالام» دەپ قوياتتى.) رەخىم مەزىن سالاملىشىپ تۆردىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن دادامغا قاراپ:

— ئاداش، جاھاندا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟
— دەپ سورىدى.

دادام گەرچە رەخىم مەزىندىن بىر نەچچە ياش كىچىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن خېلىلا چوڭدەك كۆرۈنەتتى، يول ماڭسا سەل مۈكچىيىپرەك ماڭاتتى، ساقىلىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. دادام مەزىننىڭ سۆزىگە سەل ھەيران بولغان ھالدا:

— مەن نېمىدىن خەۋەر تاپاي، ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە ئېتىزنىڭ ئىشى بىلەن، بۇ يىلقى ئاشلىقىمىز كېلەر يىلى زىرائەت پىشقۇچە يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. بۇغداي سېرىق تال ۋاقتىدا ئوزۇقىمىز تۈگەپ كېتىپ، ئەيسا شاڭيۇدىن ئون پۇت بۇغداي ئېلىپ يېدۇق. ھۆكۈمەتكە لەڭ تۆكتۇم، بۇ يىلقى لەڭ ئۆتكەن



يىلدىكىگە ئوخشمايدۇ، بىرگە بىر قاتلاپ ئالدى. ئانچە - مۇنچە قارىمۇق ئارىلىشىپ قالسا، لوزۇڭلارنىڭ تايىقىنى دېمەمسەن، شامال ساندۇقتا سالدۇرۇپ تاللىۋېلىشتى. يازدا بالىلىرىمنىڭ كىيىم - كېچىكى قالماي، سودىگەر شىرىپ «پاختا» دىن بۇغدايغا ماتا ئالغان، ئۇنىڭغا بۇغداي بەردىم. ئەتىياز تېرىقچىلىقنىڭ تازا ئالدىراش ۋاقتىدا مۇنۇ بالام ئەخمەتنى سولاپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن تېرىقچىلىق كېيىن قالدى. بۇ ھۆكۈمەت نېمە بولۇپ كەتتىكىن - تاڭ، ھېچ ئۇقالمىدىم ئاداش! - دېدى چىرايى سۇلغۇن ھالدا. رەخىم مەزىن ساقىلىنى سىلاپ، كالپۇكلىرىنى ھىمىرىپ، دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ئاداش، ئالتە ئوغرى دېگەن بىرلىرى چىقىپتۇدەك، ھازىر ئىلقا تىنچ ئەمەس ئوخشايدۇ، ھەممىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ بولۇۋاتىدۇ. بۇنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

دادام «ياق» دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى - دە، نېمە ئۈچۈندۇر ماڭا يالت قىلىپ قاراپ قويدى. مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا مەزىننىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانىدىم. دادامنىڭ بۇ قارىشىدىن مەن ئېسىمنى يىغىۋېلىپ، خۇددى ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغاندەك ئولتۇرۇۋالدىم. دادام رەخىم مەزىنگە قاراپ:

— بۇنداق گەپلەرنى قويغىنا، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم؟ «ئالتە ئوغرى» دېگەنلەر شۇنچە كۆپ چىرىككە قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن، تاپقان نانىنى ئارام خۇدا يەيلى ئاداش، — دېدى. دادام بىر تەرەپتىن مەزىندىن گۇمانلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن مېنىڭدىن ئەندىشە قىلغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، شۇ مەزگىلدە گومىنداڭ ساقچى ئورگانلىرى ناھايىتى نۇرغۇن ئادەمنى ئىشپيون دەپ گۇمانلىنىپ، ئۆزلۈكسىز ئادەم تۇتۇپ قاماۋاتاتتى. يېزا ياشلىرىدىن بىر قانچىسى تويۇقسىزلا يوقاپ كەتكەنىدى. ئۇلار توغرۇلۇق بەزىلەر قاماپ قويۇپتۇ دېسە، بەزىلەر ئاتلىنىپ چىقىپ كېتىپتۇ، دېيىشەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ نەگە



كەتكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق خەۋەر يوق ئىدى. مەزىننىڭ قوشۇمىسى سەل تۈرۈلۈپ، ئالدىغا قويغان چىنىنى نېمىشقىدۇر بىر چەتكە ئىتتىرىپ قويۇپ، دادامغا قاراپ:

— سەنمۇ كۆلەڭگىدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدىڭ، ئاتا بالىغا، خوتۇن ئەرگە، ئەل - ئاغىنە، بۇرادەرلەرگە ئىشەنمەيدىغان بىر زامان بولدى. مەن ساڭا ئەسكىلىك قىلسام ئۇ ئالەمگە بارغاندا نېمىمۇ دەرمەن؟ سەن بىلەن مەن بىر - بىرىمىزگە ئىشەنمىگەندىن كېيىن، توۋا دېمەكتىن باشقا گەپ قالماپتۇ - دە، - دېدى. مەزىن نېمىنىدۇر چوڭقۇر ئويلىنىۋاتقاندەك ئىدى. ئاخىر ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئاداش، خالىساڭ ئاڭلا، خالىمىساڭ بېرىپ مېنى ساقچىغا سولىتىپ قوي، بۇ سېنىڭ ئىشىڭ، بىراق مەن ساڭا ئاڭلىغانلىرىمنى دەپ قوياي، بۇگۈن غۇلجىدىن كەلگەن بىرى دەپ بەردى، شەھەر ئىچى ئەنسىزچىلىك ئىكەن. ھۆكۈمەتكە قارشى ھەر خىل تەشۋىق ۋەرەقىلىرى كېچىلىرى كوچىلارغا چاپلىنىپ تۇرغۇدەك، ئۇ يەردىمۇ ساقچىلار خەلقلەرنى تۇت - تۇت قىلىۋاتقۇدەك. ئەھۋالدىن قارىغاندا بىر يېغىلىق بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئاڭلىغانلىرىم مۇشۇ، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل، ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلامسەن ياكى كۆرۈمگىمۇ؟ بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. خەير ئەمىسە، - دېدى - دە، ئۆيدىن پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە توققۇزتارانىمۇ ئەنسىزچىلىك قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇگۈنى بىر خىل گەپ تارقالسا، ئەتىسى بىر خىل سۆز تارقىلاتتى. «بۇگۈن كېچە بىر نەچچە نامەلۇم ئاتلىق كىشىلەر كېلىپ، مەھەللىلەرنى، بازار كوچىلىرىنى تەكشۈرۈپ كېتىپتۇدەك»، «ساقچى ئىدارىسى ئىسمائىل ئەپەندى قاتارلىق بىر نەچچە كىشىنى تۇتۇپ شەنگەن يامۇل (ناھىيىلىك يامۇل) غا قاماپ قويۇپتۇ» (ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولغان)، «ئىلقا يولى ئېتىلىپ

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

يىغىپ يىغىن ئاچتى. بىز دۈشمەن ئەھۋالى، يەر شارائىتىنى
قىسقىچە مۇزاكىرە قىلىپ تۆۋەندىكىدەك قارارغا كەلدۇق: ئاق
قويدىن قارا بۇراغىچە 22 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېمەك دۈشمەن-
نىڭ قارا بۇراغا بۇگۈن يېتىپ كېلەلمەيدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى
هازىر كۈن پېشىندىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ئاق قويدىن يولغا
چىققىلى بىر سائەتچە بولغان، ئۇلار يولدا بىرەر يەردە قونىدۇ،
ئۇلار كېچىدە ھەرگىز يول يۈرمەيدۇ. بىز ئۇلارنىڭ قونالغۇسىنى
تەخمىنەن بەلگىلەپ، كېچىلەپ ھەرىكەت قىلىپ، شۇ يەردىلا
ئۇجۇقتۇرۇشىمىز كېرەك.
ئۇۋان، مەن ۋە توختىباي (يولدا ئالدىمىزدىن چىققان ھېلى-
قى قارا بۇرا پارتىزانلىرىنىڭ بىرى) ئۈچىمىز دۈشمەن ئەھۋال-
نى ئىگىلەشكە بەلگىلەندۇق، داۋۇت يۇسۇپ ئەترەتكە مەسئۇل
بولۇپ بەلگىلەندى. بىز سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېچىلەپ
قارا بۇرا مەھەللىسىگە يېتىپ كېلىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆ-
زەتتۇق. دېگەندەك دۈشمەن قارا بۇرا مەھەللىسىگە يېقىن بىر
چوڭ مال قوتىنىغا كېلىپ ئورۇنلاشقانىكەن. ئەتراپ چىغلىق
بولۇپ، مال قوتىنى شۇ چىغلىق ئارىسىغا جايلاشقانىدى. ئەمما،
قوتاننىڭ ئەتراپى تاقىر تۈزلەڭلىك ئىكەن. قوتاننىڭ دەرۋازىسى
ئالدىدا گومىنداڭنىڭ ئىككى قاراۋۇلى بار ئىكەن. ئۇلار توختى-
ماستىن روبىرو مېڭىشىپ تۇراتتى. بىز ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن
كېيىن ئەترەتكە قايتىپ كېلىپ، دۈشمەننى يوقىتىش پىلانىنى
تۈزدۇق. پىلان بويىچە دەرۋازا ئالدىكى ئىككى قاراۋۇلنى ئۇجۇق-
تۇرۇش داۋۇت ئىككىمىزگە يۈكلەندى. قاراۋۇللار يوقىتىلغان-
دىن كېيىن، ئەترەت قوتاننىڭ تۆت ئەتراپىدىن بىرلا ۋاقىتتا
قوتانغا تېزلىكتە بېسىپ كىرىپ، دۈشمەننى ئۆزىنى ئوڭشىغۇچە
يوقىتىش كېرەك ئىدى. بىز شۇ پىلان بويىچە گاھ مېڭىپ، گاھ
ئۆمىلەپ قوتانغا يېقىنلاشتۇق. دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقى-
مىز 100 مېتىردىن ئوشۇق قالدى. ئەمدى ئۆرە مېڭىش تۇرماق



ئېڭىشىپ مېڭىشقىمۇ بولمىغاچقا، ھەممىمىز يەر بېغىرلاپ ئىل-
گىرىلىدۇق. ئارىلىق 30 مېتىر قالغاندا ئەترەت توختىدى.
ئالاھىدە ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئالغانلار ئالغا ئىلگىرىلەشكە باش-
لىدۇق. دەرۋازا ئالدىدىكى دۈشمەننىڭ ئىككى قاراۋۇلى بىر
قېلىپتا چەكلىك دائىرىدە مېڭىپ تۇراتتى. داۋۇت ئىككىمىز
دۈشمەن قاراۋۇلىغا 15 مېتىر، ئون مېتىر، ئاخىر بەش مېتىر
يېقىنلاپ باردۇق. كۆزنىڭ تون قاراڭغۇسى بىزگە چوڭ يار -
يۆلەك بولۇپ دۈشمەن بىزنى سەزمىدى. شەرتلىك بەلگە بولغان
مۈشۈك ئاۋازىنى كۈتۈپ ياتتۇق. بۇ كۈتۈشنىڭ ھەر بىر مىنۇتى
شۇ چاغدا ماڭا ھەپتە، ئايدەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى. ھاۋا خېلى
سوغۇق بولسىمۇ پېشانەمدىن چىلىق - چىلىق تەر قويۇلۇپ،
يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى بازغان ئۇرغاندەك ئېنىق ئاڭلىناتتى. مۈ-
شۈك ئاۋازىنىڭ بۇنچىلىك ئەتىۋارلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ
باقماپتىكەنمەن. دەرۋازا ئالدىدىكى ئىككى قاراۋۇل بىر - بىرىگە
يېقىن كېلىپ بىر نەرسە دېيىشتى ۋە قاغىنىڭ قانىتىدەك قاپقارا
تون قوينىغا كۆز تىكىپ ئەتراپقا سەپسېلىشقا باشلىدى. مەن
ئۇلار قانداقتۇر بىر شەپە ئاڭلاپ قالغان ئوخشىمامدۇ، بىز سېزى-
لىپ قالدۇقمۇ نېمە؟ دەپ ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتىم.
بىراق، ئۇلار دەرۋازا تېمىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، تامغا يۆلىنىپ
تەڭلا ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشى مېنى
شۇنچە خوش قىلدىكى، بۇ خۇشاللىقىمنى تەسۋىرلەشكە تىلىم
ئاجىزلىق قىلىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئارقا تەرىپىمىزدىن بىز تەقەز-
زالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان مۈشۈك ئاۋازى ئاڭلاندى. داۋۇتنى بىر
نۇقىدىم - دە، قاراۋۇلنىڭ ئۈستىگە ئېتىلدىم. داۋۇتمۇ مەن
بىلەن تەڭلا تاشلاندى. ئىككىمىز ئىككى قاراۋۇلنى قىسىرلاتماي
ئۆز جايىدىلا گېلىنى بوغۇپ ئۇجۇقتۇردۇق. دەل شۇ چاغدا سول
قولۇمنىڭ نامسىز بارمىقى ئېھتىياتسىزلىقتىن دۈشمەننىڭ ئاغ-
زىغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ جان ئاچچىقىدا بارمىقىمنى ئۈستىخانلىرى



بىلەن قوشۇپ چاينىۋەتتى. شۇ ئۇرۇشنىڭ تارىخىي گۇۋاھچىسى
سۈپىتىدە ھازىرمۇ شۇ بارمىقىم تارتۇق. بىز ھېلىقى شەرتلىك
مۈشۈك ئاۋازىنى چىقىرىشىمىز بىلەن تەڭلا پۈتۈن ئەترەت قوتانغا
تۆت ئەتراپتىن باستۇرۇپ كىرىپ، قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان دۈشمەن-
لەرنى ئۆز جايىدىلا يەر چىشلىتىپ قويدۇق. بىرىنچى قېتىملىق
جەڭ مانا مۇشۇنداق باشلىنىپ، تېز ئاياغلاشتى. بىز غەلىبە
قىلدۇق. خەلقنىڭ غەزىپى دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كەلدى.
مەن بوغۇپ ئۆلتۈرگەن قاراۋۇلنىڭ قولىدىكى بەش ئاتار مىلتىققا
ئىگە بولدۇم. بۇ ئۇرۇشتا ئەترىتىمىزدىكىلەر 95 دانە بەش ئاتار
مىلتىق، 16 دانە گېرمان ئاپتوماتى، بەش دانە مىنامىيوت، تۆت
دانە ماۋزۇر، ئىككى تاپانچا، كۆپلىگەن قول بومبىسى، ئوقلارنى
غەنىيمەت ئالدۇق. بۇ قوراللارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئەترى-
تىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى تېخىمۇ ئاشتى. ئېنىقلىشىمىز-
چە، بۇ دۈشمەن غۇلجىغا ئەۋەتىلگەن گومىنداڭ ھەربىي قوشۇنى-
نىڭ رازۋېدكا ليەنى ئىكەن. بىز بۇ جەڭنى غەلىبىلىك تۈگەتكەن-
دىن كېيىن، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، قارا بۇرا يەر-
لىك پارتىزانلىرىنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ، توققۇز تارا ناھىيە-
سىگە قايتتۇق.



## سۈيدۈڭدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ

ئىلىدا قوزغالغان مۇستەبىت گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قار-
شى مىللىي ئىنقىلابنىڭ ئوت يالقۇنى، مىللىي زۇلۇم ۋە ئېزى-
لىشنى يەتكۈچە تارتقان توققۇز تارا خەلقىنى ناھايىتى تېزلا ئويى-
غاتتى.
ئارا - گۈرجەك، تاياق - توقماقلار بىلەن قوراللانغان ھەر
مىللەت خەلقى توسۇپ بولمايدىغان شىددەتلىك ئىنقىلابىي بورانغا
ئايلاندى. تەڭداشسىز خەلق كۈچى توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يىمىرىپ تاشلاپ، ھاكىمىيەتنى قولغا
ئالدى. ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. ئىن-
قىلابىي كۈچلەرمۇ زورايدى. خەلق ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى-
نى تەشكىللىدى. ئىلى ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن دەھشەت
سېلىپ ئاچال ئارقىلىق كېلىۋاتقان گومىنداڭنىڭ ئالدىن ئەۋەت-
كەن رازۋېد ليەنىنى، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىغا جاي-
لاشقان قارا بۇرا رايونىدا توققۇزتارا پارتىزانلىرى توسۇپ زەربە
بېرىپ تارمار قىلدى. دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنغان قو-
راللار بىلەن قوراللانغان بىزنىڭ ئەترىتىمىز توققۇز تاراغا قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن (توققۇز تارادىكى ئىنقىلابىي پائالىيەت ۋە قارا
بۇرا رايونىدىكى جەڭ ئەھۋاللىرىنى «تۇنجى يۈرۈش» ناملىق
ئەسلىمەمدە تەپسىلىي يازغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ يەردە تەكرارلىمى-
دىم)، توققۇز تارا ناھىيىلىك ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى
تەرىپىدىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى.
بىرىنچى قىسىم توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ ئىچكى قىسىمى-
نىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش، ئىنقىلابنىڭ مېۋىلىرىنى مۇستەھكەم-

لەشكە قالدۇرۇلدى. يەنە بىر قىسىم تېخى ئازاد بولمىغان سىرتقى ناھىيە، شەھەرلەرگە ياردەمگە ئەۋەتىشكە مەن، داۋۇت يۈسۈپ، ھۈسىيىن، ئورازقان (قازاق)، ئىسمائىل، نۇردۇن قاتارلىق يۈزدەك ھەر مىللەت ياشلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر پىدائىي قوشۇن قىلىپ تەشكىللەندى. يۇقىرىدىكى ۋەقە 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بولغانىدى.

بۇ يىلقى قىش پەسلى ئىلگىرىكى يىلدىكىدىن بالدۇر يېتىپ كېلىپ، قار ئىنتايىن قېلىن ياغقانلىقتىن ناھايىتى قاتتىق سوغۇق بولغانىدى. ئەترەتتىكى پارتىزانلارنىڭ كىيىمى بەكمۇ يېلىڭ بولۇپ، ھەر خىل ئىدى. بەزىلىرى كۈرەك جۇۋا كىيىپ بېلىنى كۇلا (چىغ ئارغامچا) بىلەن باغلىۋالغان، بەزىلىرى كونا يىرتىق چەكمەن چاپان، يەنە بەزىلىرى بولسا پاختىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان قىسقا چاپان، يالاڭ ئىشتان، پۇتلىرىغا كۆندىن تىكىلگەن ئاياغ كىيىۋالغانىدى. باشلىرىغا كىيگىنىمۇ ھەر خىل بولۇپ، تولىمۇ قىزىقارلىق ئىدى. بەزىلىرى يىرتىق تۇماق، بەزىلىرى بىر قۇلىقى يوق قۇلاقچا، يەنە بەزىلىرى ھەر خىل رەڭلىك قالپاقلارنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغانىدى. «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ھەقىقىي ئادەم بار» دېگەندەك، بۇلار ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز جانلىرىنى بېغىشلىغان ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە پىدائىي قەھرىمان ئەزىمەتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىنقىلابنىڭ ئوتى يالقۇنجاپ تۇرغانلىقتىن، قاتتىق سوغۇقىمۇ پىسەنت قىلماي، سوغۇقنىڭ تەپتىدىن ئالمىدەك قىزارغان يۈزلىدىن نۇرلار يېغىپ تۇراتتى.

ئېتى بارلار ئۆزىنىڭ ئاتلىرىنى، ئېتى يوقلار باشقىلار ئىنقىلابقا تەقدىم قىلغان ئاتلارنى مىنىپ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى (جىڭساجۇي) قورۇسى ئىچىگە يىغىلغانىدۇق. مەن ئائىلىمىزنىڭ پۈتى ھەم قولى بولغان جىرەن ئېتىمنى مىنىپ سەپنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇردۇم. بىزنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كەلگەن



ئاتا - ئانىلىرىمىز، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز، توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقى، ئەر - ئاياللار، بالىلار، يۇرتنىڭ ئاقساقال مۆتىۋەرلىرى بىلەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى قورۇسىنىڭ ئىچى - سىرتى لىقمۇلىق تولغانىدى. قېرىلارنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنى گەرچە ئاپئاق قىرو باغلاپ مۇز توڭلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى مۇزلىغاندەك ھېس قىلمايتتى. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاتلانغان پەرزەنتلىرىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، روھلۇق، تېتىك ۋە مەغرۇر كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا سەپكە تىزىلىپ تۇرغان پىدائىي ئوغۇللارغا قىزىقىش، كۇلۇمسىرەش بىلەن قارىغان ئۈمىدلىك كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى. ئاقساقاللار ئىچىدىن توققۇز تارا ناھىيىلىك ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت باشلىقى ئابلىز ئاخۇنۇم ئالدىغا چىقىپ مۇنداق دېدى: «ئىنقىلابىي پارتىزان ئوغلانلار! سىلەرنىڭ جاسارىتىڭلار بىلەن توققۇز تارا ناھىيىسىنىڭ خەلقى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئۇزۇل - كېسىل ئازاد بولدى. ئىلى ۋىلايىتىدە تېخى ئازاد بولمىغان رايونلار بار، ئۇ يەردىكى خەلقلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا ئېزىلمەكتە. شۇڭا، سىلەرنى ئىلى ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى قوماندانلىقىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن غۇلجا شەھىرى، سۈيدۈڭ، كۈرە قاتارلىق ئالدىنقى ئۇرۇش سەپلىرىگە ئەۋەتمەكچىمىز. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، شۇ ئورۇننىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، قەھرىمانلىق خىسلىتىڭلارنى داۋاملىق جارىي قىلدۇرۇپ، توققۇزتارا خەلقىگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈپ، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەن غەلىبە خەۋەرىڭلارنى ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلىمىز.»

پارتىزانلار ئوڭ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھاياجان ئىلكىدە: «قەتئىي ئالغا باسىمىز! ھۇررا!» دەپ تۇۋلاشتى. كۆپچىلىك قىزغىن چاۋاك بىلەن: «سىلەرگە ئاللا يار بولسۇن!» دەپ



دۇئاغا قول كۆتۈردى. بۇ چاغدا ئاتلارنىڭ بۇرۇنلىرىدىن، ئادەملەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىقىۋاتقان ھورلار مەيدان ئىچىنى خۇددى ئاق تۇمان قاپلىۋالغاندەك تۈسكە كەلتۈرگەنىدى. ئاتلارنى ئاپئاق قىرو قاپلاپ كەتكەنلىكتىن رەڭگىنى تونۇغىلى بولمايتتى. خەلق تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئۆڭ جۇۋا (تاشلاقسىز تېرە جۇۋا)، ئاق قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا، پىيما قاتارلىق كىيىم - كېچەكلەر تارقىتىپ بېرىلدى. ئاپئاق ئۆڭ جۇۋا، ئاق قۇلاقچا، ئاتلارنىڭ ئاپئاق يۇپىقى بىرلىشىپ، بىر پارچە ھەيۋەتلىك قار دۆۋىسىگە ئوخشاش مەنزىرە پەيدا بولۇپ، دۈشمەندىن ئۆزىمىزنى يوشۇرۇشقا تازىمۇ ماسلاشقانىدى. ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش قىلغان ھەرقايسى پارتىزانلارغا ئۈچ مېتىردىن ئاق خەسە تارقىتىلىپ، بەللىرىگە باغلاندى. بۇ كېپەنلىك ئىدى. ئابلىز ئاخۇنۇم باشلىق كۆپچىلىك تەگبىر ئوقۇپ دۇئا قىلدى.

دادام مېنى سەپتىن ئايرىۋالدى. ئاكام مۇھەممەتمۇ دادام بىلەن بىللە ئىدى. «دادامنى يەنە رەنجىتىپ قويىدىغان بولدۇم» دېگەن ئوي بىلەن قاتتىق خىجىللىق ئىچىدە ئوڭايسىزلانغانىدىم، لېكىن دادامنىڭ ئويى ئويلىغىنىمنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولۇپ چىقتى.

— بالام، سېنىڭدىن ئايرىلىشقا يۈرىكىم چىدىمىغاچقا، ساڭا رازىلىق بېرىشتە كەسكىن بولالمىدىم. بۇنى كۆڭلۈڭگە ئالمىغىن، مەن پۈتۈنلەي رازى، — دېدى دادام.

دادام قاتتىق ھاياجانلانغانلىقتىن ئاۋازى تىترەپ چىقىپلا قالماستىن، ھەتتا ساقاللىرىمۇ تىترەۋاتاتتى. مەن «دادا!» دەپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. قارىسام ئاكاممۇ ماڭا ئۆزىنى ئاتىدىغاندەك تۇراتتى، مەن ئاكامنىمۇ قۇچاقلىۋالدىم. دادام:

— مېنىڭدىن خاتىرجەم بولغىن، سەن قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلساڭ مەن خۇشال بولىمەن، دۈشمەندىن قورقۇپ ھەرگىز قاچمىغىن، ئالدىڭدىن ئوق تەگسە رازىمەن، ئارقىڭدىن ئوق



تەگمىسۇن، مانا شۇندىلا مېنىڭ ئوغلۇم بولالايسەن، — دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. دادامنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش مەڭزىدىن ئېقىپ چۈشۈپ ساقاللىرى ئارىسىدا چوكا مۇز بولۇپ قېتىپ قالغانىدى.

دادامنىڭ بۇ مەردانە سۆزى ماڭا پۈتمەس - تۈگىمەس مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلاپ، ئىنقىلابىي روھىمنى يۇقىرى كۆتۈردى، غەيرەت - جاسارىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەلتۆكۈس يوقاتمىغۇچە فرونتتىن ھەرگىز قايتمايمەن دېگەن پولاتتەك ئىرادە قەلبىمدە مۇستەھكەم ئورۇن ئالدى. شۇڭا، ھەربىر ئۇرۇش مەيدانلىرىدا غەلىبىدىن - غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىدىم...

مەن يەرنى چاپچىپ ئالدىغا ئىنتىلىپ تۇرغان جىرەن ئېتىمغا مىنىش ئۈچۈن ئۈزەڭگىگە پۇتۇمنى ئالغىنىمدا، دادام قولتۇقۇمدىن تۇتتى، مەن ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىدىم، لېكىن دادام:

— سېنىڭ سەپىرىڭ ئۇلۇغ! مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئاتلاندۇراي، — دەپ قولتۇقۇمدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۇردى.

قارىسام ئەترەت خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىكەن، مەن تېخىچە قولىنى چۈشۈرمەستىن دۇئا قىلىۋاتقان دادام بىلەن ئاكامغا قاراپ:

— خوش دادا!، خوش ئاكا! — دېدىم - دە، ئېتىمنى چاپتۇرۇپ ئەترەتكە يېتىشىۋالدىم.

ئەترەت كىشىلەرنىڭ زوقى كەلگۈدەك تەرتىپلىك ئۈچ سەپ بولۇپ ھەيۋەت بىلەن ماڭماقتا ئىدى. پارتىزانلاردا قايغۇرۇش، زارلىنىشتەك ناچار ئىللەتلەر كۆرۈنمەيتتى، بەلكى ئۆزلىرىنى ھەرمىللەت خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئەزىمەتلەر دەپ قاراپ، مەغرۇرانە كەيپىياتتا خۇشال - خورام، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن ماڭماقتا ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى ئۈستى - بېشىدىكى قىروغا قاراپ تىرىك قار بوۋايغا ئوخشىتىپ قىزىقچىلىق

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

دۇق. چاۋاك سادالىرى ئىسكىلاتنىڭ ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈردى. مۇئاۋىن قوماندانىمۇ ھاياجانغا چۆمدى. ئۇ كىيىم - كېچەك ۋە قورال - ياراغلار ھەققىدە سورىدى. مەن: «توققۇزتارادىن مېڭىش ئالدىدا خەلق جۇۋا، قولاقچا، پىيما قاتارلىق كىيىملەر بىلەن تەمىنلىدى. كەم ئاتلىرىمىزنى تولۇقلىدى، كۆپىنچىسى پارتىزانلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرى. قورال بولسا گومىنداڭنىڭ چېرىكلىرىدىن تارتىۋالغان، ئەمما تولۇق ئەمەس» دېدىم. بۇنىڭدىن زۇنۇن تېيىپوف مەمنۇن بولدى ۋە كەم قورال - ياراغلىرىمىزنى تولۇقلاپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

* * * *

1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئەتىگەندىلا سۈيدۈڭ ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. كۆرەدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى بىزگە ئېغىر - يېنىك قوراللار بىلەن ئوت ئېچىپ، مېڭىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلغان بولسىمۇ، ئۇچقۇر ئاتلىرىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن چىقىمسىز، سالامەت ئۆتۈپ كەتتۇق. ھەقىقەتەنمۇ گومىنداڭنىڭ خېلى كۆپ قوشۇنلىرى سۈيدۈڭ سېپىلىنىڭ ئىچىگە تىقىلىۋالغانىكەن. 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى پەلىنوف (رۇس)، ئىسھاقبېك گېنېراللارنىڭ رەھبەرلىكىدە سېپىل ئىچىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا قارشى شىددەتلىك ھۇجۇمنى باشلىۋەتتۇق. سېپىل بىلەن سېپىل سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئارىلىقى 100 - 50 مېتىرچە، بەزى ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقى 30 مېتىرلا كېلەتتى. بىز ئۆيلەرنى دالدا قىلىپ تاملاردىن تۆشۈك ئېچىۋېلىپ، شۇ تۆشۈك ئارقىلىق سېپىلدىكى كۆرۈنگەنلا دۈشمەن قوشۇنىنى ماراپ ئېتىپ چۈشۈرەتتۇق. ئەمما، بىزدە سېپىلنى بۇزالىغۇدەك چوڭ قوراللار بولمىغانلىقتىن، سېپىلنى بۇزۇپ كىرىپ ئىلگىرىلىيەلمىدۇق. ئا-



خىر سۈيدۈڭ باش شتاب قوماندانلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، سېپىلنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن سېپىلغا يامىشىپ چىقىش ئۈچۈن، بىزنىڭ ئەترەتتىكىلەر بىر دانە شوتا تەييارلاپ سېپىلگە قويۇپ يۇقىرىغا ياماشتۇق.

دۈشمەنلەر بىزنىڭ بۇ تەدبىرىمىزدىن خەۋەر تېپىپ، سېپىلدىن سىرتقا چىقىپ تۇرغان پوتەيلىرىدىن پىلموت، ئاپتومات ۋە مىلتىقلىرى بىلەن ئوت ئاچقانلىقتىن، شوتىغا ياماشقان سەككىز پارتىزاندىن بەشى قۇربان بولدى. بۇلاردىن ئىككىسى قىرغىز مىللىتىدىن، بىرى (ئورازقان، قازاق) توققۇزتارادىكى باقى پالەك مەھەللىسىدىن، قالغان ئىككىسى شۇ يەرلىك پارتىزانلار ئىدى. بىر پارتىزان يارىدار بولدى (ئۇ ئۆزبېك ئىدى). داۋۇت ئىككىمىز يارىدارلارنى ئېلىپ چېكىنىپ، بىخەتەر جايغا كېلىۋالدۇق. سېپىل ئاستىدا قالغان جەسەتلەرنى سېپىل ئۈستىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى كەندىرنى مايغا چىلاپ ئوت تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. سەپداشلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەن، داۋۇت يۇسۇپ ۋە بىر قانچە پارتىزانلار ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغان ھالدا سېپىل تۈۋىگە قويۇندەك ئېتىلىپ بېرىپ، ھەرقايسىمىز بىردىن جەسەتنى ئېلىپ چىقتۇق.

مەن ئورازقاننىڭ جەسىتى بىلەن مىلتىقىنى ئېلىپ كېلىۋېتىپ، پارتىزان ئەترىتىمىز تۇرغان بىخەتەر جايغا ئاز قالغاندا پۇتلىنىپ يىقىلىپ چۈشتۇم. مەن دۈشمەننىڭ سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مىدىرلىماي خۇددى ئۆلگەندەك يېتىۋالدىم، دۈشمەنمۇ ئالداندى. سەپداشلىرىم مېنى قۇتقۇزماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم - دە، جەسەتنى كۆتۈرۈپ بىخەتەر جايغا كېلىۋالدىم. دېمەك، بىزنىڭ بۇ شوتا بىلەن سېپىلغا يامىشىپ چىقىش ئۇسۇلىمىز 20 - ئەسىر قوراللىرى ئالدىدا مەغلۇپ بولدى. نۇرغۇنلىغان قۇربانلارنى بەردۇق. بەزى پارتىزانلىرىمىز



بىزدە سېپىلنى بۇزالىغۇدەك چوڭ قوراللار بولمىسا، سېپىل ئىچىگە قانداقمۇ كىرەرمىز؟ تۆكۈلگەن قانلار بىھۇدە ئاقارمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتىدا بولدى. ئەمما، «مەغلۇبىيەت غالىبىيەتنىڭ ئانىسى» دېگەن بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىپ، قايتىدىن قەددىمىزنى رۇسلىدۇق. ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىرادىمىزنى چىڭىتىپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتتۇق ۋە سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، سادىر پالۋان بوۋىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن لەخمە كولاپ سېپىلنى دورا بىلەن پارتلىتىپ ئېغىز ئېچىش ئۇسۇلى كارغا ياراپ قالدى. سېپىلنىڭ غەربىي دەرۋازىسى يېنىغا 50 مېتىر كېلىدىغان ئائىلىلىكلەرنىڭ قورۇسىدىن بىرنى تېپىپ، ئۇنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ لەخمە كولىدۇق. قاۋۇل پارتىزانلاردىن ئون نەچچىنى تاللاپ، ئۇلارنى ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىپ، ناھايىتى تېز كولاپ، بىر يېرىم سوتكا ئىچىدە سېپىلنىڭ ئاستىغا يەتكۈزدۇق. ئۇنىڭغا قورغاس تەرەپتىن كەلتۈرۈلگەن قازاق چانىسىدا بىر چانا دورىنى (مىلتىق دورىسى) ئورۇنلاشتۇرۇپ، پىلتىگە ئوت ياقتۇق.

موگوتنوف پارتىزانلىرى سېپىلدىن 100 مېتىر يىراقلىقتىكى بىر تۈزلەڭلىكتە، بىزمۇ قار ئۈستىدە قوراللىرىمىزنى قۇچاقلىغان ھالدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، خۇددى مۈشۈك چاشقاننى ماراپ تۇرغاندەك دورىنىڭ پارتلىشىنى كۈتتۇق. ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇكى، شۇ كېچىلىك ئورۇشتىكى ئۆزئارا تونۇشۇش بەلگىسى (پوروسكا) ئاپتومات قايتۇرمىسى «زاتۇر» ئىدى. ئەڭ مۇھىم بىر غايىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، جىددىي كەيپىيات ئىچىدە تۇرغان كىشىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنىڭ تېزلىكى بەدەننىڭ ھارارىتىنى يۇقىرى ئۆرلىتىپ، سوغۇققا ۋە ھەرقانداق قورقۇنچلارغا قارشى بىر خىل كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا قىلىدىكەن. بىز سوغۇقتىن جالاقلاپ تىترەش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە چىپىلداپ ئىسسىق تەرلەيتتۇق. كېچىدىكى شۇنداق قاتتىق سو-



غۇقتا سائەتلەپ قار ئۈستىدە جىم تۇرۇش ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى.

بىز تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن مىنۇتلار ئاخىر يېتىپ كەلدى!

ئاجايىپ بىر قورقۇنچلۇق گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ دورا پارتلاپ. يەر - زېمىن تىترەپ ھاۋانى پۈتۈنلەي توپا - چاڭ قاپلاپ كەتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سېپىلدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن توپا بېشىمىزغا قويۇلاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىككى دەرۋازا چوڭلۇقىدا ئېچىلغان يوچۇقتىن سېپىل ئىچىگە قاراپ شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتۇق. بۇ ۋاقىت دەل 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تۈن يېرىمىدىن ئاشقان چاغ ئىدى. ھەيۋەتلىك پارتلاش، ھۇجۇم سىگنالى، پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكەن چاغدىكى ھۇررا سادالىرى سېپىل ئىچىگە تىقىلىۋالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى گەرچە يۈرەكلىرى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك قورقىتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يارىلانغان يىرتقۇچلاردەك جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. بىزنىڭ قەھرىمان پارتىزانلىرىمىز دۈشمەنلەرنىڭ ھەر خىل قارشىلىقلىرىنى يىمىرىپ تاشلاپ غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەيتتى.

پارتىزان ئەترىتىمىزنىڭ ھۇجۇم قىلىش يۆنىلىشىدە، سېپىل ئىچىدىكى گومىنداڭ شەنجىڭفۇ (ھاكىم مەھكىمىسى) قورۇسىنىڭ جەنۇبىي بۇلۇڭىغا ئورۇنلاشقان پوتەيدىن ئېتىلغان پىلىموتنىڭ ئوقى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزنى توستى. بۇ جاي بىزنىڭ مۇھىم ھۇجۇم نىشانىمىزنىڭ بىرى بولغانلىقتىن، ئەگىپ ئۆتۈشكە بولمايتتى. شۇڭا، پوتەينى پارتلىتىش كېرەك ئىدى. ئەمما، قانداق پارتلىتىش كېرەك؟ مەن يېنىمدا تۇرغان داۋۇتتىن مەسلىھەت سورىماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا قارىۋىدىم، ئۇ يوق ئىكەن. مەن بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرغىنىمدا، پوتەي پارتلى-

دى! كېيىن بىلسەم داۋۇت بۇ مەسىلىنى مەندىن بالدۇر ئويلاپ، دۈشمەنگە تۇيدۇرماي پوتەينى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئارقا تەرىپىدىن قول بومبىسى بىلەن پوتەينى پارتلاتقانىكەن. بىز ناھايىتى تېزلىك بىلەن شەنجىڭفۇ قورۇسىغا بۆسۈپ كىرىپ، بىگۇناھ قاماقتا ياتقان نۇرغۇن كىشىلەرنى قۇتقۇزىۋالدۇق.

ھەربىر كوچا - دوقمۇشلارنى، ھەر بىر ئىمارەت - قورۇلارنى بىز قاتتىق ئۇرۇش بىلەن ئالدۇق. توققۇزتارا ناھىيىلىك پارتىزان ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ياقۇپنىڭ كانىيىغا بىر قورۇنىڭ سول تەرەپتىكى دېرىزىسىدىن ئېتىلغان ئوق تېگىپ يارىلاندۇردى. ئۇنى كىشىلەر كېيىن «ياقۇپ تۆشۈك» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتايدىغان بولدى. ھەقىقەتەنمۇ ياقۇپ كېيىنكى كۈنلەردە ئوق تەگكەن يېرىنى بىر قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى، ئەگەر ئۇ تۆشۈكنى قولى بىلەن ئېتىپ تۇرمىسا، سۆزى تۆشۈكتىن چىقىپ كېتىپ، ئاغزىدىن چىقمايتتى. يۈسۈپ دېگەن يەنە بىر پارتىزاننىڭ ئالقىنىغا شۇ نۆۋەت ئوق تەگكەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «يۈسۈپ چولاق» دەيدىغان بولدى.

بەزى ئۆيلەرگە بومبا چۈشۈپ ئوت كەتتى. بەزى ئۆيلەرگە ۋە ئىسكىلاتلارغا گومىنداڭچىلار ئۆزلىرى جاھىللىق بىلەن ئوت قويۇۋەتتى. ئوت يالقۇنلىرى پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ، كۆز ئالدىمىزدا خۇددى شەھەر ۋۇلقان ئىچىدە قالغاندەك مەنزىرە پەيدا بولاتتى.

قورۇنىڭ ئىچىدە ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. بىز ئەمدىلا ئوت ئۆتىشىۋاتقان بىر ئۆيگە بۆسۈپ كىردۇق. ئۆيدە ئانا - بالا بولۇپ بەش جان يوتقانغا بېشىنى ئوراپ قىيا - چىيا قىلىشىپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقانىكەن. بىز ئۇلارنى ساق - سالامەت قۇتقۇزۇۋالدۇق.

شۇ قېتىمقى جەڭدىكى پارتىزانلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىقى، جەسۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ ئالغا بېسىشى قوماندانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. جىددىي، لېكىن تەرتىپ-



لىك، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن شىددەتلىك ئالغا ئىلگىرىلەيتتۇق. توققۇزتارا ناھىيىسىدىن كەلگەن پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئەزاسى داۋۇت يۈسۈپنىڭ مۇشۇنداق شىددەتلىك جەڭدە قازاقچە:

«سېپىل، سېپىل، سېپىلاي،
بىز بۇزامىز سېپىلاي.
ئامال بارما قاراغىم،
ئايرىلدىغاي زىپىماي.»

دەپ ناخشا ئېيتىپ، قولىدىكى ئاپتوماتىنى سايرىتىپ، دۈشمەنلەرنى يەر چىشلىتىپ ئالغا بېسىۋاتقانلىقى پارتىزانلارنىڭ جەڭ قىلىش روھىغا چەكسىز ئىلھام بېرەتتى (داۋۇت يۈسۈپ قازاقچە جىرنى ياخشى ئېيتاتتى، ئۇ قازاق تويلىرىدا، قىز - يىگىتلەرنىڭ ئېيتىشىشلىرىدا زادى يېڭىلىپ باقمىغانىدى). داۋۇت يۈسۈپ كېيىن شىخۇ ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەنگە ئوخشاش مانا مۇشۇنداق قۇربان بېرىشلەر ئارقىلىق جاپالىق جەڭ قىلىپ، 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاش ۋاقتى بىلەن سۈيدۈڭ شەھىرى تولۇق ئازاد قىلىندى.

1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئەتىگەندىلا توققۇزتارادىن كەلگەن پارتىزان ئەترىتىمىز كۈرەنى ئازاد قىلغۇچى پارتىزان قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە كۈرەگە يۈرۈش قىلدۇق. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن پالتىيوف، نوغايبايوف قاتارلىق كوماندىرلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كۈرە سېپىلىنى قورشىۋالدۇق. كۈرە سېپىلى ناھايىتى مۇستەھكەم سېلىنغان بولۇپ، سۈيدۈڭ سېپىلىغا قارىغاندا كەڭ ھەم ئېگىز ئىكەن. سېپىلنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەربىر پوتەي ئىنتايىن پۇختا ئىكەن. بىز



كۈرە سېپىلىنى قورشاۋغا ئېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا كۈرەدىكى (سېپىل سىرتىدىكى) يولداش توختى «ناپالىئون» قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار كىشىلەر يەرلىك پارتىزان قوشۇن تەشكىللەپ، سېپىل ئەتراپىدا خەندەك ۋە ئاكوپلارنى كولاپ، مۇستەھكەم ئىستىھكاملارنى ھاسىل قىلىپ، ئۆزىدىكى بار بولغان قوراللار بىلەن ئېتىشىپ، كۈرەدىكى گومىنداڭ كۈچلىرىنى سېپىلدىن چىقىپ سۈيدۈڭدىكى گومىنداڭ كۈچلىرىگە ياردەم بېرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن سېپىل ئىچىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە قىلىپ «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» نىڭ «قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولغانلارنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلىش، تۇرمۇشىغا چىقىش يولى بېرىش» قاتارلىق ئىنسانپەرۋەرلىك سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىۋېتىپتىكەن. ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، تارقاق ھۇجۇم قىلىشتىن ساقلىنىپ، سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ ئازاد بولۇشىنى ۋە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھۇجۇم قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بۇ «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئورۇنلاشتۇرغان تاكتىكىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن تەدبىر ئىدى.

بىز (توققۇز تارا ناھىيىسىدىن كەلگەن پىدائىي پارتىزان ئەترىتى) سېپىلنىڭ شەرقىي شىمال دەرۋازىسىدىن 150 مېتىر كېلىدىغان جايدا يەرلىك پارتىزانلار ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئاكوپ - خەندەكلەرگە ئورۇنلىشىپ، سېپىلغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندۇق.

سۈيدۈڭ ناھىيىسى ئازاد بولغاندىن كېيىن، قوماندانلىقنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئۇرۇش جەريانىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئىجابىي تەرەپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، سەلبىي تەرەپلەرنى ساۋاق قىلىپ، ئۇرۇشتىكى ئىلغار ئۇسۇللارنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھاكىمە قىلدۇق.



ئۇرۇش يا مەن تۇرىمەن، يا سەن تۇرىسەن، يا سەن ئۆلىسەن، يا مەن ئۆلىمەن دېگەندىن ئىبارەت مەنتىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پارتىزانلىق ئۇرۇشىدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنى يوشۇرۇپ، دۈشمەنلەرنى كۆپ چىقىمغا ئۇچرىتىپ، دۈشمەن سېپىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۆز كۈچىنى ساقلاپ، پەيتى كەلگەندە ئاتاكىغا ۋە قۇچاقلاشما جەڭگە ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر، ھېسسىياتقا بېرىلىپ، جىر جىرلاپ، ناخشا ئېيتىپ، ھەركىم ئۆز ئالدىغا مەيدانغا چىقىدىغان بولسا، ئۆزىمىزنى ھالاك قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ يەتتۇق. مەسىلەن، پارتىزان ياقۇپنىڭ قەھرىمانلىق كۆرسىتىشىدە گەپ يوق. بىراق، ئۇ ئۆزىگە ئېھتىيات قىلمىدى، ئىمكانىيەت يار بەرمىگەن ئەھۋالدا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ مەيدانغا چىقتى. نەتىجىدە، يوشۇرۇنۇپ تۇرغان دۈشمەن تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچرىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا بولسامىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدىم. گەرچە، داۋۇت يۈسۈپكە ئوق تەگمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇسۇلى توغرا بولمىدى، ئۇنىڭ ئۆزىنى يوشۇرۇشقا ئىمكانىيىتى بار تۇرۇقلۇق، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا مەيدانغا چىقىپ، ئۆرە تۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ ئاپتوماتتىن ئوق ئۈزدى، بۇنى كۆرۈپ پارتىزان ياقۇپنىڭ تەقدىرى ئېسىمگە كەلدى - دە، ناھايىتى تېزلىكتە يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى تارتىپلا تامنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ كەلدىم. ھېلىمۇ تەلىيىمىز بار ئىكەن، بىز تامنىڭ دالدىسىغا ئۆتىشىمىز بىلەنلا داۋۇت يۈسۈپ ئۆرە تۇرۇپ ئوق ئاتقان يەرگە دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى مەركەزلىشىپ قاپتۇ. ئۇنى دالدىغا ئېلىپ كەلگىنىمدە، قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتقان داۋۇت يۈسۈپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تىنچلاندى. ئۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندەك ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە يېپىشىپ قالغان ئىس - تۈتەك ۋە چاڭ - تۇزانلار يۈزلىرىدىكى تەرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇنى غەلىتە بىر قىياپەتكە كىرگۈزۈپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما ماڭا

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

لەرنى ئۆزلىرىگە يۇقتۇرۇۋالغانىكەن. ئەر بولغۇچى گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرى بۇ ئاياللارغا زۇلۇم سېلىپ تىل - هاقارەت، تاياق ئاستىدا تۇتۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىلى سۇنۇق، چىرايلىرى زەپىرەڭدەك سارغايغان، ئورۇقلىقىدىن بەئەينى «ئىسكىلىت» قا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇلاردىن گەپ سورىسىڭىز، قەپەزدىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىپ كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكەتتى. بىز «ۋاقىتلىق هۆكۈمەت» نىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئۇلارنى ئۆز ئارزۇلىرىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇردۇق.

قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ياشلارمۇ بار ئىكەن. كۆرەگە كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا ئۇلارنىڭ بەش - ئالتە يۈزچە ئادىمى بولسىمۇ، كۆرە مۇهاسىرىگە ئېلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى پارتىزانلار ئەترىتىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاز بىر قىسمى هەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشكىنى ئىككى - ئۈچيۈزدەك ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپى جەنۇبلۇق بولۇپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، پارتىزانلار تەركىبىگە ئۆتتى. قالغان ئاز بىر قىسمى خەلققە قوشۇلۇپ دېهقان بولۇپ كەتتى. بىزنىڭ سېپىمىزدە قالغانلىرى كېيىنكى ئۇرۇشلاردا خىزمەت كۆرسەتتى. بەزىلىرى مەمۇرىي ۋە سىياسىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

بىز بۇ بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى «ۋاقىتلىق هۆكۈمەت» نىڭ سىياسەتلىرىگە ئاساسەن ئادىللىق بىلەن ئىشلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، كۆرە خەلقى مەيلى قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز تىجارەتلىرىنى قىلىشىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈدىغان بولدى. دېمەك، كۆرە ناهىيىسىدە تىنچ ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، سېپىل دەرۋازىسى كېچە - كۈندۈز ئېتىلمەيدىغان بولدى.



## ئۇنتۇلماس بىر كۈن

قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، بۇنىڭدىن 45 يىل بۇرۇنقى مۇنۇ بىر ئىش ئېسىمدىن زادىلا چىقمايدۇ.

1948 - يىلى سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ باشلىرى ئىدى. مەن شىخۇ 40 - پولك 3 - باتالىئون 9 - روتىنىڭ كوماندىرى ئىدىم. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش ئالدىنقى سەپ قىسىملىرى شىخۇ ناهىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا 60 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورمانباغ (بۇ يەرنىڭ ئەسلى نامى يەنسخەي بولۇپ، شۇ چاغدا هەربىي مەخپىيەتلىك ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان) نىڭ قېلىن ئورمانلىرى ئىچىگە مۇستەهكەم ئورۇنلاشقانىدى. ئالدىنقى سەپ قىسىملىرى جەنۇبتا قارا تۇڭگەنىڭ كۆك چولاق دېگەن يېرىدىن شىمالدا چولاق تېرەك ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ قۇملۇقلىرىغىچە قورۇلغان ئىستىهكاملاردا جەڭگىۋار هالەتتە تۇراتتى. بۇ مەزگىلدە گومىنداڭ هۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت «ۋاقىتلىق هۆكۈمەت» تى تۈزگەن «ئون بىر بىتىم» گە، گومىنداڭ قەستەن ئەمەل قىلمىغانلىقتىن، ئىككى تەرەپ قىسىملىرى جىددىي ئۇرۇش هالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا، قىسىملار بىر تەرەپتىن هەربىي مەشىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، هەر خىل ئىستىهكاملارنى جىددىي ياساش ئارقىلىق مۇداپىئەنى كېچە - كۈندۈزلەپ مۇستەهكەملەيتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەهبەرلەر ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىنىڭ ئەهۋالىنى تەكشۈرۈشكە كېلىدىكەن، دېگەن خەۋەر



يەنسخەيدىكى جەڭچىلەر ئارىسىغا چاقماق تېزلىكىدە تارقالدى. شۇ كۈنى مەن باتالىئون دېژۇرنىيسى ئىدىم. پولك كوماندىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قىسىمنىڭ جەڭگىۋار هالىتىدىن ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەهبەرلەرگە دوكلات قىلىشقا تەييارلاندىم. قاتتىق هاياجانلانغىنىمدىن بولسا كېرەك، نېمىنى، قانداق دوكلات قىلىش زادىلا ئېسىمگە كەلمەيۋاتاتتى. چۈنكى، ئۆزۈمدىن بېرى بۇ ئۇلۇغ زاتنى كۆرۈشكە شۇنچىلىك تەشنا بولغان بولسامۇ، شۇ چاغقىچە كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بۇ رەهبەرنىڭ سۆزلىرىنى پەقەت گېزىت يۈزىدىن كۆرۈپ، سىياسىي يېتەكچىلەرنىڭ دوكلاتلىرىدىن ئاڭلىغانىدىم.

ئۇ كىشىگە نىسبەتەن قەلبىمدە ئىنتايىن چوڭقۇر هۆرمىتىم ۋە بىر كۆرۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى. ئاشۇ ئارزۇيۇم بۈگۈن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولغاچقا، هاياجىنىمنى بېسىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىيىنغا توختىدى بۇ خىل هاياجان يالغۇز مېنىڭلا ئەمەس، بارلىق جەڭچىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن جەڭچىلەر بىر تەرەپتىن ئۆز ئىشلىرىنى زور تىرىشچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەخمەتجان قاسىمىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. بىر چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسهاقبېك ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ باشلىق بىر قانچە رەهبەرنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرىنىڭ هەمراهلىقىدا پىيادە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن هاياجىنىمنى ناهايىتى تەستە باستىم ۋە هەربىي قائىدە بويىچە هۆرمەت قەدەم بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قىسىمنىڭ جەڭگىۋار هالىتىدىن قىسقا دوكلات بەردىم. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىگە يارىشىملىق ماشرەڭ هەربىي فورما، پۇتىغا هەربىيچە سېرىق خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ دوكلاتىمنى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىدى. ئاندىن مەيداندا هۆرمەتتە تۇرغان جەڭچى - ئوفىتسېرلاردىن: «جەڭگى-



ۋار جەڭچى - ئوفىتسېرلار، سالامەتمۇ سىلەر؟» دەپ ئەهۋال سورىدى. جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ «ۋەزىپە ئۆتەشكە تەييارمىز!» دېگەن جەڭگىۋار جاۋابى پۈتۈن يەنسخەي ئاسمىنىنى جاراڭلىتىۋەتتى. دەرەخلەرگە قونۇپ، ۋىچىرلىشىپ مۈگدىشىۋاتقان قۇشلارمۇ خۇددى ئەخمەتجان ئەپەندىگە هۆرمەت بىلدۈرگەندەك تەڭلا قانات قېقىپ كۆككە پەرۋاز قىلىشتى.

ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسهاقبېك ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار پۈتۈن قىسىمنىڭ جەڭگىۋار هالىتىنى، ئاكوپ - لەخمىلەرنى، جەڭچىلەرنىڭ ياتىقى، تامىقى، هەتتا ئورۇن - كۆرپىلىرىنى تەپسىلىي كۆزدىن كۆچۈردى. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان جەڭچىلەر چىن يۈرىكىدىن سېغىنغان ئاتا - ئانىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندەك هېسسىياتتا بولۇپ، كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى. رەهبەرلەر جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋار هالىتىنى، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە كۆتۈرەڭگۈ روهىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارىدا ئەخمەتجان قاسىمى سۆز قىلىپ: «قىسىمدىكى بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ مۇشۇنداق يۈكسەك جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ، ئۆز ئىستىهكاملىرىنى هوشيارلىق بىلەن قوغداپ تۇرغانلىقتىن، ئارقا سەپتىكى خەلقىمىز خاتىرجەم ياشىماقتا. لېكىن، دۈشمەننى تەۋەككۈلچىلىك قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، هوشيارلىقىمىزنى هەسسىلەپ ئۆستۈرۈپ، جەڭگىۋارلىقىمىزنى بىردەممۇ بوشاشتۇرماسلىقىمىز كېرەك. پات ئارىدا يەتتە ۋىلايەت تەلتۆكۈس ئازاد بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتا هەممىمىز تېخىمۇ خاتىرجەم بولىمىز...» دېدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ قىزغىن هۆررا سادالىرى پات - پات ئۈزۈپ قوياتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئاشۇنداق ئالقىش سادالىرى ئىچىدە سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، باشقا رەهبەرلەر بىلەن بىللە پولك شتابىغا قايتىپ كەتتى.

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن پولك شتابىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ۋوزۋودتىن يۇقىرى دەرىجىلىك بارلىق ئوفىتسېرلار پولك شتابىنىڭ ئورمان ئىچىگە ئاددىي قىلىپ ياسالغان يازلىق كۈلۈبى ئالدىغا يىغىلدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە سەھنىگە چىقتى. سەھنىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىگە ئورنىتىلغان تاختىغا جۇڭگو خەرىتىسى ئېسىلغان بولۇپ، ھەممىمىز قانداقتۇ بىر جىددىي ۋەزىيە ياكى بۇيرۇق بېرىلىدۇ، دېگەن ئويدا ئىدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قولىغا ئىنچىكە چىۋىق تۇتقان ھالدا سالماق قەدەم بىلەن خەرىتە ئالدىغا كېلىپ: «ھۆرمەتلىك ئوفىتسېرلار، كوماندىرلار، بۈگۈن سىلەرگە يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئۇرۇش غەلىبىلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەرمەكچىمەن» دېدى.

ئابدۇكېرىم ئاببباسوۋنىڭ سۆزى قىزغىن چاۋاك بىلەن ئالقىشلاندى. ھەممىمىز ئۇنىڭ سۆزىگە پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتۇق . ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ ئالدى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «ئون بىر بېتىم» نى بۇزغانلىقى، يەتتە ۋىلايەت خەلقىگە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرى، خەلقنىڭ گومىنداڭغا قارشى كۆرەشلىرى ئۈستىدە توختالدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بىر ياقتىن ئاڭلاپ، بىر ياقتىن تەھلىل قىلاتتىم. بۇ چاغدا مېنىڭدە «بىز تاكتىكا ـ ئىستراتېگىيە جەھەتلەردە ئوڭۇشلۇق شارائىتقا ئىگە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش پەيتى بىزنىڭ قولىمىزدا، ئەكسىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كەلگەندە ‹ئون بىر بېتىم› تۈزۈلدى، ئەمدى بولسا گومىنداڭ تەرەپ ‹ئون بىر بېتىم› نى قەستەن بۇزۇپ، خەلققە زۇلۇم سېلىپ، تۈگىمەس بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈۋېتىپتۇ. بىز نېمە ئۈچۈن پاسسىپ مۇداپىئەدە تۇرىمىز، ھۇجۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرمەيمىز» دېگەندەك چىگىش خىياللار



پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئابدۇكېرىم ئاببباسوۋ سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ھالىتىمىزنى سەزگەندەك: «جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق قوشۇنى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پىلانلىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق بازىسى يەنئەندىن 1947 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا چېكىنىپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىنى يوقاتتۇق دەپ چالۋاقاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۇلار چوتنى خاتا سوقتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەل قىلغۇچ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ يەنئەننى قايتۇرۇۋالدى، خۇاڭخېنى كېسىپ ئۆتۈپ شەرققە يۈرۈش قىلدى...» دېدى. ئۇ پۈتۈن ئۇرۇش سېپىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى، ئازاد رايونلارنى قولدىكى چىۋىق بىلەن خەرىتىدىن بىر ـ بىرلەپ كۆرسەتتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىكى شانلىق غەلىبىلىرى، جاي ئىسىملىرى، دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن ئەسىر چۈشكەنلەر، ئەسىرلەر ئۆلگەنلەرنىڭ سانى، ھازىر ئۇرۇشنىڭ نەلەردە بولۇۋاتقانلىقى، دۈشمەننىڭ قايسى قىسىملىرى تارمار بولغانلىقى قاتارلىقلارنى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ئېنىق قىلىپ سۆزلەيتتى. ئۇ بىزنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتمەي تۇرۇشىمىزنىڭ سەۋەبىنى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بارلىقىنى، ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرغاندا نۇرغۇن قان تۆكۈلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بىز مۇداپىئەدە تۇرساق گومىنداڭنىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشقا ئۇرۇش مەيدانلىرىغا يۆتكىيەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشى ئوخشاشلا بىزنىڭمۇ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز بولىدىغانلىقى، غەلىبە نىشانىمىزنىڭ يەنىلا بىر ئىكەنلىكىنى ناھايىتى جانلىق قىلىپ سۆزلىدى.



مەن پەقەت شۇ چاغدىلا جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەققىدە دەسلەپكى ساۋاتقا ئىگە بولدۇم، شۇنداقلا بىزنىڭ مۇداپىئەدە تۇرۇشىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنى تولۇق تەسلىم قىلىشقا قىستاش ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندىم. بۇ مەندە ۋە بارلىق ئوفىتسېرلاردا پەيدا بولغان يېڭى بىر چۈشەنچە ئىدى. بىزنىڭ بۇ خىل ھېسسىي بىلىشىمىز 1949 ـ يىلى مىللىي ئارمىيە بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلارچە قوشۇلۇشىدەك ئەمەلىيەت ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلاندى.

شۇ كۈنى كەچتە 2ـ ئازاد نىشانلىق پولكنىڭ يەر ئاستى كۈلۈبىدا ۋوزۋودتىن يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىر، سىياسىي يېتەكچىلەر قاتناشقان يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا ئەخمەتجان قاسىمى سۆز قىلىپ، ئابدۇكېرىم ئاببباسوۋنىڭ دوكلاتىنى بارلىق ئوفىتسېرلارنىڭ ياخشى ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ: «بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى ـ بىزنىڭ دوستىمىز (بىزنىڭ دۈشمىنىمىز گومىنداڭ، گومىنداڭنىڭ دۈشمىنى گۇڭچەنداڭ، گۇڭچەنداڭ — بىزنىڭ دوستىمىز)» دەپ ئابدۇكېرىم ئاببباسوۋنىڭ پۈتۈن دوكلاتىدىن ناھايىتى يۇمۇرلۇق قىلىپ خۇلاسە چىقاردى. يەنە ئىنتىزامچانلىقنى، جەڭگىۋارلىقنى ئۆستۈرۈشىمىزنى تەكىتلىدى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇ ئۈچ مەسىلىنى قىسىمنىڭ جىددىي ۋەزىپە قاتارىدا ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى ھەققىدە كونكرېت يوليورۇق بەردى:

1 . ئارمىيىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك مەسىلىسىنى بايلاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ ھەل قىلىشتەك ئەھۋالنى ئىمكانىيەت بار ئازايتىش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆز ـ ئۆزىمىزنى تەمىنلەشنى يولغا قويۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن قىسىملاردىن بىر بۆلۈك كۈچ ئاجرىتىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش.



2 . قىسىمدىكى جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساۋات چىقىرىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، بىلىم ئاشۇرۇش، بۇ ئىشنى ئەمەلىي پىلان ۋە تەدبىر تۈزۈپ ئىجرا قىلىش.

3 . قىسىمدىكى بارلىق ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر ھەربىي مەشىقنى كۈچەيتىپ، ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، سىياسىي ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە مەملىكەت ۋەزىيىتى ھەققىدە توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يوليورۇقى كۆپ ئۆتمەيلا قىسىملار دائىرىسىدە ئەمەلىيلىشىشكە باشلىدى . پولك شتابى شۇ يىلى كۈزدىلا بىر قىسىم كۈچلەرنى ئاجرىتىپ، شىخۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق بۆرتۇڭگە دېگەن يەردە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ ئىش باشلىدى، شىخۇ ناھىيىسىدە شوپۇرلار كۇرسى ئېچىپ، بىر قىسىم جەڭچىلەرنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى، قىسىمدىكى سىياسىي تەشۋىقات ئىشلىرىنى جانلاندۇردى. بۇ ھال قىسىملارنىڭ قىياپىتىدە زور يېڭىلىنىشنى بارلىققا كەلتۈردى.

## دۈشمەننى قاپساپ يوقىتىش

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئىلقا، توققۇزتارا، تېكەس،
موڭغۇلكۈرە ۋە غۇلجا قاتارلىق شەرقىي بەش ناھىيە ۋە بىر
شەھەردىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئەركىنلىك،
ئازادلىق بايرىقى ئاستىدا ھەرقايسى جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن
ۋاقىتلىق ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ تەنتەنە قىلدى. بۇ غەلىبە
خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، روھىنى ئۇرغۇتتى.
ھەرقايسى ناھىيىلەر گومىنداڭنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان قو-
راللار بىلەن قوراللانغان پىدائىي ئەترەتلىرىنى قۇرۇشقا مۇۋەپپەق
بولدى. بۇ ئەترەتلەر ئازاد بولمىغان رايونلارغا يۈرۈش قىلدى.
بىزنىڭ توققۇزتارا ناھىيىسىدىن كەلگەن ئاتلىق ئەترەت غولجا
شەھىرىنىڭ 3 - ئىسكىلاتى (ھازىرقى ئىسھاقبېك كولوبى ئور-
نى) غا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. بۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى
ئىنتايىن كەسكىن ئىدى. ئازراقلا بىپەرۋالىق قىلىنسا قولغا
كەلتۈرگەن غەلىبە مېۋىلىرىمىز يوققا چىقاتتى. چۈنكى، گومىن-
داڭ غولجا شەھىرىنىڭ ھەرەمباغ، لەڭشاڭ، ئايرودروم قاتارلىق
جايلىرى ۋە سۈيدۈڭ، كۈرە قاتارلىق ناھىيىلەرگە تىقىلىۋالغان
قوراللىق قىسىملىرىغا شىخۇ، جىڭ قاتارلىق ناھىيىلەردىن ئىلى
ئىنقىلابچىلىرىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن (گومىنداڭنىڭ شىخۇ،
جىڭلاردا ھەربىي بازىلىرى بولۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي
كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇقتىن ياردەم بې-
رىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى ۋە ئازاد
رايونلارنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەسكىرىي كۈچىنى
ئەۋەتىپ، بورتالانى بازا قىلىپ ۋۇتەي، سىتەي، سەنتەي، سىم-



...ۋە كەڭساي قاتارلىق ئورۇنلاردا چىلبۆرىدەك يامراپ كې-
...ۋاتاتتى.
«ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» نىڭ (1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ
12 - كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيە-
تى»، يەنى «ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت») بۇ ئاپەتنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئايرودروم، لەڭشاڭ، ھەرەمباغ ۋە سۈيـ-
دۈڭ، كۈرەلەرگە تىقىلىۋالغان گومىنداڭ كۈچلىرىنى ئاز بىر
قىسىم پارتىزانلار بىلەن قورشاپ تۇرۇپ، ئاساسىي كۈچنى توپ-
لاپ سەنتەي، سىتەي قاتارلىق ئورۇنلاردىكى گومىنداڭ كۈچلە-
رىنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىش، ئاندىن يۇقىرىدىكى ئورۇن-
لارغا تىقىلىۋالغان گومىنداڭ كۈچلىرىنى يوقىتىپ، پۈتۈن ئىلى
ۋىلايىتىنى ئازاد قىلىپ، ئارقىدىنلا ئالتاي، چۆچەككە، ئاندىن
پۈتۈن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش دېگەن قارارىغا ئاساسەن، نىزا-
موف تۇرسۇن رەھبەرلىكىدە ھەر قايسى ناھىيىلەردىن كەلگەن
ئاتلىق ئەترەتلەرنى تەشكىل قىلغان بىر زەربىدار چوڭ ئەترەت
قۇرۇلدى. بۇ ئەترەت كەڭساي پولكىغا قوشۇلۇپ، دۈشمەننىڭ
ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى-
لابىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئۇرۇشقا ئاتلاندۇق.
بۇ 1944 - يىلى دېكابىر ئايلىرىنىڭ بېشى ئىدى. شۇ يىلى
سوغۇق ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 40
گىرادۇستىن ئاشاتتى. قار قېلىن، يولنى تېپىپ مېڭىش تەس
بولسىمۇ، تاغنى تالقان قىلىدىغان ئىنقىلابىي جاسارەتلىك ۋە
غەيرەت - شىجائەتلىك پارتىزانلارنىڭ ئالدىنى تەبىئىي ۋە سۈنئىي
توساقلارنىڭ توسۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆڭ جۇۋىمىز ۋە
ئاتلىرىمىزغا يېپىلغان ئاق يوپۇق، ئايئاق قار بىلەن قاپلانغ-
ـان يەر - جاھانغا تولىمۇ ماسلاشقانىدى. كەڭساي پولكى ئەۋەت-
كەن پارتىزان گورۇپپىسىنىڭ ۋە يەرلىك چارۋىچىلارنىڭ يول
باشلىشى بىلەن شۇۋىرغان ۋە قېلىن قار ئۈستىدىن يول تېپىپ



ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرلەپ، ئوڭۇشلۇق ھالدا كەڭساي داۋىنى-
نىڭ شەرقىي تەرىپى بىلەن تەگرىتېغىنى بېسىپ ئۆتۈپ، سەنتەي-
نىڭ شەرقى، چۆل ئېدىرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تاغ ئېتەكلىرى-
دىكى قارلار ئارىسىدىن كەڭساي قوماندانلىق شتابى ئورۇنلاشقان
جايغا يېتىپ كەلدۇق
بىر نەچچە ئاق چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكىلگەن كىگىز
ئۆيدىن كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق كۆرۈنىدىغان بىر نەچچە ئادەم چى-
قىپ بىزنى قارشى ئالدى. ئۆڭ جۇۋا كىيگەن، رىمنىنى سول
مۈرىسىگە ئېسىپ ئوڭ يېنىغا ياغاچ تۇتقۇچلۇق ماۋزور ئاسقان،
بېشىغا تۇلكە قولاقچا كىيگەن، قىرغىز مىللىتىگە خاس قويۇلغان
بۇرۇتى كەڭ يۈزىگە تولىمۇ ياراشقان بەستلىك بىر ئادەم
دىققەت - نەزەرىمىزنى ئالاھىدە قوزغىدى.
سوغۇقنىڭ دەھشەتلىكلىكىدىن ئادەم ۋە ئاتلارنى ئايئاق قىرو
قاپلاپ كەتكەچكە، كىشىلەرنى تونۇغىلى بولمايتتى. ھېلىقى ماۋ-
زور ئاسقان بەستلىك كىشى: «بىزنىڭ قىسىملىرىمىز تەبىئەتكە
مۇشۇنداق ماسلاشقاندىلا، ئاندىن دۈشمەنگە تۇيۇقسىز زەربە بەر-
گىلى بولىدۇ» دېدى. ئەترەت باشلىقىمىز پارتىزان ئەترىتى ئى-
چىدىن چىقىپ بەش قەدەم ئالدىغا مېڭىپ، ھېلىقى بەستلىك
كىشىگە ھۆرمەت ئېھتىرامى بىلەن: «ھۆرمەتلىك گېنرال، تو-
لۇق قوراللانغان ئۈچ ئەترەت 320 پارتىزان ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن
ئالدىڭىزغا يېتىپ كەلدۇق. بۇيرۇقىڭىزنى كۈتىمىز!» دەپ
قىسقىلا دوكلات قىلدى - دە، قويۇن يانچۇقىدىن «ۋاقىتلىق
ھۆكۈمەت» بەرگەن بىر ھۆججەتنى ئىككى قوللاپ سۇندى. ئەنە
شۇندىلا ھېلىقى ماۋزور ئاسقان بەستلىك كىشىنىڭ گېنېرال
ئىسھاقبېك ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ مېنىڭ ئۇ جانابنى تۇنجى
كۆرۈشۈم ئىدى.
گېنرال ئىسھاقبېك: «يارايسىز، كوماندىر نىزاموف تۇر-
سۇن» دەپ ئەترەت باشلىقىنىڭ قولىنى ئۇزاققىچە سىقىپ، ئۇ-



...غا كۆز ئۇزمەي قاراپ كەتتى. گېنېرال: «مۆھتىرەم پارتى-
زان قېرىنداشلار، دوستلار، سالامەتمۇ سىلەر، ھارمىغانسىلەر!
» دەپ ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پارتىزانلاردىن سەمىمىي
ھال سورىدى. بىز: «ھارمىدۇق، بۇيرۇقىڭىزنى ئىجرا قىلىشقا
تەييارمىز» دەپ جاۋاب بەردۇق. گەرچە ئاۋازىمىز ئېگىز
...ەس، ئىلگىرى - كېيىن چىققان بولسىمۇ، ئەمما روھىي
ھالىتىمىز ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، كىشىلەردە بىر خىل يېڭىل-
...ەس كۈچ بېغىشلىغاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. بۇ خىل ھالىتى-
مىزدىن مەمنۇن بولغان گېنېرال ئىچكى ھېسسىياتىنى كۈلۈم-
سىرەش بىلەن ئىپادىلەپ، پارتىزانلارغا رازىمەنلىكىنى بىلدۈر-
دى.

### دۈشمەننى تاغارغا سولاش

كۈن ئاستا - ئاستا غەربكە پېتىپ زېمىننى تۈن پەردىسى
قاپلىغاندا، مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ ھەربىر ئەترەتنىڭ ئاتلىرىنى
زۇرزۇر تېپىلغاندا تېزدىن يەتكۈزۈپ كېلىش ئىمكانىيىتى بولغان
ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەربىر پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ ئا-
رىلىقىنى 100 مېتىر، قوماندانلىق چېدىرىغا 200 مېتىر، چوڭ
تاش يولغا 1000 مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ،
تاش يول تەرەپتىن باشقا جاينىڭ ھەممىسىنىلا قورشاپ، خۇددى
تاغارنىڭ ئاغزىنى تاش يولغا قارىتىپ قويغاندەك مۇداپىئە لىنىيە-
سى قۇردۇق. گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى
نىزاموف تۇرسۇن ئارقىلىق يەتكۈزگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن،
ھازىرلا جەڭگە ئاتلىنىدىغاندەك ھوشيارلىقىمىزنى ئاشۇرۇپ، پۈ-
تۈن دىققەت - نەزەرىمىز بىلەن تاش يولغا قاراپ، قار ئۈستىدە
ياتتۇق. ئوت قالاش، تاماكا چېكىش، پىچىرلاپ سۆزلەش، ھەتتا
ئۆرە تۇرۇپ دۈشمەنگە شەپە بېرىپ قويۇشتەك ھەرىكەتلەرنى قەت-
ئىي مەنئىي قىلىش دېگەن قاتتىق ئىنتىزام بىزنى قارنى سېلىنچا

دوستلار، ‹ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت› نىڭ سىياسىتى قارشىلىق قىلى-
غانلارغا ئەجەل دورىسى بېرىش، قورال تاشلاپ تەسلىم بولغانلارغا
ھاياتلىق يولى بېرىش، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى خارلىماسلىق،
ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش. بۇنىڭغا
خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ. ئۇ
يەنە جاراڭلىق ئاۋازدا: «بىز ئاز، دۈشمەن كۆپ، شۇڭا ئەپلىك
شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، يوشۇرۇن زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى
قوللىنىپ دۈشمەننى يوقىتىش كېرەك. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ
غەلىبىسى ئىككى چوڭ ئىشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ: بىرىنچىدىن،
دۈشمەن قايتا ئۆۋىسىدىن چىقالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ؛
ئىككىنچىدىن، ئىنقىلابىمىزنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، دا-
ۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ جىڭ، شىخۇ ناھىيىلىرىگە يۈرۈش
قىلىپ شىمالنى، ئاندىن پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىشىمىزغا
ئاساس ھازىرلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھەرگىز بىپەرۋالىق قى-
لىشقا بولمايدۇ. ھەممىڭلارنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلارغا تىلەكداش-
مەن. قېنى ئاتلىنىڭلار، باتۇر يىگىتلەر!» دېدى. پارتىزانلار
گېنېرالغا ئىنتايىن روھلۇق قىياپەتتە، يۇقىرى ئاۋازدا تولۇلغان
ھۇررا ساداسى بىلەن ئىرادە بىلدۈردى.

* * * *

پۈتۈن يەر ـ جاھان ئاپئاق قار بىلەن قاپلىنىپ كەتكەچكە،
يەرنىڭ ئۆي ـ چوڭقۇرنى بىلگىلى بولمايتتى. بوي تارتىپ
ئۆسكەن قارىغايلارنىڭ يىڭنە يوپۇرماقلىرى ئاق لىباسنى يېپى-
نىپ، ھەيۋەتلىك رەت ـ رەت ئاق مۇنارغا ئوخشاپ قالغانىدى.
قىشنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا ئۇچقان قار ئۇچقۇنلىرى يۈزىمىزگە
سانجىلاتتى. قاتتىق سوغۇق خۇددى بەدەنلىرىمىزنى تېشىپ ئۆ-
تۈپ كەتكەندەك تۇغۇلىساقمۇ، لېكىن، ھەرىكىتىمىز ناھايىتى تېز



ھەم جاپالىق بولغاچقا، بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى ۋەزىپە جەڭگە ئاتلى-
نىشقا تەشنا بولغان ھەربىر پارتىزاننىڭ قەلبىنى لەرزىگە سال-
غاچقا، سوغۇق تەسىر قىلمايتتى. پارتىزانلارنىڭ قىزارغان يۈز-
لىرىدە توختاپ قالغان مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى توڭلاپ مۇز
چوكىلىرىنى ھاسىل قىلاتتى.

بىز ئاتلىرىمىزنى بەزىدە مىنىپ، بەزىدە يېتىلەپ، تاغ باغ-
رىلىرىنى بويلاپ، ئېدىرلارنى ئاتلاپ مىڭبىر مۇشەققەتتە چۆل
ئېدىرنىڭ 200 مېتىر جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئېدىرلىققا بىخەتەر
يېتىپ كەلدۇق. ئۈستىباشلىرىمىزدىكى كىيىملىرىمىز ۋە ئاتلى-
رىمىزنىڭ يوپۇقلىرىغىچە تەبىئەتكە ماسلىشىپ كەتكەنلىكىمىز
ئۈچۈن، دۈشمەن بىزنى ئاسانلىقچە بايقىۋالالمايتتى. شۇڭا،
دۈشمەن قارشىلىقسىز تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەترەتنى
ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىشكە ئەپلىك ئو-
رۇنلارنى تالالاپ ئورۇنلاشتۇق ۋە كۆتۈلمىگەن ئېھتىماللىقنى
كۆزدە تۇتۇپ، چېكىنىش مۇداپىئە ئورۇنلىرىنىمۇ بېكىتتۇق.

ئالدىن ئەۋەتكەن پارتىزان ئەترىتىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى
داۋۇت «دۈشمەننىڭ 20 دىن ئارتۇق چېدىرى، تۆت ئورۇندا
قاراۋۇلى بار ئىكەن» دەپ دوكلات قىلدى. بىز ھەربىر چېدىردا
بەشتىن ئادەم بولغاندا 100 ئادەم، 10 دىن بولغاندا 200 ئادەم
دەپ تەھلىل قىلدۇق. بىز بولساق ئارانلا 100 ئادەم، قانداق
قىلىش كېرەك؟

گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ «بىز ئاز، دۈشمەن كۆپ، شۇڭا
يوشۇرۇنۇپ تۇيۇقسىز زەربە بېرىش كېرەك» دېگەن سۆزى بىزگە
يول كۆرسەتكۈچ ماياك بولدى. دۈشمەن چېدىرلىرى چوڭ تاش-
يولنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 100 مېتىر يىراقلىقتىكى ئۆزۈن
كەتكەن ساي (1945 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە شىخۇغا
يۈرۈش قىلغان ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرىدىن سۇيدۇڭ پولكى-
نىڭ 1 ـ روتىسى تۇرغان جاي ئىدى) غا ئورۇنلاشقانىكەن. بۇ



بىزنىڭ ھۇجۇم قىلىشىمىزغا تولىمۇ ئەپلىك جاي ئىدى.

داۋۇت، ئورازقان، ھۈسىيىن قاتارلىق سەككىز پارتىزان
دۈشمەننىڭ قاتتىق سوغۇققا ئاران بەرداشلىق بېرىپ تۇرغان تۆت
قاراۋۇلىنى شەپە چىقارماي ئوجۇقتۇرغاندىن كېيىن، سايىنىڭ
ئىككى قىرغىقىدىكى چېدىرلارنى قورشاۋغا ئالدۇق. تاڭ بارا ـ
بارا سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ھەر مىللەت خەلققە ئازاب سالغان بۇ
مۇستەبىت ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنىڭ چۆل ئېدىردا قانداق سارا-
سىمىگە چۈشىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشنى تاقەتسىز-
لىك بىلەن كۈتەتتىم. سەپداشلىرىممۇ ماڭا ئوخشاش ئويدا ئىدى.
سايىنىڭ شەرق تەرىپىدىن چېدىرلارنى قورشاپ تۇرغان داۋۇتنىڭ
گۇرۇپپىسىدىن مىسۋەر كېلىپ: «تاشيولنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن
دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى كېلىۋاتىدۇ» دەپ دوكلات قىلى-
دى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قارتىدە قىلدى. جەڭگاھتىكى
مۇنداق تېز ئۆزگىرىش تۇيەيلىدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي دەقىقە
تەمتىرەپ قالدىمۇ، بىردىنلا گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ «ھودۇق-
ماڭ، ئۆزىڭىزنى تېتىك تۇتۇڭ، دۈشمەننىڭ ئالدىدا ھودۇقۇپ
قالسىڭىز پۈتۈن غەلىبىگە تەسىر يېتىدۇ» دېگەن سۆزى ئېسىمگە
كەلدى ـ دە، خۇددى ئۇنىڭ غەلىبە ئىشەنچىگە تولغان ئۈمىدۋار
سىماسى كۆز ئالدىمغا كەلگەندەك بولۇپ، خىجالەت ئىلكىدە سە-
گەكلەشتىم ۋە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، داۋۇتنىڭ گۇرۇپپىسىغا
قاراپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىشنى،
قالغان پارتىزانلارنىڭ چېدىرلارغا تېزدىن ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى
يوقاتقاندىن كېيىن، داۋۇتنىڭ گۇرۇپپىسىغا ياردەملىشىپ دۈش-
مەننى تەلتۆكۈس يوقىتىشنى بۇيرۇدۇم. بىز يۇقىرىدىكى پىلان
بويىچە دۈشمەنگە قارشى ئاتلاندۇق.

سوغۇقتا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۈگۈلۈپ ياتقان چېدىر
ئىچىدىكى دۈشمەنلەر تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوقتىن تەمتىرەپ كې-
تىپ، بەزىلىرى ياتقان يېرىدىلا جېنىدىن ئايرىلدى، بەزىلىرى



مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىشى بىلەنلا ئوق تېگىپ يىقىل-
دى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا دۈشمەن قوشۇنى شەرق تەرەپتىن پىيادە
ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، ھۈسىيىن گۇرۇپپىسىدىكىلەردىن بىر
نەچچە پارتىزاننى يىقىتتى. ئۆلىمىغان يەردىن چىققان بۇ دۈش-
مەن زادى نەدىن كەلگەندۇ، دېگەن ئوي بىلەن تېڭىرقاپ قالدىم.
شۇ ئەسنادا ھۈسىيىن تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەن شەرق تەرەپتىكى
چېدىرلىرىدىن چىقىپ بىزگە ھۇجۇم قىلىپ قىستاپ كېلىۋاتىدۇ
دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، شەرقتىكى چېدىرلارنى قورشاپ تۇرغان
داۋۇتنىڭ گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقتىن كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئات-
لىق قوشۇنىغا توسۇپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇلۇپ، شەرقتىكى
دۈشمەن چېدىرلىرىنىڭ بوش قالغانلىقى ئېسىمگە كەلدى. مەن
تەجرىبىسىزلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بۇ خاتالىقىمنى سەز-
دىم ـ دە، ئۆزۈمدىكى جىددىيلىكنى بېسىپ، «ھۈسىيىن گۇ-
رۇپپىسىدىن بەش پارتىزاننى قالدۇرۇپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇر-
سۇن، قالغان بارلىق پارتىزانلار ياردارلارنى ئېلىپ چېكىنىش
ئورنىغا بارسۇن!» دەپ بۇيرۇق بېرىشىم بىلەن پارتىزانلار چاپ-
چىپ تۇرغان ئاتلىرىغا مىنىشتى ـ دە، ئەتراپتىكى ھەممە پارتىزان-
لار دۈشمەنگە قاراپ ئاتلاندۇق.

ئورازقان بىردەم ئاتنىڭ ئوڭ بېقىنىغا، بىردەم سول بېقى-
نىغا مىنىپ، رىۋايەتلەردىكى چەۋەندازلاردەك ئاجايىپ ماھارەت
بىلەن ھەممىنىڭ ئالدىدا قىلىچ ئويناتتى. ئۇچقاندەك كېتىپ
بارغان ئاتلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان قار ئۇچقۇنلىرى، قىقاس ـ
چوقانلار، زور بىر ئاتلىق قوشۇن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقاندەك
دۈشمەننى قورقۇنچلۇق تۇيغۇغا كەلتۈردى ـ دە، قايمۇقۇپ قال-
غان دۈشمەن ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە پارتىزانلار تەرىپىدىن
يوقىتىلاتتى. گېنېرال ئىسھاقبېك ئېيتقاندەك، ئات ھەقىقەتەنمۇ
بۇ قېتىمقى غەلىبىنىڭ بىر ئاساسى بولۇپ قالدى. دۈشمەننىڭ
ئاتلىق قوشۇنلىرىغا ئالدىدىن، ياندىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ،

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەن ۋە ئوق تېگىپ يىقىلغانلارنى قىمىرلاتماي تەسلىم قىلدۇردۇق، قاچقانلارنى ئاتلىق قوغلاپ بىرىنىمۇ قويماي قولغا چۈشۈردۇق.

ئەسلىدە بۇ ستەيدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ چارلاشقا چىققان قوشۇنلىرى ئىكەن.

بۇ يەردىكى ھەرقايسى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن غەلىبە قولغا كەلگەندىن كېيىن، توققۇزتارا پارتىزان ئەترىتى غۇلجا پارتىزان قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە سۇيدۇڭ ۋە باشقا جايلاردىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى تازىلاش ئۈچۈن، بۇيرۇق بويىچە ياردارلانى ۋە ئەسىرلەرنى ئېلىپ قايتتۇق.



## گىردە نان

1945 ـ يىلى يانۋار ئايلىرى ئىدى. ئەتراپ قېلىن قار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئېگىز ئۆسكەن قارىغايلارنىڭ يىڭنە يوپۇرماقلىرى بىلەن ئورالغان غوللىرى قارنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئېگىلىپ تۇراتتى. قەھرىتان قىشنىڭ ئىزغىرىن شامالللىرى قارلارنى ئۇچۇرۇپ، ئېگىز ـ پەسنى بىلىنمىگۈدەك قىلىپ تۈزلىۋەتكەنىدى. قارىغايلار ئىچىگە تىكىلگەن ئاق چېدىردىن چىقىۋاتقان كۆكۈش تۈتۈن شامالنىڭ كۈچىدە قارىغايلىق ئىچىگە كىرىپ غايىپ بولاتتى.

— ئالدىنقى سەپتىن بىر ئاتلىق ئادەم چېپىپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى پوستتا تۇرغان ياش جەڭچى جاپپار. چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق كىشىنى تازا زەڭ سالمىسا پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇ چېدىرنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن ئاتتىن ئىرغىپ چۈشۈپ، ئاپتوماتىنى كەينىگە قىلىپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئالدىغا چىقىپ تۇرغان گېنېرالغا ھەربىيلەرگە خاس قىياپەتتە سالام بېرىپ:

— سالام! يولداش گېنېرال، بۇيرۇقىڭىزغا بىنائەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چۆل ئېدىردىكى قىسىملىرى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىندى! — دەپ دوكلات قىلدى.

— ياخشى، ياخشى بوپتۇ، يولداش ئەھمىدى، — دېدى گېنېرال ئىسھاقبېك خۇشاللانغان ھالدا ئۇنى چېدىر ئىچىگە تەكلىپ قىلغاچ.

ئەھمىدى 18 ـ 19 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق پىشماق كەلگەن ياش بولۇپ، چۆلئېدىر ئالدىنقى سەپ پارتىزانلار ئەترى-



تىنىڭ كوماندىرى ئىدى. ئۇ سومكىسىدىن ئىككى دانە گىردە ناننى ئېلىپ گېنېرال ئىسھاقبېككە ئۇزاتتى ۋە:

— گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مانا مۇشۇ گىردە ناننى چىشلىگىنىچە توڭلاپ قاپتۇ. بۇ بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىزنى تېخىمۇ تېزلەشتۈردى، ـ دېدى. گېنېرال ئىسھاقبېك گىردە نانلارنى قولىغا ئېلىپ زەن سېلىپ قاراپ بىر نەرسىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— كۆردىڭىزمۇ يولداش ئەھمىدى، خەلقىمىز ئارقا سەپتە تۇرۇپ بىزگە قانداق ماسلىشىۋاتىدۇ ـ ھە؟

ئەھمىدى ھېچنېمىنى چۈشەنمەستىن گېنېرالنىڭ قولىدىكى نانغا تىكىلگىنىچە قاراپ قالدى. گېنېرال سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قاراڭ، ناننىڭ يۈزى قىزىرىپ پىشىپتۇ، ئەمما ناننىڭ ئېغىرلىقىدىن قارىغاندا خېمىرى پېتىر بولۇپ، نان خاملا قومۇرۇۋېلىنغان. بۇ ھالدا نانغا ھېلىغۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ چىشى ئىكەن، پالتىمۇ ئۆتمەيدۇ ـ دە! ـ گېنېرال ئىسھاقبېك قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

— توغرا، توغرا! ناننىڭ ئىچى ھەقىقەتەن خامكەن ئەمەسمۇ؟ ـ ياش كوماندىر ئەھمىدى ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن قاتتىق كۈلۈۋەتتى.

* * * *

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قاتمۇ قات زۇلمى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى كۈن كەچۈرەلمەس ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىپ، كۆرەش قىلىشىغا سەۋەب بولدى. نىلقا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغىغان ئازادلىق كۈرىشى پۈ-



تۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. زۇلۇمنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ھەر مىللەت خەلقى بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلابقا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنى ناھايىتى تېزلا چوڭ يانغىنغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، خۇددى ئوت ئىچىدە قالغان ياۋا چوشقىلاردەك تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىشاتتى، قورققىنىدىن جان ـ پېنى چىقىپ، بەزگەك بولغاندەك تىترىشەتتى، قالايمىقان ئوق ئېتىشىپ، بىگۇناھ ئاممىنى بوزەك قىلىشاتتى...

بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ نىلقا ئىنقىلابىدىن ئىلھاملىنىپ، گومىنداڭ باندىتلىرىنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلماي كۆرەشنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. بارات پالۋان، ئابلىزقارى، قۇۋان پەنجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە بورتالا قوراللىق پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللىنىپ، گومىنداڭ باندىتلىرىغا ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن زەربە بەردى. سودىگەرلەر، ئوششاق تىجارەتچىلەر باندىتلارغا نەپ بەرمەسلىك ئۈچۈن دۇكانلىرىنى تاقىغانىدى...

نەچچە كۈندىن بېرى ئېچىلمىغان ھاكىم ئىشخانىسى مانا بۈگۈن ئېچىلغانىدى. ئىشخانا ئىچىدە بېشىغا تۇلكە قۇلاقچا كىيگەن، قانسىز ياپىلاق يۈزىدىن جاللاتلىق يېغىپ تۇرىدىغان ياڭ شەنجاڭ (ھاكىم) قاپىقى سېلىنغان، كۆڭلى پەرىشان ھالدا خۇددى پۇتىنى بۈرگە چاققاندەك ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىت جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش كويىدىلا قالغان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭ غايەت زور كۈچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، خۇددى قوقاستا پۇچۇلىنىۋاتقاندەك بىئارام بولاتتى. ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلىشى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن ساقچى باشلىقىنى كۆرگەندىلا، زورىغا ھىجىيىپ:

— ھە، ۋۇ جۇيجاڭمۇ سىز؟ كېلىڭ! — دېدى.

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

— ياڭ شەنجاڭ، چاقىرتقانىكەنسىز...

— شۇنداق، ۋۇ جۇيجاڭ، ھازىر ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي، بۇ يەردىكى ئوغرىلارنىڭ خەۋپى ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ خەۋپىدىن قېلىشمايۋاتىدۇ. تېلېفون سىملىرى ئۈزۈۋېتىلدى. بۆكە ئامبالنىڭ يامۇلىغا ئەۋەتىلگەن چىڭ لىيەنجاڭنىڭ قىسمى بىلەنمۇ ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. ھازىر شىخۇدىن ئەۋەتىلگەن چوڭ قىسىمنىڭ ئالدى كەڭسايدا، ئارقىسى چۆل ئېدىر، سىتەيلەردە تۇرىۋاتىدۇ. بىز نىجاتلىق تاپىمىز دەيدىكەنمىز، بۇ قوشۇننى دەرھال ئۇزۇۋق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك. سىز جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، نان ياقتۇرۇپ ئۇلارغا ئەۋەتىڭ!

— خوپ شەنجاڭ جانابلىرى! - ساقچى باشلىقى پەرماننى ئىجرا قىلىش كويىدا ئىشىكتىن ئىتتىك چىقتى.

ساقچى باشلىقى شاگيۇنى باشلاپ ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا نۇراخۇن ناۋاينىڭ ئۆيىگە ئۇندى. ئۇنىڭ يېنىدا بويىنى قاقىرنىڭكىدەك ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە، ھىڭگاڭ چىش، ياپما قاپاق، پاناق بۇرۇن، مىلتىقنىڭ رىمونى بىلەن قارا ئاتىنىڭ تىزگىنىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىككى قولىنى يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان سەت بىر ئەسكەر بار ئىدى. ساقچى باشلىقى نۇراخۇن ناۋاينى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

— سەنلەر ناۋايخانىنى ئاچماي ئىسسىق ئۆيلىرىڭگە كىرىپ يېتىۋېلىشتىڭ، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ئىلىدىن چىققان ئالتە ئوغرىنى يوقىتىش ئۈچۈن قەھرىتان سوغۇقتا ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا ۋاقتىدا نان يەتكۈزۈپ بەرمىسەك بولامدۇ؟ سەن دەرھال بارلىق ناۋايلارنى يىغىپ بىر سوتكا ئىچىدە 11 مىڭ دانە نان تەييارلا!

نۇراخۇن ناۋاي ساقچى باشلىقىنىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى پەملەپ، باشقا سۆز قىلىشنى ئەپ كۆرمىدى - دە، دەرھال:

— خوپ باشلىق! — دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.



دېگەندەك بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا چېرىكلەرنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن يىغىپ كېلىشى بىلەن مۇھەممەت ناۋاي، ئەمەت ناۋاي قاتارلىق 12 ناۋاي نۇراخۇن ناۋاينىڭ دوكىنىغا جەم بولۇشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تونۇر ئۈستىدە، بەزىلىرى يەردە قاپاقلىرى چۈشكەن، خىيالغا پاتقان ھالدا ئولتۇرۇشاتتى. دوكاننى بىر ئالغان ئاچچىق كۆك تاماكىنىڭ ئىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنىشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەقىقەتەنمۇ دوكاندا ئادەم يوقتەك بىلىنەتتى. ئۇزۇن داۋام قىلغان ھەمجىتلىقنى قولىنى قولتۇقىغا تىقىۋېلىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان مۇھەممەت ناۋاي بۇزدى. ئۇ قولىدىكى گېزىت قەغىزىگە ئورىغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق شورىغاندىن كېيىن:

— 11 مىڭ دانە ناننى بىر سوتكىدا يېقىپ چىقىرىش ناۋايلىق تارىخىمىزدا كۆرۈلمىگەن ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ناننى بىزنىڭ ئازادلىقىمىز ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان قان - قېرىنداشلىرىمىزغا قارشى كۆرەش قىلىۋاتقانلار ئۈچۈن ياقىدىكەنمىز، بۇنداق بولمىغۇر ئىشنى كىمنىڭمۇ ۋىجدانى كۆتۈرسۇن؟!

— توغرا! - دېدى ناۋايلار جانلىنىپ، - مۇھەممەت ناۋاي توغرا ئېيتتى، بىز دۈشمەنلەرنى كۈلدۈرۈپ، دوستلارنى قاقشىتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز!

نۇراخۇن ناۋاي ئويغا چۆمدى. ئۇ يانچۇقىدىن ناسۋال قاپىقىنى قولىغا ئالدى - دە، سول قولىنىڭ ئالقىنىغا ناسۋال قويۇپ كاپ ئەتكەندىن كېيىن، ئەقلىگە بىر ئىش كەلگەندەك سەگەكلىنىپ كۈلۈمسىرىدى ۋە:

— ئاغىنىلەر، ناننى ئەتىگە ئۈلگۈرتمىسەك زادى بولمايدۇ! - دېدى. ھەممىيلەن ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى. مۇھەممەت ناۋاي ھەيران قېلىپ دېدى:

— ئۇنداقتا دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، پۇت - قولىغا ماغدۇر كىرگۈزۈپ، قان - قېرىنداشلىرىمىزنى



قىردۇرىدىكەنمىز - دە؟!

— ياق! - دېدى نۇراخۇن ۋاي ھەممەيلەنگە بىر قۇر سىرلىق كۆز يۈگۈرتۈپ، - بىز بۇ 11 مىڭ دانە نان بىلەن دۈشمەنلىرىمىزنىڭ گېلىنى بوغۇپ ئۆلتۈرىمىز!

— نان بىلەن ئادەمنىڭ گېلىنى بوغقان ئىشنى ئاڭلاپ باقمىپتىكەنمەن، — دېدى بىر چەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئەمەت ناۋاي تېرىكىپ. ھەممەيلەن «شۇنداق» دېيىشتى.

— ئۇغۇ راست، — دېدى نۇراخۇن ناۋاي كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — بىراق، بىز بۇ نۆۋەت ناننى شۇ خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىمىز.

— قانداق قىلىپ؟

— بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي، تونۇرنى قاتتىق قىزدۇرىمىز، خېمىرنى بىر چەتتىن يۇغۇرۇپ، بىر چەتتىن ياقىمىز، ناننىڭ يۈزى قىزىرىشىغىلا قومۇرىمىز. ھازىر ھاۋا سوغۇق، نان تالاغا چىققاندا نېمىگە ئايلىنىدۇ؟ بۇنى ئۆزۈڭلار تېپىۋېلىڭلار!؟

— بارىكاللا نۇراخۇن! بۇ ياخشى ئەقىل ئىكەن! شۇنداق قىلايلى، شۇنداق قىلايلى! - دېيىشتى ناۋايلار چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈپ. شۇنىڭ بىلەن ناۋايخانا ئىچى جانلىنىپ، ناۋايلار غەيرەتكە كەلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن تونۇرغا ئوت يېقىپ، بىر تەرەپتىن خېمىر يۇغۇرۇپ، پىتىر خېمىرنى يېقىشقا باشلىدى. قىزىق ئوتتا يۈزى چالاپوكان بولۇپ قىزارغان گىردە نانلار ئارقا - ئارقىدىن قومۇرۇلۇپ بىر ئۆيگە تاغدەك دۆۋىلىنىشكە باشلىدى. نانلار ئەتىسى گومىنداڭنىڭ بورتالادىكى ئالدىنقى سېپىگە ماڭغۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ ئۇلارغا «ئەجەل دورىسى» ئەۋەتىش بىلەن قەھرىمان ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىدىكى قېرىنداشلارغا يار - يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىش بىرلا ۋاقىت ئىچىدە ئورۇندالدى.

(ئىلاۋە: بۇ ۋەقە كورەنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن بولغان)



## تاڭ ئالدىدىكى بورتالا

1944 - يىلى كۈز كىرىش بىلەنلا قارا سوغۇق ئىلگىرىكىدىن بالدۇر باشلىنىپ، دېھقانلارنى دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا ئالدىرىتىپ قويدى. سوغۇق شامالنىڭ مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ھەر تەرەپلەرگە ئۇچۇرۇشلىرى، قارا قاغىلارنىڭ خۇددى ئۆۋسى بۇزۇلۇپ كەتكەندەك ھاۋا بوشلۇقىدا سەت قاقىلداشلىرى كىشىلەرنىڭ ئىچىگە بىر خىل ۋەھىمە سالاتتى. بارغانچە كۈچىيىۋاتقان سوغۇقنىڭ دەردى، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان تۈرلۈك ئالۋاڭ - سېلىق، باج ۋە زورلۇق - زومبۇلۇقلار خۇددى ئىككى باشلىق زەھەرلىك يىلاندەك دېھقانلارنىڭ قېنىنى شورىماقتا ئىدى.

گومىنداڭنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى شۇ يىلى ساقچى خادىملىرى، ئىشپىيون، پايلاقچىلىرىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۆزلىرى گۇمانلىق دەپ قارىغان يۇرت ئىچىدە ئابرۇيى، ئىناۋىتى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نازارەت ئاستىغا ئالدى. شۇ ۋاقىتتا نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان مەمتىمىنباي قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ مەسلەكداشلىرى بىلەن تاغ - قىرلارغا قېچىپ كېتىپ ئېردەنىنىڭ پارتىزانلىرى[1] بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىپ، شەھەردىكى پارتىزانلار بىلەن ئالاقە باغلىدى ھەم ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى قوللاش ئۈچۈن،

[1] 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرى ئىلىدىن كەلگەن غېنى، نازارۇۋقلارنىڭ پارتىزان ئەترەتلىرى ئارشاڭنى ئازاد قىلدى. ئۇلار بىلەن ئىلىدىن بىللە كەلگەن ئېردەنى (موڭغۇل، بورتالالىق) ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، رۇس قاتارلىق يەرلىك خەلقتىن ئارشاڭدا پارتىزان ئەترىتى تەشكىل قىلغانىدى.

ھەر مىللەت خەلقى زىمىستان قىش بىلەن باھار پەسلى ئالمىشىدىغان خاسىيەتلىك كۈندە غەلىبە شادلىقىغا چۆمدى.

1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» بورتالا ناھىيىسىدە ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ھاكىم مەھكىمىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە ئەلقەم ئەختەم قاتارلىقلارنى بورتالا «ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى»نى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بورتالاغا ئەۋەتتى. ئەلقەم ئەختەم قاتارلىقلار بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرى سايلىغان ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، خەلق ئىچىدە بىر قەدەر ئابرويى بار، ئىلغار دەپ قارالغان ھاشىم ئوسماننى باش ھاكىملىققا (شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە كىرىپ چىققان)، لامجىل (مۇڭغۇل)، قوسمانىيە (قازاق)، مامۇتخان ئىبراھىملارنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، بالامەمەتنى سوت باشلىقلىقىغا، ھاشىمباينى ساقچى باشلىقلىقىغا سايلاپ چىقتى. سايلام نەتىجىسى 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلققە رەسمىي ئېلان قىلىندى.



## ئاخىرقى گرانات

1945 ـ يىلى ياز پەسلى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ شىمالنى ئازاد قىلىش ئوتتۇرا يۆنىلىش ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىدىن سۇيدۇڭ 1 ـ پىيادە پولكى سىمپوتوزا، سەنتەي، چۆل ئېدىر قاتارلىق جايلاردا ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى كۈتۈۋاتاتتى. مەن كوماندىرلىق قىلغان 1 ـ روتا دەل چۆل ئېدىردا تۇرغانىدى. ئۇ چاغلاردا چۆل ئېدىر ھازىرقىدەك ئىستاس ئەمەس، بەلكى جۇشقۇن ھاياتلىق كەيپىياتىغا تولغان بولۇپ، جەڭچى ـ ئوفىتسىرلارنىڭ زەپەر مارشى ساي ـ جىرالارنى چاڭ كەلتۈرۈپ تۇراتتى.

شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان 11 نەپەر سەپدىشىم بىلەن 25 كۋادرات مېتىرغا يەتمەيدىغان كىچىككىنە گەمىدە تۇراتتۇق. تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشتا قۇربان بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئاجايىپ قەيسەر، ئوت يۈرەك يىگىتلەر ئىدى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى توختى دېگەن يىگىتنىڭ شىخۇدىكى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

گەمە شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان، تاملىرى سۇۋالمىغانلىقتىن، توپا ـ قۇملار شۇرقىراپ چۈشۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن بىز ھەرگىز زارلانمايتتۇق، ئەكسىچە ئۇنى خۇددى ئۆز ئائىلىمىزدەك كۆرۈپ سۈپۈرۈپ ـ تازىلاپ، پاكىز تۇتاتتۇق. ھېلىمۇ ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ، ئىشىكتىن كىرگەنلا يەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قورال ـ ياراغ قويىدىغان، سول تەرىپىدە بولسا تاماق قاچىلىرىنى قويىدىغان جازا بار ئىدى. ئۆز قولىمىز بىلەن



ئاددىيلا قىلىپ ياسىۋالغان بۇ جازىلار ئىنتايىن ئەپلىك، پاكىز بولۇپ، گەمىگە بۆلەكچىلا تۈس قوشقانىدى. بىز جىڭ، شىخۇ قاتارلىق گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا تاقەتسىزلىك بىلەن بۇيرۇق كۈتۈپ، ھەر ۋاقىت ئۇرۇشقا تەييار جەڭگىۋار ھالەتتە تۇراتتۇق. ھەر كۈنى كەچتە مەشىقتىن بىكار بولغاندا، ياتاقتا ئالدىنقى سەپكە تېزرەك ئاتلىنىش توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشاتتۇق. ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش ئۈچۈن قىلغان تەييارلىقىمىز، مەشغۇلاتىمىز پۇختا بولدى، بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرىمىز؟ قېرىنداشلىرىمىز گومىنداڭنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا ئازاب چېكىپ، بىزنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىۋاتسا، بىز نېمىشقا ھۇجۇم قىلمايمىز؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار ئاغزىمىزدىن چۈشمەيتتى. سەپداشلىرىمنىڭ بۇنداق قەلب ساداسى، پىداكارانە روھى مېنى تولىمۇ ھاياجانغا سالاتتى.

ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى، سىرتتىن كىرىپ كەلگەن توختى ئوت ئۈستىگە ماي چاچقاندەك مۇنداق بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى:

— جىڭ ئۇرۇشىدا ياردار بولغان 20 دەك پارتىزاننى ماشىنا بىلەن غۇلجىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت پارتىزاننىڭ يارىسى بەكمۇ ئېغىر ئىكەن، روتىمىزنىڭ سېستىرالىرى يارىسىنى قايتا تېڭىپ قويدى. جەڭچىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، جىڭ ئىنتايىن قاتتىق بولۇۋېتىپتۇ. بىز يەنە قاچانغىچە بۇ قۇرۇق چۆل ئېدىرنى ساقلاپ ياتىمىز، ئىچىم تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ـ دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن. مەن سەپداشلىرىمنىڭ نارازىلىقىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن:

— ئاغىنىلەر، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى چۈشىنىمەن، گەرچە ھەربىي تەييارلىقىمىز پۈتكەن بولسىمۇ، يەنىلا بۇيرۇقنى كۈتىشىمىز كېرەك، ـ دېدىم. مەن ئۇ چاغدا ۋوزۋود كوماندىر (پەيجاڭ) ئىدىم، شۇڭا قولۇمدىن كېلىشىچە جەڭچىلەرگە چۈ-



شەندۈرۈپ خىزمەت ئىشلىدىم. غۇلغۇلا ئەمدىلا بېسىلىپ جەڭچىلەر ئۇخلاشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، خۇددى جەڭچىلەرنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەندەك، روتىنىڭ يۈرۈش قىلىش سىگنالى چېلىندى. بۇ 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كەچ سائەت ئوندىن ئاشقان چاغ ئىدى. پۈتۈن روتىدىكىلەر بەش مىنۇتتا جەڭگىۋار ھالەتتە مەيداندا سەپكە تىزىلىپ بولدۇق. روتا كوماندىرى راشىدىن، مۇئاۋىن كوماندىر ئارتىقوف (ئۆزبېك) لار جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىنى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كەچۈردى. مۇئاۋىن كوماندىر ئارتىقوف سەپتە تۇرغان جەڭچى توختىنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا «يارايسەن!» دەپ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

جەڭچى توختى ئىنقىلابنىڭ دەسلەپىدىلا پىدائىي بولۇپ سۇيدۇڭ، كۈرەنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقانىدى. ئۇ 19 ياشتا بولۇپ، بوغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا بوي، كەڭ غوللۇق، تۇرقىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى، خۇددى بۈركۈتنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن زېرەكلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھەربىي مەشىقلەردە ھەر ۋاقىت ھەممىگە ئۈلگە بولاتتى. بولۇپمۇ گرانات ئېتىشتا روتا بويىچە ئەڭ ئالدىدا بولۇپ، بىر نەچچە قېتىم تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاشلارغا ئېرىشكەنىدى. توختىنىڭ شۇ تاپتا «گېرمانكا» ماركىلىق بەش ئاتار مىلتىقنى، ئىككى دانە گرانات، ئوقدانلىرىنى ئېسىشى، سۇدان، تاماق قاچىسى ۋە كىچىك ھەربىي گۈرجەكلەرنى ئېسىش تەرتىپى قائىدىگە مۇۋاپىق، باشقىلاردىن ئۆزگىچە بولغانلىقى، ئارتىقوفنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. كوماندىر راشىدىن بارلىق ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرنىڭ ئۇرۇش ۋە يول يۈرۈش تەييارلىق ئەھۋالىغا قانائەت قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە باش شتابى ۋە پولك قوماندانلىقىنىڭ سەپكە يۈرۈش قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى ئوقۇپ بەردى…

بۇيرۇق ئـوقۇلۇپ بـولدى. ھـەممىمىز «ھۇررا!» دەپ
قايتا - قايتا توۋلىۋەتتۇق. شادلىق ۋە ھاياجاندا ياڭرىغان بۇ سادا
چۆل ئېدىرنىڭ كېچىلىك جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ساي - جىرالا-
ردا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن جانىدارلارنى ئويغىتىۋەتتى. بۇ «ھۇر-
را» ساداسى قەدىناس جاي چۆل ئېدىر بىلەن ئاخىرقى خوشلى-
شىش ساداسى ئىدى. كوماندىر راشىدىن روھلۇق ھالدا سۆزىنى
داۋاملاشتۇرۇپ:
— كېچىدە يۈرۈش قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى دۈشمەننىڭ راز-
ۋېدكا ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر.
دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا يېقىنلاشقانسېرى قارشىلىقتا ئۇچراي-
مىز، شۇڭا كوماندىرنىڭ رۇخسەتسىز ھەرىكەت قىلماسلىقى-
مىز، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ،
ھۇجۇم نىشانىمىزغا ۋاقتىدا يېتىشىمىز كېرەك. ۋەزىپىمىز ئې-
غىر ھەم جاپالىق، لېكىن شەرەپلىك تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە
بۇ ۋەزىپىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە قوماندانلىق
شتابى بىزگە تاپشۇردى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش شىنجاڭنىڭ تەقدى-
رىنى ھـەل قىلىدىغان، گـومىـنداڭنى ھـالاك قىلىدىغان ئۇ-
رۇش، - دېدى قەتئىيلىك بىلەن.
نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىز تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن
كۈنلەر ئاخىر يېتىپ كەلدى. «ئالغا مارش!» دېگەن بۇيرۇق
بىلەن پۈتۈن روتا شەرققە قاراپ يول ئالدۇق.

* * * *

شىخۇدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم
بولغان 3 - مۇداپىئە لىنىيىسىنى زور قۇربانلارنى بېرىش بەدىلى-
گە بۆسۈپ ئۆتۈپ، سازلىقنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان
كىچىك بۇتخانىنى تاڭ ئېتىشنىڭ ئالدىدا ئىگىلەپ، مۇداپىئە



ئىستىھكاملىرىمىزنى قۇرۇپ، ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ
تۇراتتۇق (دۈشمەننىڭ 1 - لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈش جېڭىنى
«باھادىر جەڭچى» ناملىق ئەسلىمەمدە بايان قىلىدىغانلىقىم ئۈ-
چۈن، بۇ ئەسلىمەمدە يازمىدىم). پولكنىڭ سىياسىي كومىسسا-
رى مەرغۇپ ئىسھاقوف ئۆزىنىڭ كانىۋويىنى ئېلىپ، روتىمىزغا
يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ لاي - پاتقاقتا مىلىنىپ كەتكەن كىيىملى-
رىدىن يەر بېغىرلاپ كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈم-
نى تۈزەشتۇرۇپ بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئەھۋالى ۋە قىسىمنىڭ
ھازىرقى جەڭگىۋار ئەھۋالىدىن قىسقىچە دوكلات قىلدىم. ئۇ
يېنىدىكى دۇربۇننى ئېلىپ، بۇتخانا تېمىدىن ئېچىلغان تۆشۈك-
تىن گومىنداڭنىڭ 1 - مۇداپىئە لىنىيىسىنى بەش مىنۇتچە
كۆزەتكەندىن كېيىن:
— ۋوزۋود كوماندىرلىرىنى بۇ يەرگە چاقىرىڭ! — دېدى كۆ-
زىنى دۇربۇندىن ئۈزمەي تۇرۇپ ماڭا:
كوماندىرلار كەلگەندىن كېيىن، كومىسسار ھۆرمەت بىلەن
تۇرغان كوماندىرلارغا قاراپ:
— ئالدى بىلەن سىلەرگە پولكنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزمەكچى-
مەن، 1 - روتا باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۈشمەننىڭ ئوت
كۈچى كۈچلۈك بولغان بۇ بۇتخانىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئىگى-
لەپ، خىزمەت كۆرسەتتىڭلار! بارلىقىڭلارنى پولكنىڭ بۇيرۇقى
ئارقىلىق تەبرىكلەيمەن ۋە غەلىبەڭلەرنى تەقدىرلەيمەن! - دېدى
ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا. كوماندىرلار جەڭگىۋار ھالەتتە:
— ۋەزىپە ئۆتەشكە تەييار بىز! — دېدى ئۈنلۈك ۋارقىراپ.
— كوماندىرىڭلار ئارتىقوف يارىدار بولۇپ، ئالدىنقى سەپتىن
ئارقا سەپكە ئېلىپ كېتىلدى، روتىغا 1 - ۋوزۋود كوماندىرى
ئەخمەت تۇردىيوف ۋاقىتلىق كوماندىر بولۇپ بەلگىلەندى. سى-
لەرگە ھازىرلا سازلىقتىن ئۆتۈپ، گومىنداڭنىڭ ئاشۇ چوڭ
پوتىيىسىنى (قولى بىلەن پوتەي تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) ئې-



لىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. بۇ ۋەزىپە ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ-
رۇشنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى. يەنە سىلەرگە ماسلىشىپ ئۇرۇش
قىلىدىغان شىخۇنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە تارباغاتايدىكى پولك-
نىڭ بىر روتىسى بار، — دېدى مەرغۇپ ئىسھاقوف كەسكىن ۋە
جىددىي قىلىپ.
كوماندىرلار قەتئىيلىك بىلەن چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقى
ھەققىدە ئىشەنچ بىلدۈردى. بۇ 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8
- كۈنى، يەنى شىخۇغا ھۇجۇم قىلغاننىڭ 4 - كۈنى بولغان ئىش
ئىدى.
بۇيرۇققا ئاساسەن يۈرۈشكە ئاتلاندۇق؛ كۆپكۈندۈزدە، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە تۈپتۈز كەتكەن پاتقاقلىق سازلىقتا تېز يۈرۈشكە
بولمايتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا ھوجۇم قىلساق دۈشمەننىڭ ئوق
نىشانى بولۇپ قېلىپ، بىھۇدە قۇربانلارنى بېرىشىمىز ئېھتىمالغا
ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئەمما، بۇنىڭغا ئامال يوق ئىكەنلىكىنى
ھەممىمىز ئوبدان بىلەتتۇق. بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىققا، ۋەزى-
پىنى ئورۇندىماسلىققا قەتئىي بولمايتتى. پولك كومىسسارى
بۇنى سەزگەندەك:
— كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇرۇشتا ۋاقىت ھەل قىلغۇچ
ئامىل، پۈتۈن سەپتىكىلەر ھۇجۇمغا ئۆتتى، غەلىبە قىلىشىڭلارغا
تىلەكداشمەن، -دېدى - دە، ئۆمىلەپ قوشنا قىسىملارغا كەتتى.
ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىدىن غەلىبىنىڭ مۇقەددە-
مىسىنى كۆرگەندەك بولاتتۇق.
مەرغۇپ ئىسھاقوف ئۇرۇمچىلىك بولۇپ، تاتار مىللىتىدىن
ئىدى. بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرى، رۇسچىنى راۋان سۆزلەيتتى.
گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەتكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ-
چىلار ئۇنى تۇتقۇن قىلماقچى بولغاندا قېچىپ غۇلجىغا كېلىۋالغا-
نىدى. ئۇ ئىنتايىن چېچەن ۋە زېرەك بولۇپ، ھەربىي ئىشلارغا
خىلاپ كېلىدىغان ھەرىكەتلەرگە ھەرگىزمۇ يول قويمايتتى. خىز-



مەتلەرنى ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تولۇق ئادا قىلات-
تى، باشقا ئوفىتسېرلارغىمۇ مۇشۇنداق تەلەپ قوياتتى. ئۇ كى-
شىلەر بىلەن تولىمۇ چىقىشىپ ئۆتەتتى، ئۇ دائىم خىزمەت
ۋاقتىدا خىزمەت قىلىش كېرەك، دەم ئالغان ۋاقتىدا يۇقىرى -
تۆۋەن ۋە كوماندىر - جەڭچى دەپ ئايرىماسلىق كېرەك، دەيتتى.

سازلىقتا دۈشمەن ئوقى ئاستىدا ئالغا ئىلگىرىلەش قىيىن
بولسىمۇ، دۈشمەننىڭ بىزگە قارىتىپ ئاتقان مىناميوت، زەمبى-
رەك ئوقلىرى گەرچە ئىۋان (رۇس)، سادىق قاتارلىق سەپداش-
لىرىمىزنى يارىدار قىلغاندىن باشقا، ئوقلارنىڭ ناھايىتى كۆپ
قىسمى سازلىققا پېتىپ قېلىپ پارتلىمىدى. بىز بۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ، سازلىقنىڭ غەربىي شىما-
لىي قىرغىقىغا جايلاشقان تۈگمەنگە ئوڭۇشلۇق يېرىۋالدۇق.
تۈگمەنچىنىڭ ئۆيىدىكى چوڭ قازاندا يېڭىلا ئەتكەن سۈيۈق-
ئاش قايناپ تۇراتتى، ئەمما ئۆيدە ئادەم يوق ئىدى. بىز تاماق
ئېتىش ئۇسۇللىرى ۋە ئۆي - بىساتلىرىغا قاراپ ئۆي ئىگىسىنىڭ
ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. بىز ئۇلارنى ئىزدەشتۇرۇپ قارى-
ساق، ئۇلار قورقۇپ سەي ئورىسىغا چۈشىۋاپتۇ، ئەر - ئايال،
بالىلىرى بولۇپ تۆت جان ئىكەن. بىز ئۇلارغا ئىنقىلابنىڭ مەق-
سىتىنى چۈشەندۈرۈپ سەي ئورىسىدىن ئېلىپ چىقتۇق. ئۇلار
بىزگە گومىنداڭ پوتىيىسىنىڭ ئىككى قەۋەت ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ
بۇتخانا بىلەن تۇتىشىدىغان ئاكوپىنىڭ بارلىقى، بۇ پوتەيىنى بىر
پەي ئەسكەرنىڭ كېچە - كۈندۈز پىلمۇتلار بىلەن ساقلايدىغانلى-
قى، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىدە قورقۇنچ، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى-
نىڭ بارلىقى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ چوڭ - چوڭ باشلىق-
لىرىنىڭ قورقۇپ ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەتكەنلىكى... قاتارلىق
ناھايىتى مۇھىم تەپسىلاتلارنى سۆزلەپ بەردى.
گومىنداڭ پوتىيى دۆڭلۈك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ،

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

تۈگمەن بىلەن ئارىلىقى 50 مېتىرچە كېلەتتى، ئوتتۇرىسى تۈز-
لەڭلىك ئىدى. روتىمىزدا 60 ـ 70 چە ئادەم قالغانىدى، بىزدە
مىنامىيوت قاتارلىق ئېغىر تىپتىكى قوراللار يوق ئىدى. قولى-
مىزدا بار بولغان قوراللار مىلتىق، گرانات، پىلمۇت، ئاپتومات
... قاتارلىقلار ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پوتەينى قانداق
قىلىپ ئېلىش كېرەك؟ خۇددى پولك كومىسسارى ئېيتقاندەك،
بۇ پوتەي بۇتخانىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ چوڭ توسالغۇسى، شۇنداقلا
ئۇرۇشنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. شۇڭا، بۇ پوتەينى تېزلىك-
تە ئالمىساق قەتئىي بولمايتتى. بىز ئەتراپىمىزغا قاراۋۇل قو-
يۇپ، تۈگمەننى دالدا قىلىپ، جەڭچى ـ كوماندىرلار بىلەن
بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇسۇل ـ چارىلەرنى تۈزۈپ چىق-
تۇق.
— پوتەينى گرانات بىلەن پارتلىتىش كېرەك! — دېدىم مەن
سەپداشلىرىمغا قاراپ قەتئىي ھالدا.
— ئۇنداقتا 50 مېتىر يىراقلىقتىكى پوتەيگە گرانات ئاتام-
دۇق؟ — دەپ سورىدى ئارقا سەپتىن بىزگە يېمەكلىك ئېلىپ
كەلگەن روتىمىزنىڭ ۋاھىمىستىرى (ئارقا سەپ تەمىنات خىزمەت-
چىسى) ماخمۇت. باشقىلارمۇ بۇ چارىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىش-
تى.
— ياق، گرانات ئاتمايمىز، بىزدە ئۈنچىلىك كۆپ گراناتمۇ
يوق، ھازىر تۈگمەنچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ئىگىلىگەن ئەھ-
ۋالغا ئاساسەن، پوتەي ئىچىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ جان
قايغۇسىدا قالغان ھالىتىدىن پايدىلىنىمىز...
سەپداشلىرىمنىڭ ھەممىسى قوراللىرىنى مەھكەم تۇتقان
ھالدا پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارى بىلەن سۆزلىرىمنى تىڭشايتتى.
— قولىمىزدىكى بارلىق قورال بىلەن ئوت كۈچىنى كۈچەي-
تىپ، دۈشمەننى پوتەينىڭ تۆشۈكلىرىدىن پىلمۇت ئېتىشقا جۈر-
ئەت قىلالماس قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئىككەيلەن ئېتىلىۋاتقان



ئوق ئاستىدىن ئۆمىلەپ بېرىپ، گرانات بىلەن پوتەينى پارتلى-
تىشىمىز لازىم! — دېدىم مەن.
ئولتۇرغانلار مېنىڭ سۆزۈمدىن جانلىنىپ كەتتى. ئوتتې-
لىنىيە كوماندىرى (بەنجاڭ) ھۇسېيىن شۇئانلا:
— بىرىگە مەن بارىمەن! ـ دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ
كەتتى. باشقىلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن «مەن بارىمەن!» دەپ
ئورنىدىن تۇرۇشتى.
— توختاڭلار، پىداكارلىق روھىڭلارغا مەن چىن دىلىمدىن
رەھمەت ئېيتىمەن، ئۆزۈمنىڭ تاللىشىغا يول قويۇڭلار، بىرىگە
ئۆزۈم بارىمەن، بىرىگە يولداش ئوراز بارىدۇ! — دېدىم مەن كەس-
كىن ھەم قەتئىي تەلەپپۇزدا.
مېنىڭ ئورازنى تاللىشىمدىكى سەۋەب، ئۇ بىر نەچچە قېتىم-
لىق ۋەزىپە ئۆتەشتە سىناقتىن ئۆتكەن، يۈرەكلىك، قورقۇم-
سىز، ئەمما سەل ئالدىراڭغۇ ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئۇنى ئۆزۈم
تىزگىنلەيمەن دېگەن ئويدا ئىدىم.
ئەمما، قىسمىدىكىلەر مېنىڭ بېرىشىمنى لايىق تاپمىدى.
(مەن كوماندىر بولغان كىشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە
تۇرۇپ جەڭ قىلىشى، دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، ئۇ-
نىڭغا مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىشى، خەتەرلىك دەپ بىلگەن بىرەر
مۇھىم ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۈلگە يارىتى-
شى، شۇ ئارقىلىق باشقا جەڭچى ـ كوماندىرلارنىڭ پىداكارلىق
روھىغا ئىلھام بېرىشى كېرەك، مانا بۇ كوماندىرنىڭ قوماندانلىق
سەنئىتى، دېگەنلەرنى ئاللىبۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈكۈپ
قويغانىدىم.)
غۇلغۇلىنى بېسىش ئۈچۈن مەن ئاخىر «بۇ بۇيرۇق!» دې-
دىم.
ئوراز ئىككىمىز قىسمىمىزدىكىلەر ئاچقان ئوت كۈچىنىڭ
ئاستىدىن ئۆمىلەپ پوتەي تۇۋىگە بېرىۋالدۇق. قىسمىدىكىلەر



ئوت ئېچىشنى توختاتتى. بىزنىڭ پوتەي يېنىغا ساق ـ سالامەت
يېتىپ كېلىشىمىز قىسمىدىكى ھەربىر جەڭچىنىڭ قەلبىدە غەلى-
بىنىڭ ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇرغانىدى. پۈتۈن بەدىنىم تەرگە
چۆمۈلۈپ، يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقاتتى. ئوراز غەلىبىدىن ئې-
سەنكىرەپ، مەن «ھاي!» دېگۈچە ئالدىراپلا بىر گراناتنى يېتىپ
تۇرۇپ پوتەينىڭ ئۈستىگە ئاتتى. پوتەي ئېگىز بولغانلىقتىن
گرانات ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشمەي پوتەينىڭ ئۈستۈنكى قىرىغا تې-
گىپ، بىز تەرەپكە يېنىپ چۈشتى. مەن ئورازغا:
— تۆۋەنگە قاراپ دومىلا! — دېدىم — دە، ئۆزۈممۇ دومىلاپ
يېتىۋالدىم. گرانات دۆڭگە چۈشۈپ «گۇم!» قىلىپ پارتلىدى.
بىز توپا ـ چاڭنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالدۇق، دۆڭنىڭ ئاستىدا
بولغانلىقىمىز ئۈچۈن گراناتنىڭ زەربىسىدىن ئامان قالدۇق. بىز
توپىنىڭ ئاستىدىن خۇددى چاشقانغا ئوخشاش سىلكىنىپ چىق-
تۇق. تۈگمەندىكى جەڭچى ـ كوماندىرلار بىزنى قۇربان بولۇپ
كەتتى، دەپ ھەسرەت چېكىپ، پوتەيگە بېرىشقا كوماندىرى ھۇ-
سېيىن بىلەن يەنە بىر جەڭچىنى ئەۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغانىكەن،
مەن بۇنى كېيىن ئۇقتۇم. تۈگمەندىكى سەپداشلار بىزنى كۆرۈپ
ئوت كۈچىنى توختاتتى. مەن ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن پوتەي
تۈۋىگە ئۆمىلەپ چىقىپ، يېنىمغا ئېسىۋالغان ئۈچ دانە گراناتنى
پوتەيدىكى ئەسكەرلەرنىڭ پىلمۇتى توختاپ قالغان پەيتتە ئەپچىل-
لىك بىلەن ئىچىگە تاشلىۋەتتىم ـ دە، ئوراز بىلەن ئىككىمىز
يەنە بىر قېتىم دۆڭدىن پەسكە دومىلاپ چۈشۈپ يېتىۋالدۇق.
دەھشەتلىك پارتلاش ساداسى بىلەن يەر ـ جاھان سىلكىنگەندەك
بولۇپ كەتتى، ئەتراپنى ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزان قاپلىدى.
بىزگە ئەڭ خەتەرلىك بولۇپ تۇيۇلغان بۇ دۆڭلۈكتە ئىككى قې-
تىملىق خەتەردىن ساقلىنىپ قالدۇق.
پوتەينىڭ پارتلىتىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان
تۈگمەندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر «ھۇررا!» دەپ تۇۋلىغان



پېتى پوتەيگە يېتىپ كەلدى. خۇدىنى يوقىتىپ پوتەي سىرتىدا
قالغان بىر ئەسكەر جەڭچىلەرنىڭ «ھۇررا!» ساداسىدىن ھۇر-
كۈپ بۇتخانا تەرەپكە قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى. ئۇنى ھوشۇر دېگەن
بىر جەڭچى ئارقىسىدىن قوغلىدى، ئۇ مېنىڭ «قوغلىما!» دېگە-
نىمگە ئۇنىماي، بىر دەمدىن كېيىن ياپۇننىڭ ئون ئاتار مىلتىقى-
نى ئېلىپ كېلىپ، ماڭا «ئۇنى يوقاتتىم!» دەپ دوكلات قىل-
دى. مەن ئۇنى:
— ئۇنى دۈشمەنلەرنىڭ ئىچىگە قوغلاپ كىرەمتىڭ؟ بۇ خە-
تەرلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئەيىبلىدىم. ئۇ خوتەن شېۋىسىدە:
— يا شىداچاڭنى ئايتتۇق، يا جاننى بيستۇق، — دېدى.
مەن «يات!» دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇ يېتىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، ئۇ-
نىڭ پېشانىسىگە دۈشمەن ئوقى تېگىپ ئالدىمدا يېقىلدى. مەن
ئۇنىڭغا قاتتىق ئېچىندىم. ھەي، بىزدىكى بىخۇتلۇق، ئەنە شۇن-
داق جېنىمىزغا زامىن بولىدۇ ـ دە، دېدىم ئىچىمدە. كېيىن
جەڭچى ـ كوماندىرلار ئارىسىدا ھوشۇرنىڭ يۇقىرىقى سۆزى ئې-
غىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ئۇنى ياد ئېتىدىغان تەمسىل بولۇپ
قالدى.
ھوشۇر خوتەنلىك بولۇپ، 24 ياشلاردا ئىدى. ئۇ گومىن-
داڭغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كۈرەگە كەلگەن. 1944 ـ يىلى
12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى كۈرە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى
تەرىپىدىن قورشالغاندا، ھوشۇر سېپىلدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئۈچ
ۋىلايەت ئارمىيىسىگە قوشۇلغانىدى. ھوشۇر ئوتتۇرا بويلۇق،
كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇ گومىنداڭغا چىش ـ تىرنىقىغىچە
ئۆچ ئىدى، دائىم گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى
يۇقىتىپ، خوتەنگە بېرىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇشنى
ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا، باتۇر، قورقۇمسىز، ئۇرۇشنىڭ ئەڭ
ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ جەڭ قىلىپ كەلگەنىدى.
پوتەينى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنمۇ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى

زادىلا توختىمىدى. ئەمدىلا بىر قېتىملىق ھۇجۇمنى چېكىندۈرۈپ تۇرساق، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىمقىسى باشلىناتتى. ئارقا سەپتىن ئوق - دورا تېخى يەتكۈزۈلۈپ بېرىلمىگەنىدى، بار بولغان ئوق - دورىلار تۈگەي دېگەنىدى. مەن جىددىيلىك، تاقەتسىزلىكتىن ئۆزۈمنى قويغۇدەك يەر تاپالماي كەتتىم. تۆتىنچى قېتىملىق ھۇجۇمنىمۇ جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ پىداكارلىق روھى بىلەن چېكىندۈردۇق. ئەتراپتا دۈشمەننىڭ جەسەتلىرى خۇددى ساينىڭ تېشىدەك ياتاتتى. جەڭچى - ئوفىتسېرلار بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ غەلىبىسىدىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر - بىرىنىڭ توپا - چاڭ ۋە لاي بىلەن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن تۇرقىغا قاراپ كۈلۈشەتتى.

ئوق ئەكەلگىلى ئارقا سەپكە كەتكەن ئوراز ئىسىملىك جەڭچى يەلكىسىدىكى ئوق قاچىلانغان يەشىكنى يەرگە قويدى - دە، كىيىمىنى ئالدىراش تۈزەپ:

— مۇھتەرەم كوماندىر! بۇيرۇقىڭىز بويىچە پىلىموت، مىلتىق ئوقىدىن بىر يېشىك ئېلىپ كەلدىم، - دەپ دوكلات قىلدى.

ئورازنىڭ پۈتۈن كىيىمى لاي بولۇپ، خۇددى لاي كۆلچىكىدىن سۈزۈۋېلىنغان ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئورازنىڭ جەسۇرانە روھ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كۈچلۈك قامىتىگە قاراپ ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقىدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ دۈشمەننىڭ ئوق مەركىزى بولغان تۈپتۈز ۋە كەڭ سازلىقتىن ئۆتۈپ، 200 مېتىر يىراقلىقتىكى ئارقا سەپتىن 40 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى بىر يېشىك ئوقنى ئېلىپ كېلىشنى پەقەت مۇشۇنداق ئەزىمەتلا قىلالايتتى. لېكىن، ھەربىي ئىنتىزام بويىچە ئۇنىڭ كېچىككىنىش سەۋەبىنى سورۇشتۇردۇم.

— مۇھتەرەم كوماندىر، كېتىۋاتقىنىمدا ئارقا سەپتىكى بىر ئوفىتسېر «سەن قاچقۇن» دەپ ماڭغىلى قويمىدى، — دېدى ئۇ



ھاسىراپ تۇرۇپ.

— ئۇ كىمكەن؟ — دېدىم ئاچچىقىم بىلەن.

— مەن ئۇ ئوفىتسېرنى تونۇمايدىكەنمەن. ئۇنۋانى كاپىتاندىكەن، مەن ئۇنىڭغا كوماندىر تۇردىيوفنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئوق ئەكەلگىلى كېتىۋاتىمەن دېسەم، ئۇ يالغان ئېيتىسەن، سىلەرنىڭ كوماندىرىڭلارنىڭ ئىسمى راشىدىن بىلەن ئارتىقوف، دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. مەن ئۇنىڭغا دېگىنىڭىز توغرا، راشىدىن بىلەن ئارتىقوف يارىدار بولغاچقا، ھازىر روتىغا تۇردىيوف قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ دېسەممۇ ئۇنىمايدۇ، دەل شۇ چاغدا 3 - روتىنىڭ كوماندىرى ئەيسايوف كېلىپ قېلىپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئاران قويۇپ بەردى، — دېدى ئوراز.

دۈشمەننىڭ بەشىنچى قېتىملىق ھۇجۇمى باشلاندى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئالدىنقى قېتىمقىلىرىغا ئوخشىمايتتى. ئادەم سانى كۆپ، ھۇجۇم قىلىشى تەرتىپلىك، بىر قىسمى ئالغا ئىلگىرىلەپ مۇداپىئەدە تۇرۇپ ئوت ئاچقاندىن كېيىن، كېيىنكىلىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ مۇداپىئەگە ئۆتۈپ، شۇ تەرىقىدە قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى. بىزنىڭ كۆڭلىمىز توق، غەلىبىگە ئىشەنچىمىز زور ئىدى، چۈنكى ئوق - دورىلار تولۇق ئىدى. شۇڭا، ئوت كۈچىنى ئۇلغايتتۇق. لېكىن، «گېرمانكا» ماركىلىق بەش ئاتار مىلتىق 10 - 15 پاي ئوق ئاتقاندىن كېيىن قىزىپ كېتىپ زاتۇۋرى قايرىلماي قويىدى.

بۇنىڭغا جەڭچىلەر ئامال قىلالماي زاتۇۋرنى ئۆزلىرىنىڭ سۈيدۈكى بىلەن ھۆللىدى، بۇنىڭ بىلەنمۇ ئىش ھەل بولمىدى. دۈشمەن ئەسەبىيلىك بىلەن غالجىرلارچە ئالىتاغىل ۋارقىرىشىپ يېقىنلاپ كەلدى.

بىزنىڭ ئىگىلەپ تۇرغان ئورنىمىز مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ، ناۋادا بۇنى دۈشمەن ئىگىلىۋالسا پۈتۈن فرونتقا تەسىر يېتەتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە شىخۇغا غەربىي شىمالدىن ھۇجۇم



قىلغان قىسىملار زور قۇربانلارنى بېرەتتى. دۈشمەن يېقىنلاپ باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. مەن پولك كومىسسارى ئېيتقان شىخۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن بىز بىلەن ماسلىشىپ جەڭ قىلىدىغان تارباغاتايدىكى پولكنىڭ بىر روتىسى قېنى دۇ؟ دەپ تىت - تىت بولاتتىم. كېيىن ئۇقسام، بۇ قىسىم بىز پوتەينى ئېلىشتىن بۇرۇن بىز بىلەن ئالاقىلەشمەيلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، پۈتۈنلەي قۇربان بولۇپ كەتكەنىكەن. مەن ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ:

— مىلتىق ئۇچىغا نەيزىنى بېكىتىپ قوچاقلاشما جەڭگە تەييارلىنىڭلار! — دەپ روتىدىكىلەرگە بۇيرۇق بەردىم. بۇنىڭدىن باشقا چارىمىز يوق ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا جەڭچى توختى ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى - دە، ھەربىيچە سالام بېرىپ:

— مۆھتەرەم كوماندىر! ماڭا تۆت دانە گرانات بەرسىڭىز، دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بەرسەم، رۇخسەت قىلىڭ! - دېدى.

توختىنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى خۇددى رەقىبىگە ئېتىلىشقا تەييارلانغان يولۋاستەك ئىدى. ئۇنىڭ چىپەيزە ئۇرۇشى ۋە شىخۇغا قىلىنغان دەسلەپكى ھۇجۇملاردا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ئاز ئەمەس ئىدى. ئەمما، بۇ قېتىمقىسى ئىنتايىن خەتەرلىك، بىراق قوچاقلاشما جەڭگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرى دۈشمەن سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئەلۋەتتە بىزگە پايدىلىق ئىدى. مەن دەقىقە ئويلىنىپ قالدىم.

— كوماندىر، مۇشۇ پوتەينى ئېلىشقا ئورازنى ئېلىپ ئۆزىڭىز باردىڭىز، ئەمدى نۆۋەت مېنىڭكى! مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ! بۇيرۇق بېرىڭ! - دېدى ئۇ.

شۇ ئارىلىقتا ئوتدېلىنيە كوماندىرى ھۇسەيىن، جەڭچى ئوسمان قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. مەن يەنىلا توختىنى تاللىۋالدىم.

— قايسىڭلاردا گرانات قالدى؟ — دېدىم ئەتراپتىكى سەپداشلىرىمغا قاراپ. روتا بويىچە پەقەت تۆتلا گرانات قاپتۇ، توختى



تېزدىن تۆت دانە گراناتنى گرانات خالتىسىغا سالدى - دە، «مەن تەييار كوماندىر! » دەپ ھەربىيچە سالام بەردى. توختىنىڭ بۇ چاغدىكى قىياپىتى رەقىبىنى يېڭىشكە ئاتلانغان جەڭچىگە ئەمەس، ئاشىقىنى كۆرۈشكە ماڭغان يىگىتكە ئوخشايتتى. توختىنىڭ بۇ نۇرلۇق چىرايىدىن غەلىبىنىڭ مۇقەددىمىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر ئىچىم شۇركىنىپ توختىدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قالدىم.

ئوراز پىلىموتتىن توختىماي ئوق ئۈزۈپ دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى توستى. توختى بەئەينى يىلپىزدەك بىر دەمدىلا يەر بېغىرلاپ 20 - 30 مېتىر ئىلگىرىلىدى - دە، بىر گراناتنى دۈشمەن ئۈستىگە ئاتتى. گرانات «گۇم! » قىلىپ پارتلاپ، بىر نەچچە دۈشمەننى يۇقىرىغا ئىرغىتىپ تاشلاپ قاپقارا تۈتەككە ئايلاندۇردى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن جەڭچىلەر «ھۇررا! ياشا توختى! » دەپ تۇۋلىشىپ كەتتى. ئىس - تۈتەكتىن پايدىلانغان توختى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئالغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ كېتىۋېتىپ يەنە بىر گراناتنى تاشلىدى. نەتىجىدە دۈشمەننىڭ سېپى بۇزۇلدى. دۈشمەن 50 مېتىردەك چېكىندى. توختى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۈچىنچى گراناتنى تاشلىدى. توختىنىڭ ئاتقان گراناتى بۈركۈتتەك شۇڭغۇپ دەل جايىغا چۈشۈپ، دۈشمەن سېپىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. شۇ پەيتتە 3 - روتىدىن ئاتقان بىر مىناميوت ئوقى ھاۋانى يېرىپ ئۆتۈپ دۈشمەننىڭ توپلاشقان يېرىگە چۈشۈپ ئون نەچچە ئەسكەرنى ھاۋادا لەيلەتتى. ئارقىدىن يەنە ئىككى پاي ئوق دەل جايىغا چۈشتى - دە، دۈشمەن پاتپاراق بولدى. مەن ئاتاكىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردىم. مېنىڭ كۆزۈم دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سېپىدە يۈرگەن توختىدا ئىدى. ئۇ ئاخىرقى بىر دانە گراناتنى ئېلىپ قولىنى كۆتۈرۈشىگە، ئوڭ قولىغا ئوق تېگىپ گرانات يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ سول قولى بىلەن گراناتنى ئېلىپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرگەنىدى، لېكىن ئون قەدەم ماڭا -

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!    http://www.lopnuri.com

ماڭمايلا دومىلاپ چۈشتى. «ھەي ئىسىت!» دېدىم ئىچىمدە.
ئۇنىڭغا ئوق تەگكەنلىكى ئېنىق ئىدى. شۇئاردا ئۇ ئورنىدىن
دەس تۇرۇپ جان - جەھلى بىلەن «ھۇررا!» دېگىنىچە دۈشمەن
سېپىگە بېسىپ كىردى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى نېمە قىلارىنى
بىلەلمەي قالايمىقان ۋارقىرىشىپ كەتتى. توختى گراناتنىڭ يىپىد-
نى چىشى بىلەن ئۈزۈۋېتىپ دۈشمەنگە قارىتىپ غەزەپ بىلەن
ئاتتى. دەھشەتلىك پارتلاش ئاۋازى بىلەن ئىس - تۈتەك يۇقىرىغا
كۆتۈرۈلۈپ بوشلۇققا سىڭىپ كەتتى.



## باھادىر جەڭچى

بەزى چاغلاردا ئۇرۇشنىڭ تازا جىددىي پەيتلىرىدە، بىرەر
شەخسنىڭ ئۆلۈمدىن قورقماي كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى پۈتۈن
قىسمنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە غەلىبىنى قولغا
كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ قالىدىكەن. ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىي جەڭچىسى ھېبىم ئەمرۇللا ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى
ئىدى.

1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مىللىي ئارمىيە
رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار
مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ياردىمىدە ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشكە
تۇتۇش قىلدى. شىمالىي سەپتە جەڭ قىلىشتا، كەڭساي ئاتلىق
ئەسكەرلەر 3 - پولكى شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىش، ئۇنىڭ
ۋەزىپىسى بورتالانىڭ شىمالى ئارقىلىق شىخۇ بىلەن تارباغاتاي،
ئالتايلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، شىخۇنىڭ تارباغا-
تاي، ئالتايلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، شۇ
جايدىكى پارتىزانلار بىلەن بىرلىشىپ، شۇ جاينى ئىگىلەش؛
ئوتتۇرا سەپتە جەڭ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر
2 - پولكى، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - پولكى، ئىلى زاپاس
ئەسكەرلەر پولكى، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىئو-
نى، مىنامىيوت باتالىئونى، شىبە ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى قاتار-
لىقلار ئۈستىگە ئېلىپ، غەربىي تەرەپتىن جىڭغا ھۇجۇم قىلىش،
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇيدۇڭ پىيادە ئەسكەرلەر 1 - پولكى، توپچى
ئەسكەرلەر روتىسى شىخۇغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە
قاراپ يۈرۈش قىلىش① بەلگىلەندى.

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 132
- بەت.



شىخۇ — ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى قاتناش تۇ-
گۈنىگە جايلاشقان ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇن بولۇپ، گو-
مىنداڭچىلار شىخۇنى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى دەپ قا-
راپ، بۇ يەرگە پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ قاتمۇ قات ئىستىھ-
كاملارنى قۇرۇپ، زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان، 10
مىڭدەك ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەكسىچە، شى-
خۇغا ھۇجۇم قىلىدىغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ قوراللى-
رى ئاددىي، ئەسكىرىي كۈچى بەش مىڭغا يەتمەيتتى. كۈچ سې-
لىشتۇرما پەرقى ۋە قورال - ياراغ جەھەتتىكى پەرق زور بولسى-
مۇ، جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ ئىنقىلابىي روھى، قۇربان بو-
لۇشتىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىقى بولغاچقا، قىسىملىرىمىز
دۈشمەننىڭ قوّيۇق ئوت كۈچىنى يېرىپ ئۆتۈپ، تېزلىكتە ئۇلار-
نىڭ 3 - مۇداپىئە لىنىيىسىنى ئىگىلىدى. جەڭچىلەر پۇرسەتنى
قولدىن بەرمەي، ئۇلارنىڭ 2 - مۇداپىئە لىنىيىسى (قارا دۆڭ
مەھەللىسى) گە ھۇجۇم قىلغاندا، شىخۇ تەرەپتىن دۈشمەننىڭ
ئىككى تانكىسى توپ ۋە پىلىمۇتتىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ،
ناھايىتى سۈرلۈك ھۆركىرەپ چىقىپ كەلدى. يەر تۇپتۇز، كۆك-
تات تېرىغان چۆنەك قىرلىرىدىن باشقا پاناھلانغۇدەك بىرەر ئەپ-
لىك ئورۇن يوق ئىدى. جەڭچىلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي
چۆچۈگەن ھالدا تېڭىرقاپ قالدى. بۇرۇن تانكا كۆرۈپ باقمىغان
جەڭچىلەر ئۈچۈن بۇ بىر تاسادىپىيلىق بولۇپ تۇيۇلدى. بىزنىڭ
سول قانىتىمىزدىكى 3 - ۋزۋودنىڭ كوماندىرى ھاجى جەڭچى
ئابدۇراخماننىڭ قولىدىكى 20 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى تانكا ئا-
تار (دەسلەپكى تانكا ئاتار قوراللىرىنىڭ بىرى) نى يۇلۇپ ئالدى
- دە، ئارقىغا تېپىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئىككى پۇتىنى چۆنەك
قىرىغا يۆلەپ، تانكىنى قارىغا ئالدى. ئۇ «كېلە، يامان بولساڭ
يېقىنراق كەلمەمسەن!» دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ، ئىككى پاي
ئوقنى كەينى - كەينىدىن ئاتتى. تانكىنىڭ ئالدىدىن ئىككى
تۆشۈك ئېچىلىپ، تانكا توختىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەيۋى-
سىمۇ يەرگە ئۇرۇلدى. بۇ ھال تېڭىرقاپ قالغان جەڭچىلەرگە



قايتىدىن جاسارەت بېغىشلىدى. ئىشنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى بىل-
گەن گومىنداڭنىڭ تانكىستلىرى زەخمە يېگەن تانكىنى ئالمان
- تالمان ئارقىدىكى ساق تانكىغا سۆرۈتۈپ، تانكا ھىمايىسىدە
كېلىۋاتقان چۇمۇلىدەك ئەسكەرلەر بىلەن قارا دۆڭ مەھەللىسى
ئارقىلىق شىخۇغا كىرىپ كەتتى. بىز بۇ پۇرسەتنى قولدىن
بەرمەي ئارقىدىن قوغلاپ گومىنداڭنىڭ 2 - لىنىيىسىنى ئىگىلى-
دۇق. جەڭچىلەرنىڭ غەيرىتى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. بىز كۈچ-
لۈك ئوت كۈچىگە قارشى قاتمۇ قات توسۇقلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ،
دۈشمەننىڭ تۈگمەننىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭ ئۈستىگە جايلاشقان،
بۇتخانىدىن قالسىلا 2 - ئورۇندىكى ئوت كۈچى مەركەزلەشكەن
پوتىيىنى ئىگىلىدۇق. دۈشمەن بۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي،
ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي غالجىرلارچە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆت-
تى. جەڭچىلىرىمىز بەزىدە قوچاقلاشما جەڭ ئارقىلىق دۈشمەننى
ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئۇلارنى بۇتخانىغا
بېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. بىز بۇتخانىنىڭ غەربىدە 100 مېتىر-
دەك ئارىلىقتا ئاكوپ كولاپ مۇداپىئە قۇرۇپ، يېڭى ھۇجۇمغا
تەييارلاندۇق. بۇ 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، يەنى
شىخۇغا ھۇجۇم باشلانغىنىغا تۆت كۈن بولغاندا يۈز بەرگەن ۋەقە
ئىدى.

گومىنداڭنىڭ 2 - مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈش
جېڭىدە روتىمىزنىڭ كوماندىرى راشىدىن بىلەن مۇئاۋىن كوماند-
دىرى ئارتىقوفلار يارىدار بولۇپ ئالدىنقى سەپتىن قايتقاچقا،
يۇقىرىدىن روتىغا قوماندانلىق قىلىشنى ماڭا تاپشۇردى. بۇ روتى-
دا 60 - 70 دەكلا ئادەم قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوق -
دورىلىرىمىز قۇرۇقدىلىپ قالغاچقا، مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتاندۇق.
يۇقىرىنىڭ «غەلىبىدىن ئېسەنكىرەپ بىھۇدە قارامىلىق قىلىشتىن
ساقلىنىش كېرەك» دېگەن يولىيورۇقى بويىچە، ئېھتىياتچان بو-
لۇپ، جەڭچىلەرنىڭ دۈشمەننى داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىش
تەلپىگە نىسبەتەن سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

قايىل قىلدىم. ئەمما، مۇشۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولۇپ كەتكەن نۇرغۇن سەپداشلىرىنى ۋە گومىنداڭ تەرىپىدىن كۆرە، سۇيدۇڭلەردە كۆزى ئويۇلۇپ، قورسىقى يېرىلىپ، يۈرىكى سۇغۇرۇۋېلىنغان هەر مىللەتتىن بولغان بىگۇناھ ئاممىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى ئېسىگە ئالغان جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ قەلبىدە قىساس ئوتى لاۋۇلداپ يانغانلىقتىن، كۆزىگە هېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا بۇتخانىغا تېزدىن هۇجۇمغا ئۆتۈشنى قەتئىي تەلەپ قىلىشاتتى. دەل شۇ پەيتتە «مۇھتەرەم كوماندىر! » دېگەن بوم ئاۋاز دىققىتىمنى بۇزدى. مىناميوتنىڭ ئىستانوكىدىن ئاجرىتىۋالغان ستۇۋۇلىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتقان هېبىم ئەمرۇللا ئاكوپتىن چەبدەسلىك بىلەن ئىرغىپ تۇرۇپ بۇيرۇقىنى كۈتمەيلا: «مەن بۇتخانىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قارشى هۇجۇمغا ئۆتتۇم» دېگىنىچە ئالغا يۈگۈردى.

هېبىم ئەمرۇللا بۇرۇسۇنلۇق بولۇپ، 23 ياشلاردا ئىدى. ئوتتۇرا بوي، غوللىرى كەڭ، مىجەزى ئېغىر - بېسىق، هەمىشە كۈلۈپلا تۇراتتى. قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن پەيتلەردە، چىشىغا تەگكەن سەپدىشىنىڭ بېلىدىكى كەمىرىدىن تۇتۇپ، بىر قولى بىلەن بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈۋالاتتى. هېبىم ئەمرۇللا ئادەتتە ماڭغاندا بىر مۆرىسى ئېگىز، بىر مۆرىسى پەستەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئۇنىڭ پالۋانلارغا خاس ئېغىر مىجەز - خۇلقىغا تولىمۇ يارىشاتتى. ئۈمىدۋارلىق، قىزغىنلىق، قەتئىيلىك، هەرقانداق خەتەردىن قورقماسلىق هېبىم ئەمرۇللانىڭ ۋۇجۇدىدىكى چاقناپ تۇرغان ئالاهىدىلىكى ئىدى. شۇڭا روتا ئۇنىڭغا كۈچ تەلەپ قىلىدىغان مىناميوتچىلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى شۇنداق ياخشى ئادا قىلاتتىكى، بىر تال ئوقى زايە كەتمەيتتى. مانا ئەمدى بولسا ئوقى تۈگىگەن مىناميوتنىڭ قۇرۇق ستۇۋۇلىنى كۆتۈرۈپ دۈشمەنگە هەيۋە قىلىپ يۈگۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ



ستۇۋۇلنى تۇتۇپ ئالغا يۈگۈرۈشى خۇددى بىر قانتىنى پەس، بىر قانتىنى ئېگىز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان شۇڭقارغا ئوخشايتتى. مەن هېبىمگە ئارقىسىغا قايتىشقا بۇيرۇق بەرگۈچە ئۇ خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى. مەن ئىلاجسىزلىقتىن جەڭچىلەرگە بۇتخانىغا هۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردىم.

جەڭچىلەر بۇتخانا هويلىسىغا كىرگەندە، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قوراللىرىنى يەرگە قويۇپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تۇرۇپتۇ. مەن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ: «ئاپىرىن! مۆجىزىغۇ بۇ! » دەۋەتتىم ئىچىمدە. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن «ۋاقىتلىق هۆكۈمەت» نىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن بومباردىمانچى ئايروپىلاندىن ئىككىسى شىخۇ هاۋا بوشلۇقىدا ئايلىنىپ، شىخۇدىكى گومىنداڭ هەربىي قىسىملىرىنىڭ مۇهىم هەربىي بازىلىرىغا بومبا تاشلىدى. بومبىلارنىڭ پارتلىشى بىلەن ئوت لاۋۇلداپ ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قىسىملىرى ساراسىمىگە چۈشتى. بولۇپمۇ مىللىي ئارمىيىنىڭ بوراندەك ئالغا بېسىپ، قەدەممۇ قەدەم قورشاۋ چەمبىرىكىنى قىسىپ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن گومىنداڭ هەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ هەلقۇمىغا كېلىپ قالغان جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەسكەرلىرىنى مۇداپىئەدە قالدۇرۇپ، مۇهاپىزەتچىلىرى بىلەن شەرققە قاراپ قاچقاچقا، قوماندانلىرىدىن ئايرىلغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قالغانىدى. بىز بۇتخانىنىڭ باشقا ئۆيلىرىدە پىلموت ئېتىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئوڭايلا تەسلىم قىلىپ، پۈتۈن بۇتخانىنى ئىگىلىدۇق. مەن هېبىم تۇرغان ئۆيگە كىردىم. ئۇ يەردە مېڭىسى چۇۋۇلغان بىر گومىنداڭ ئەسكىرى يېتىپتۇ. كېيىن مەلۇم بولدىكى، هېبىم مىناميوتنىڭ قۇرۇق ستۇۋۇلىنى كۆتۈرۈپ بۇتخانىغا كىرگەندە، هويلا ئىچىدە ئەسكەرلەر مىغ - مىغ ئىكەن. «قورققانغا قوش كۆرۈنۇپتۇ» دېگەندەك، هېبىمنىڭ قولىدىكى مىناميوتنىڭ ستۇۋۇلى ئۇلارغا نېمە كۆرۈندىكىن، ئوق چىقارماي تۇرۇپلا قاپتۇ. ئەسكەرلەر خۇددى باش قوماندانغا يول ئېچىپ بەرگەندەك قورقۇپ تىترىگەن هالدا ئوتتۇرىدىن يول ئېچىپ بېرىپتۇ. ئۇ هېچبىر قارشىلىقسىزلا بۇتخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. دۈشمەننىڭ پىلموتچىكى زېنىت پىلموتتىن سازلىقتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتقانىكەن، هېبىم قولىدىكى ستۇۋۇل بىلەن ئۇنىڭ مېڭىسىگە بىرنى ئۇرۇپ يىقىتىپتۇ - دە، پىلموتنى كۆتۈرۈپ (ئەمەلىيەتتە زېنىت پىلموتنىڭ ستانوكىنى ئىككى ئادەم ئاران كۆتۈرەلەيدۇ) ئىشىككە ئەكىلىپ، بۇتخانىدىكىلەرگە: «قوراللىڭنى تاشلا! قولۇڭنى كۆتۈر! » دەپ بۇيرۇپتۇ. تەمتىرەپ كەتكەن ئەسكەرلەر ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ تەسلىم بولۇپتۇ.



بۇتخانا ئىگىلەنگەندىن كېيىن، مەن دەررۇ ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قوراللىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەمىنات روتىسىنىڭ كوماندىرىغا تاپشۇرۇپ، هېلىقى زېنىت پىلموت ئاتقان تۆشۈكتىن ئالدىنقى سەپ — سازلىققا قارىدىم. قوراللىرىنى مەهكەم تۇتقان، غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشكەن، كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان شېھىتلار سازلىقتا سايىنىڭ تېشىدەك ياتاتتى. كرېست بەلگىلىك سومكا ئاسقان سانىتار قىزلار ئۆزلىرىگە كېلىدىغان خەۋپكە قارىماي، جان پىدالىق بىلەن بىردەم ئۆمىلەپ، بىردەم مېڭىپ يۈرۈپ، يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تاڭاتتى، نوسولكىغا سېلىپ بىخەتەر ئورۇنلارغا ئاپىراتتى. ئالغا ئىلگىرىلەشكە قاتتىق توسالغۇ بولۇۋاتقان بۇتخانىدىكى پىلموتنىڭ ئۈنى ئۆچۈشى بىلەن سازلىقتا بىلىنگىچە پاتقاققا پېتىپ ئېتىشىۋاتقان جەڭچى - ئوفىتسېرلار ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ، هۇررا ساداسى ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئالدىدىكىلىرى سازلىقنىڭ قىرىغا ياماشاتتى.

شىخۇ ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىخۇ ئۇرۇشىدا پىداكارلىق



بىلەن قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن، يۇقىرى هېبىم ئەمرۇللانى ئالاهىدە تەقدىرلىگەندىن سىرت، ئۇنى پولكنىڭ مۇهاپىزەت ئەترىتىگە يۆتكەپ كەتتى. مەن يىل ئاخىرىدا پولك شتابىغا يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغىنىمدا، هېبىم بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. ئۇ ماڭا ئۇرۇش ۋاقتىدىكىدىنمۇ جۇشقۇن كۆرۈندى. هەربىي فورمىسى ۋە يېنىغا ئېسىۋالغان ياغاچ قاپلىق ماۋزۇر ئۇنىڭ پالۋانلارغا خاس قامەتلىك بەستىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى «باهادىرلىق» مېدالى نۇر چاقنىتىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!
http://www.lopnuri.com

# يەھيانى ئەسلەيمەن

مېنىڭ بۇ ئەسلىمەمنى ئوقۇغانلار بەلكىم بۇ بىر رىۋايەت ياكى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ھېكايە ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەسلىمىنى يېزىشتىن ئىلگىرى بەزى دوستلىرىمغا بۇ ۋەقەنى ئېيتىپ بەرگەنىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «بۇ ۋەقە رىۋايەتكە ئوخشايدىكەن» دېسە، يەنە بەزىلەر «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابي ئۇرۇشىدا ئاجايىپ قەھرىمانلار مەيدانغا چىققانكەن – ھە!» دەپ ھەيران بولۇشتى. يەنە بەزى ئىلمىي قاراشتىكى كىشىلەر «بۇ ئوت يۈرەك باتۇرلارنىڭ روھىدىن ھازىرقى ياشلار ئۈلگە ئېلىپ، ۋەتەن ۋە خەلققە يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇشى لازىم» دېيىشتى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن دوستلار، بۇ يېزىۋاتقىنىم ھېچقانداق بىر رىۋايەتمۇ ئەمەس، يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ۋەقەلىكمۇ ئەمەس، ئەمەلىيەتتە بولۇپ ئۆتكەن ئىش. مەن بۇ ۋەقەنىڭ شاھىتىمەن، ھەتتا بۇ ۋەقەنىڭ ئاخىرىغا ئۆزۈممۇ قاتناشقانىدىم. ھازىر دەم ئېلىشقا چىقىپ ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان دوستۇم ھاكىم مۇسا مۇشۇ ۋەقەگە باشتىن – ئاخىر قاتناشقان بولۇپ، مۇشۇ ئەسلىمەمنىڭ ھايات شاھىتىدۇر.

بۇ ۋەقەنى 1945 – يىلى 11 – ئاينىڭ 20 – كۈنى ماناس دەرياسى بويىدىكى بىلىنداژدا (يەر ئاستى يوشۇرۇنۇش ئۆيىدە) 3 – روتىنىڭ مىنا مىيوت ۋوزۋودىنىڭ كوماندىرى يەھيا نەمەتوف ئۆز ئاغزى بىلەن تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇنىڭغا ئۇزۇن يىللار بولدى، ئەمما بۇ ۋەقە تاكى ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ.



ئۆتكەن يىلى 9 – ئايدا دوستۇم ھاكىم مۇسا بورتالاغا كەلگەندە، ئۇنىڭدىن مۇشۇ ۋەقەنى قايتا سورىدىم. چۈنكى، ئۇ ئاشۇ ۋەقەگە باشتىن – ئاخىر تولۇق قاتناشقانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇمۇ بۇ ۋەقەنى خۇددى يەھياغا ئوخشاشلا سۆزلەپ بەردى. ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاشۇ ۋەقەگە قاتناشقانلاردىن پەقەت توختاتار بىلەن ئايۇپ دېگەن ئىككىسىدىن باشقا جەڭچىلەرنىڭ ئىسمىنى ھەر ئىككىمىز ئۇنتۇپ كېتىپتۇق. مەن بۇ ئەسلىمىنى ئاشۇ مەرھۇم يەھيا نەمەتوفنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە يازدىم. بۇ ئەسلىمەمنى ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى ياشلىرىمىزغا نىسبەتەن ئاز – تولا پايدىسى بولار دېگەن ئۈمىدتە ھەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقانلار ئۈچۈن ئەمەلىي پاكىت – ماتېرىيال بولۇپ قالار دېگەن نىيەتتە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىخچاملاپ يازدىم.

* * * *

شىخۇ ئۇرۇشىدا 3 – روتا ھۇجۇم قىلىش مەركىزى بولغان بۇتخانىنىڭ ئۇدۇلىدىن ھۇجۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، دۈشمەننىڭ زەربىسىگە كۆپ ئۇچراپ، ئۇرۇشتىن كېيىن پەقەت 38 لا ئادىمىمىز قالغانىدى (ئۇرۇشتىن ئىلگىرى روتىمىزدا 152 نەپەر ئادىمىمىز بار ئىدى). بىز يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شىخۇ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى دەرەخلىك ئارىسىدىكى بىر بوش قالغان ھويلىغا ئورۇنلاشقانىدۇق. بىز چۈشكەن ھويلىدىن شەرق تەرەپكە بىر ئاز ماڭسا شىخۇ دەرياسىنىڭ بويىغا چىققىلى بولاتتى. ئۇ تەرەپ تاكى كۈيتۈنگە بارغۇچە دەل – دەرەخسىز، ئېگىز – پەس، تاقىر سايلىق ئىدى (مەن 1939 – يىلى يېشىمدا ئۈرۈمچىگە ئاشلىق توشۇش ئالۋىڭىغا تۇتۇلغان ۋاقتىي ھېيت دېگەن كىشىنىڭ هارۋىسىنى ھەيدەپ، ئۈرۈمچىگە بارغانىدىم، شۇ چاغدا بۇ يەردىن بىر قېتىم ئۆتكەنىدىم). بىز بۇ قورۇغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى



بويىچە ئۆز روتىمىزغا بەلگىلەپ بەرگەن دائىرە ئىچىدە چارلاش، پوستتا تۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. بولۇپمۇ كېچىسى ئەتراپنى چارلاش، پوستلارنى كۈچەيتىش ئىشلىرىنى پۇختا ئىشلىدۇق. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قاچقان بىر قىسىم گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پۇقرالارنىڭ مال – مۈلكىگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ يۈرەتتى.

1945 – يىلى 9 – ئاينىڭ 9 – كۈنى شىخۇ ئازاد قىلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، مەن روتا دېژۇرنىسى بولدۇم، دېژۇرنىلىقنى كېچە سائەت 12 گىچە ئۆتەيتتىم.

مەن كەچ سائەت سەككىزدە روتا مىنامىيوت ۋوزۋودىكى (بۇ روتىدا ئەسلىدە 16 جەڭچى بولسىمۇ، ئېغىر قوراللىرى بار بولغاچقا، ۋوزۋود دەپ ئاتايتتى) توختاتار دېگەن چېۋەر، پەم – پاراسەتلىك بىر قازاق جەڭچىگە يەنە ئىككى جەڭچىنى قوشۇپ، ئۇلارغا شىخۇ دەرياسى ئەتراپىغىچە چارلاپ كېلىشنى، ئەھۋال كۆرۈلسە دەل ۋاقتىدا دوكلات قىلىشنى، ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى كېچە سائەت 12 گە قەدەر بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ، چارلاشقا چىقارغانىدىم.

شىخۇ ناھىيە بازىرى ئېلىنغاندىن كېيىن، بىز ياتقان ئاشۇ قورۇ ئەتراپىدا گومىنداڭچىلارنىڭ تاشلاپ كەتكەن 50 نەچچە ئېتى ئىگىسىز ئوتلاپ يۈرۈپتىكەن. روتا خوجىلىق بۆلۈمىدىكى مەشۇر دېگەن كىشى روتا كوماندىرىغا ئېيتىپ، ئۇ ئاتلارنى قورۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بېدىلىككە ھەيدەپ كېلىپ، خىزمەتكە چىققاندا پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن بىزگە بېرىپ تۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن روتىمىزدىكى بارلىق جەڭچىلەر ھېچقانداق رەسمىي بۇيرۇقسىزلا ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ئايلىنىۋالغانىدۇق. شۇڭا، چارلاشقا چىققان بۇ ئۈچەيلەن ئاتلىق چىقىپ كەتكەنىدى. ئەمما، ئۇلار بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە قايتىپ كەلمىدى. مەن روتىنىڭ دېژۇرنىلىقىنى ستارشى لېيتېنانت – ھاكىم مۇساغا ئۆتكۈ-



زۈپ بېرىپ، بۇ ئۈچ چارلىغۇچىنىڭ تېخىچە كەلمىگەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلار سائەت بىرگە يېقىن قايتىپ كەلمىسە، ئەھۋالنى روتا كوماندىرىغا دوكلات قىلىشنى تاپىلىغانىدىم. ئەمما، ئۇلار سائەت بىرگىچىمۇ كەلمىگەندىن كېيىن، ستارشى لېيتېنانت ھاكىم مۇسا روتا كوماندىرىغا ئەھۋالنى دوكلات قىپتۇ. روتا كوماندىرى ئۇنىڭغا:

«سەن نەمەتوفنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى بىرلىكتە ئىزدەپ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇپتۇ.

ستارشى لېيتېنانت ھاكىم مۇسا روتا كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ماڭا يەتكۈزدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر جەڭچىنى ئېلىپ ھېلىقى ئۈچ نەپەر ئاتلىق چارلىغۇچىنى ئىزدەپ ماڭدۇق.

روتا كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، بىز قانداقلا بولمىسۇن ئۇلارنى تېپىپ كېلىشىمىز، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بىرەر ئېنىق خەۋەر ئېلىپ كېلىشىمىز كېرەك ئىدى.

بىز يېقىن ئەتراپنى خېلى ئىزدىدۇق. چۈنكى، مەن ئۇلار بىرەر خالىي جاينى تېپىپ، ئۇخلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، بۇ ئويلىرىم بىكار چىقتى. ئۇلاردىن ھېچقانداق بىر دېرەك بولمىدى. بىز ئۇلارنى ئىزدەپ شىخۇ دەرياسى بويىغا بېرىپ قالغاندۇق (ئەھۋالدىن قارىغاندا شىخۇ دەرياسىنىڭ سۈيى يازدا تاشقىن كېلىپ كۆپىيىدىغان ئوخشايدۇ. ئەمما، 9 – ئايدا سۈيى تارتىلىپ ئازغىنا سۇ ئېقىپ تۇرىدىكەن). بىز شۇ ئەتراپتا يوشۇرۇن پوستتا تۇرغان 1 – روتىنىڭ 2 – قاراۋۇلىغا يولۇقۇپ قالدۇق. ئۇلار بىزگە ئۈچ نەپەر چارلىغۇچىمىزنىڭ ئاشۇ ئەتراپتىكى كېچىكتىن ئۆتۈپ، شەرق تەرەپكە يۈرۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بەلگىلەنگەن چارلاش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ كېچە سائەت تۆت ئەتراپىدىكى ۋاقىت بولۇپ، ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلاپ، ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇڭا، بىز مۇشۇ

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!     http://www.lopnuri.com

ئەتراپتا بىرەر دالدا جاينى تېپىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇلارنى كۈتۈپ بېقىشنى ئويلاپ، بىر يارداڭلىقنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئاتلىرىمىزدىن چۈشۈپ، ئۇلارنى كۈتتۇق.

بىز قىسمىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدۇق. شۇڭا، ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ بىر ئاز ئەندىشە قىلاتتىم.

تاڭ ئېتىشقىمۇ ئاز قالغانىدى. شۇڭا، بىر ئاز تاقەت قىلىپ، يەنە كۈتۈپ تۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم - دە، يېنىمدىكى جەڭچىگە:

— سەن ھازىر ئۇدۇل بېرىپ روتا كوماندىرىغا بىزنىڭ ھازىر كۈيتۈن ئەتراپىغا يېقىن ئارىلىقتا ئىكەنلىكىمىزنى، ھېلىقى ئۈچ جەڭچىمىزنىڭ دەريادىن ئۇ تەرەپكە كېچە سائەت ئىككى يېرىم ئەتراپىدا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، بىزنىڭ ئۇلارنى بۇ يەردە كۈتۈۋاتقانلىقىمىزنى تېز خەۋەر قىل، روتا كوماندىرىنىڭ بىزگە قانداق بۇيرۇقى بولسا ئاڭلاپ، تاڭ سۈزۈلگىچە قايتىپ كەل، - دەپ ئۇنى يولغا سالدىم.

بىز خېلى ئۇزاق كۈتتۇق. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلاپ، ھاۋادىكى قويۇق تۇمانمۇ تارقالدى. ستارشى لېيتېنانت ئىككىمىز نۆۋەت بىلەن دۈربۈن ئارقىلىق كۈيتۈن تەرەپنى تەقەززالىق بىلەن كۆزىتىۋاتاتتۇق.

— ئالدى تەرەپتىن قويۇق چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ بىز تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغۇ، مۇھتەرەم كوماندىر! — دېدى ستارشى لېيتېنانت سەل - پەل ئەنسىرىگەندەك بولۇپ.

مەن ئۇنىڭ قولىدىن دۈربۈننى ئېلىپ، ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. ھەقىقەتەنمۇ كۈيتۈن تەرەپتىن قويۇق چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، بىز تەرەپكە يېقىنلاشماقتا ئىدى. ھاۋادا تۇمان تارقاپ، يىراق - يېقىندىكى مىدىرلىغان نەرسىلەر كۆزىمىزگە ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھېلىقى كۆتۈ-



رۈلگەن چاڭ - توزانلار ئارىسىدىن ئادەملەرنىڭ ۋە ھارۋىلارنىڭ بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقى، كېيىنرەك ئاتلىق ۋە پىيادە ئادەملەر، ھارۋىلاردا ئاياللار بىلەن بالىلار، ئۇلارنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان بىر توپ مال پادىسى ئېنىق كۆرۈندى.

مەن ئاتلىق كېلىۋاتقانلارنىڭ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇۋالدىم. بۇ بىر قورقۇنچلۇق مەنزىرە ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ مېڭىشلىرى رەتسىز، قالايمىقان كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇلار يېقىنلاشقانسېرى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. راستىنى ئېيتسام، كۆزۈم ئۇلاردا بولسىمۇ خىيالىم ئارقامدا، يەنى قىسمىغا خەۋەر قىلغىلى كەتكەن ھېلىقى جەڭچىنىڭ يولىدا ئىدى.

كېلىۋاتقان بۇ توپ ئاخىر بىزگە يېقىنلاشتى. قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىگەن ئەسكەرلەر يورۇق چۈشۈش بىلەن ئۆزلىرىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقانلارنىڭ پەقەت ئۈچلا ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ھەر تەرەپكە پىتىراپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ھەرىكەت قىلغاندا، تۇيۇقسىزدىن ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان توڭقاتار دېگەن جەڭچىمىزنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان ئىككى گومىنداڭ ئەسكىرىنى قولىدىكى «نېمىسچىسكى» ئاپتومات بىلەن «تا - تا - تات!» قىلىپ ئېتىۋەتكىنىنى، ئالدى - كەينىگە ئات چاپتۇرۇپ، ئۇلارغا بىر نېمىلەرنى دەپ بۇيرۇق قىلىۋاتقىنىنى بايقاپ قالدىم. ستارشى لېيتېناتمۇ بۇنى بايقىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمدى قاراپ تۇرۇشقا بولمايتتى، دەل شۇنداق جىددىي پەيتتە ئادەمدە بىر خىل غەيرىي ئەقلىي خۇلاسە پەيدا بولۇپ قالىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭدە بولۇپ باقمىغان بىر خىل جاسارەت، غەيرەت پەيدا بولۇپ، شۇ قۇدرىتىڭ بىلەن يەلكەڭگە چۈشكەن ئېغىر مۇشكۇلاتنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق يېڭىپ، ئۆزۈڭنىڭ مۇشەققەتلىك تەقدىرىڭنى ئوڭشىۋالىدىكەنسەن.

— ھاكىم! دەرھال ئېتىڭغا مىنىپ، مېنى قوغداپ ماڭ!



قىلچىمۇ ھودۇقما! ئارقىمىزدا بىزگە ياردەم بېرىشكە كېلىۋاتقان جەڭچىلىرىمىز باردەك ھېس قىلىپ، ماڭا ئەگىشىپ ماڭ! ئالدىمىزغا قاراپ كېلىۋاتقان ئاۋۇ توپتىكىلەر بىزنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتسۇن! بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولايلى، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلارنى توڭقاتار ئۆزى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىسەك، ئۇ جەزمەن تۈگىشىدۇ، قېنى تېزرەك ماڭغىن! — دېدىم - دە، ئېتىمنى توپنىڭ ئالدىغا چاپتۇرغاچ ماۋزۇردىن ئاسمانغا قارىتىپ ئۈچ پاي ئوق ئاتتىم. گەرچە پالۋانلاردەك ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان بولسامۇ، يۈرىكىم سۇ ئىدى. چۈنكى، بۇ كېلىۋاتقانلار ئاز ئادەم ئەمەس ئىدى - دە؟

بىزنىڭ تۇيۇقسىزدىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇشىمىز، ھەقىقەتەن ئۇلارنى تەمتىرىتىپ قويدى. كېلىۋاتقانلار بىر ئاز قالايمىقانلاشقاندىن كېيىن ئۆز ئورۇنلىرىدا توختاشتى.

شۇ ئەسنادا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن توڭقاتار چىقىپ، ئۇلارغا نېمىدۇر بىر نەرسىلەرنى دەپ بىز تەرەپكە قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇدۇللاپ كېلىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر ئاز ئورنىغا چۈشتى. ئەمما، شۇ چاغدا توپنىڭ ئارىسىدىن ئۈچ ئاتلىق ئەسكەر توپتىن ئايرىلىپلا مايتاغ تەرەپكە قاچتى. بىزگە قاراپ كېلىۋاتقان توڭقاتار ئۇلارغا «توختا! » دەپ ۋارقىرىدى. ئەمما، ئۇلار توختىماي بەدەر قاچقىلى تۇردى. چوڭ يولنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن (مايتاغ تەرەپتىن) يەھيانى قوغداپ كېلىۋاتقان ستارشى لېيتېنانت ھاكىم مۇسا سوۋېت ئاپتوماتى بىلەن ئۇلارنى ئانچە يىراققا بارغۇزمايلا ئاتلىرىدىن دومىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۈركۈپ كەتكەن ئاتلىرى تېخىمۇ ئۈركىگىنىچە دالاغا قاراپ چىپىپ كەتتى. توپتا قالغانلار بۇ ھالەتنى كۆرۈپ قورققانلىقىدىن جىم تۇرۇشتى. توڭقاتار ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئالدىمغا كېلىپ:



— مۇھتەرەم كوماندىر! - دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

— دوكلاتنى توختات! سەن بېرىپ ئاۋۇ ئاتلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتلىرىدىن چۈشۈرۈپ، بىر چەتكە تۇرغۇزۇپ قورالسىزلاندۇرغىن، — دېدىم. ئاندىن ھاكىم مۇساغا:

— يارايسەن، دەل ۋاقتىدا ئالدىدىن چىقتىڭ! سەن بېرىپ ئۇنىڭغا ياردەملەش! — دېدىم.

ھاكىممۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتتى. ئۆزۈم بىر پاكارغىنا تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇردۇم ۋە كەلگەن تەرىپىمىزگە (قىسمىمىز تۇرغان تەرەپكە) قارىتىپ ماۋزۇدىن يەنە ئۈچ پاي ئوق ئاتتىم. بۇنىڭدىن مەقسىتىم دۈشمەنلەردە بۇلارنىڭ مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرغان پىستىرما ئەسكەرلىرى بار ئوخشايدۇ، دېگەن ئوينى پەيدا قىلىش ئىدى. توپتىكى بارلىق ئادەملەر توڭقاتارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، يۇۋاشلىق بىلەن بىر چەتكە تىزىلىپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ جىم ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ئاتلىرىنى ئارقا تەرەپتىكى مال پادىسىغا ئايرىپ قوشۇپ، ئوق - قوراللارنى، ھارۋىلارغا ئايرىپ بېسىشتى. توڭقاتار مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قايتىدىن رەتلەپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ماڭا دوكلات قىلدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى يەنىلا ئويناپ تۇراتتى، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، يۈزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭ قىسقىچە دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ھالدا: «يارايسەن! » دېدىم. ئەسلىدە مۇنداق دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئىنتايىن ئېغىر ئىنتىزامسىزلىق قىلغانىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— سەن ھەربىي تۈزۈمىمىزگە خىلاپلىق قىلىپ، باشباشتاقلىق بىلەن چارلاش دائىرىسىدىن چىقىپ ھەرىكەت قىلدىڭ، مۇبادا بىرەر كېلىشمەسلىك چىققان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟ ئە-

گەر، بىز بۇ يەرگە دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەن بولساق، بۇ
ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى، سەن قايتقان-
دىن كېيىن روتا كوماندىرىغا ئۆز ئەھۋالىڭنى تەپسىلىي دوكلات
قىل! — دېدىم قەتئىي قىلىپ.
بىز ئەسىرلەرنى بىر قۇر رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئالدىدا قورال-
سىزلاندۇرۇلغان ھەربىي ئەسىرلەرنى، ئۇنىڭ كەينىدىن 14 هار-
ۋىدىكى ئاددىي پۇقرالارنى، ئارقىسىدىن ماللارنى (ئۇلار شىخۇ
ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان قازاق چارۋىچىلاردىن ئۈچ كىشىنى
مەجبۇرىي ئالۋاڭغا تۇتۇپ، ماللارنى ئۈرۈمچىگە ھەيدەپ ئاپىرىپ
بېرىش ئۈچۈن زورلىغانىكەن) ھەيدەپ ماڭدۇق. ئۇنىڭ ئارىسىدى-
كى 20 دىن ئۇشۇقى هارۋىلارنىڭ زاپاس ئاتلىرى، قالغانلىرى
بولسا قوي - كالىلار بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ماللىرى ئىكەن.
توڭقاتار بىلەن ستارشى لېيتېنات ھاكىم ئەسىرلەرگە، ئايۇپ
بىلەن يەنە بىر جەڭچى هارۋا بىلەن ماللارغا مەسئۇل بولۇپ
ماڭدۇق. شۇ ئەسنادا، بىزنىڭ ھېلىقى روتىغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە
ئەۋەتكەن جەڭچىمىز قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە،
روتا كوماندىرى ئەھۋالنى پولك شتابىغا مەلۇم قىلماقچى بولۇپتۇ
ۋە بىزنىڭ چارلاش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىكىمىزنى، ئۇ-
نىڭ ئىلاج بار بىر ئېنىقراق خەۋەر ئېلىپ كېلىشىنى تاپىلاپتۇ.
مەن بۇ جەڭچىگە:
— سەن يەنە تېزلىك بىلەن ئارقاڭغا قايتىپ روتا كوماندىرىغا
بىزنىڭ 520 گومىنداڭ ئەسكىرى، 100 دىن ئارتۇق پۇقرا
(بۇلارنىڭ بىر قىسمى گومىنداڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلى-
رىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى، قالغىنى يەرلىك بايلارنىڭ ئائىلە
- تاۋابىئاتلىرى)، يەنە نۇرغۇنلىغان ئات - هارۋىلارنى قولغا
چۈشۈرۈپ، شىخۇ دەرياسى بويى بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى،
يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن قىسىمغا يېتىپ بارىدىغانلىقىمىزنى
خەۋەر قىل! ئەھۋالدا چوڭ چاتاق يوق، روتا كوماندىرىنىڭ



يولىيورۇقىنى ئېلىپ تېز كەل! — دېدىم.
يولدا كەلگۈچە توڭقاتار بىزگە مۇنچە كۆپ ئادەمنى قانداق
ئەسىرگە ئالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى:
«......بىز كەچ سائەت ئونلاردا شىخۇ دەرياسى بويىدا 40
ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇر كىشىنىڭ ناھايىتى ئالدىراش
ھالدا ئات هارۋىسىنى ھەيدەپ شىخۇ ناھىيە بازىرى تەرەپكە كېتىد-
ۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. هارۋىدا 30 ياشلاردىكى چوكان
ئاغرىق ئازابىدىن قىينىلىپ، ئىنجىقلاپ كېتىۋاتاتتى. بىزنىڭ
ئۆز ۋەزىپىمىز بويىچە بۇنداق كېچىدە ماڭغان ئادەمنى توختىتىپ
تەكشۈرۈشىمىزگە توغرا كەلدى. ئۇ ئادەم ئۆزىمۇ جىددىيلەشكە-
نىدى. هارۋىدىكى چوكان ئۇنىڭ ئايالى ئىكەن، ئۇ ئېغىر ئاياق
بولۇپ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۇنىڭ تولغىقى تۇتۇپ
قاپتۇ. ئۇ ھېچ ئىلاج قىلالماي شىخۇ ناھىيە بازىرىدىكى قېيناند-
سىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. بۇ ئادەم ئەسلىدە كۇيتۇن ئەترا-
پىدا ئولتۇرىدىغان بىر دېھقانىكەن. ئايالىنىڭ ئاي - كۈنى يېقىن-
لىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇرۇش ئەنسىزچىلىكى بىلەن ناھىيە
بازىرىغا كىرىش تەس بولۇپ قالغاچقا، ئايالىنى ئۆز ۋاقتىدا
بازارغا ئەكىرەلمىگەنىكەن. ئۆزى ئولتۇرىدىغان يەردە تۇغۇت ئا-
نىسى بولغۇدەك بىرەر تەجرىبىلىك ئايالمۇ قالماپتۇ. ھەممە ئا-
دەملەر ئۇرۇش ئەنسىزچىلىكى بىلەن باشقا ياقلارغا كېتىپ قاپتۇ.
مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىلاجسىز تەۋەككۇل قىلىپ ئايا-
لىنى ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ ماڭغانىكەن. بىز ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىغا
ئېچىندۇق، ھېسداشلىق قىلدۇق، شۇنداقلا كۇيتۇن تەرەپلەردى-
كى ۋەزىيەت ھەققىدە قىسقىچە سوراپ باقتۇق. ئۇ كىشى شۇنچە
ئالدىراپ تۇرغان بولسىمۇ، كۇيتۇننىڭ بىر نەچچە كىلومېتىر
بېرىسىدىكى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يارداڭلىق ئىچىدە نەچچە يۈز
گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ
قورالسىز ۋە ياردار ئىكەنلىكىنى، ئاز قىسمى ئاتلىق ھەم قورال-



لىق ئەسكەر بولۇپ، ئۇن نەچچە چوڭ هارۋا بىلەن كۆچۈپ
كېتىۋاتقان 100 دىن ئارتۇق ئەر - ئايال، بالا - چاقا ۋە چارۋا
- ماللارنى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋات-
قىنىغا ئۈچ كۈن بولغانلىقىنى، قىسقىچە بىزگە خەۋەر قىلدى.
بىز بۇ ئادەمنى يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۈچىمىز
ئۇنىڭ بەرگەن خەۋىرىنى مۇزاكىرە قىلدۇق. مەن بىر ئامال
قىلىپ ئۇلارنى تەسلىم قىلدۇرۇش، ھېچ بولمىسا ئۇلاردىن بىرە-
رىنى تۇتۇۋېلىپ بولسىمۇ ئېنىق بىر مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ قاي-
تىش تەكلىپىنى بەردىم، ئايۇپ سەل مۇجمەل جاۋاب بەردى،
يەنە بىر جەڭچى مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن كېچە
سائەت بىرلەر ئەتراپىدا ئۇلارنى ئىزدەپ كۇيتۇن تەرەپكە ماڭ-
دۇق. بىز ئېھتىيات بىلەن يولدىن چەتلەپ، ھەربىر شەپىگە
دىققەت قىلىپ، بىرەر سائەتتىن ئارتۇق يول ماڭدۇق. سائەت
ئىككىدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئۇچراتمىدۇق. ھاۋا تۇتۇق
بولغاچقا ئەتراپ بەك قاراڭغۇ ئىدى. بىز ھېلىقى هارۋىكەشنىڭ
دېگىنى بويىچە يولنى تەخمىنەن مۆلچەرلەپ كېتىۋاتاتتۇق. بۇ
ئەتراپلار بىزگە ناتونۇش يەرلەر بولغىنى ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ
كېتىپ بارغان يولىمىزنىمۇ پەرق ئېتەلمەيتتۇق.
بىردىنلا ئالدى تەرىپىمىزدە ئوت يورۇقى كۆرۈندى. بىز
توختاپ ئاشۇ ياققا دىققەت قىلدۇق. قانداقتۇ ئېنىقسىز شەپىلەر
ئاڭلاندى. ئەمما، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش قىيىن
ئىدى. بىز ئېھتىيات بىلەن ئاشۇ ئوت كۆرۈنگەن تەرەپكە يېقىن-
لاشتۇق. ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشلىرى، ئارىلاپ بالىلارنىڭ قىسقا
يىغلاشلىرى ئاڭلاندى. دېمەك، هارۋىكەش دېگەن يەرگە يېتىپ
كەلگەنلىكىمىزنى بىلدۇق. بىز ئۈچىمىز مەسلىھەت بويىچە ئۇ-
لارنى ئۈچ تەرەپتىن قورشىدۇق. بىز ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئالدى
تەرىپىدىن (شەرق تەرەپتىن) ۋە شىمالىي تەرىپىدىن، ئاخىرىدا
غەربىي تەرىپىدىن ئوق چىقىرىپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت



قىلىشنى قارار قىلدۇق. مۇبادا، ئۇلار قارشىلىق قىلىپ قالسا،
دەرھال شەرق ۋە شىمال تەرەپتىكىلەر ئورنىمىزنى غەرب تەرەپكە
يۆتكەپ، ئۈچىمىز بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنى، ئەگەر دۈشمەن
قاچسا قوغلىماسلىقنى، مۇبادا بىزگە قارىتا ھۇجۇم قىلىش ئېھ-
تىمالى بولسا، دەرھال چېكىنىپ كېتىش پىلانىنى تۈزدۇق. بىز
مۇشۇ پىلان بويىچە ھەرىكەتنى باشلىدۇق. ھەممىدىن بۇرۇن مەن
شەرق تەرەپكە ئۆتتۇم. يەنە بىر جەڭچى شىمال تەرەپكە، ئايۇپ
غەرب تەرەپكە جايلاشتى. جەنۇب تەرەپ مايتاغ تەرەپ بولۇپ، ئۇ
يەردە بىزنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىمىزنىڭ بارلىقى بىزگە
مەلۇم ئىدى.
مەن پىلان بويىچە شەرق تەرەپتىن تۇيدۇرماي ئۇلارغا 100
مېتىرچە يېقىنلاشتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۈلخان ئەتراپىنى
چۆرىدەپ دۈگدىيىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى. هارۋىدىكىلەرنىڭ كۆپ-
لىرى ئاساسەن ئاياللار بىلەن بالىلار بولۇپ، ئۇلار هارۋىلارغا
چىقىپ، بېكىنىپ يېتىشقانىكەن. ئەرلەرنىڭ بەزىلىرى هارۋىلار-
نىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. بەزىلەر هارۋىلارغا يېقىن
بولغان گۈلخانلار ئەتراپىدا تۇرۇشاتتى. بويىنىغا قوراللىرىنى ئې-
سىۋالغان بىر نەچچەيلەن ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرۈشەتتى.
ئەھۋالدىن قارىغاندا گۈلخانغا يېقىن ئەتراپقا قاراۋۇللارنى قويغان-
دەك قىلاتتى. گۈلخان ئەتراپىدىكى قوراللىق ۋە قورالسىز ئەس-
كەرلەر تولىمۇ روھسىز كۆرۈنەتتى. ئۇلار قوزغىلىپ مېڭىش
تەييارلىقىنى قىلىپ بولۇپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشقاندەك قىلى-
شاتتى. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ يېقىنلىشىۋالدىم
- دە، ئاپتوماتتىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقاردىم. ئۆز ھەلەك-
چىلىكى بىلەن ئولتۇرۇشقان بۇ توپتىكىلەر پاتپاراق بولۇشۇپ،
ئاياللار ۋە بالىلار قىيا - چىيا قىلىپ ۋارقىرىشىپ، ھەممەيلەن
قالايمىقان ھالدا ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈشكە باشلىدى. شۇ ئارىدا
شىمال تەرەپتىن ئوق ئېتىلدى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا غەرب تەرەپتىن

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

ئوق ئېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېخىمۇ بەك قىقاس - چوقان كۆتۈرۈپ، نىشانسىز ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈشۈپ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپى قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى. مەن بۇ ئەھۋالدىن ئۇلارنىڭ بىزگە قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارغا: «تەسلىم بولۇڭلار!»، دەپ ۋارقىرىدىم. مۇشۇ پۇرسەتتە ئون نەچچە ئەسكەر مايتاغ تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئۇلار قاراڭغۇدا ئۇدۇل مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇندى. مېنىڭ تۇرغان يېرىم ئەپلىك جاي بولغاچقا، ماڭا يېقىنلاپ قالغان بۇ ئەسكەرلەرنى ئاپتومات بىلەن ئوققا تۇتتۇم. بىردەمدىلا ئۇلاردىن سەككىزى يىقىلدى! ئىككىسى قورال تاشلاپ تەسلىم بولدى. قالغانلىرى قوللىرىنى كۆتۈرۈپ گۈلخانلار ئەتراپىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى. شۇ ئارىدا ھارۋىدىكىلەر ئىچىدىن بىر ئوتتۇرا ياشلىق خەنزۇ ئەر چىقىپ، مەيداندىكىلەرگە مېنىڭ «قوراللىرىڭلارنى تاشلاپ تەسلىم بولۇڭلار! ھەممىڭلار ئوتتۇرىغا يىغىلىپ، قولۇڭلارنى كۆتۈرۈپ تۇرۇڭلار! يېنىڭلاردا بىرمۇ قورال قالدۇرماڭلار!»، دېگەن سۆزۈمنى خەنزۇچە تەرجىمە قىلىپ ئۇقتۇردى ۋە ماڭا قاراپ: «بىز تەسلىم بولىمىز، بۇيرۇقىڭىزغا بويسۇنىمىز»، دەپ چالىراق قىلىپ ئۇيغۇرچە سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭغا قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ دەرھال دېگەن يەرگە بېرىپ جىم تۇرۇشىنى قايتا ئۇقتۇردۇم، ئۇ ئەسكەرلەرگە مېنىڭ گېپىمنى يەتكۈزدى. ئەسكەرلەر قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئوتتۇرىغا يىغىلىپ ئولتۇرۇشتى. مەن ئاندىن تەۋەككۈل قىلىپ ئايۇپ بىلەن شىمال تەرەپتىكى جەڭچىگە: «ئېتىشنى توختىتىڭلار!»، دەپ ۋارقىرىدىم (ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر نەچچە پاي ئوق ئېتىپلا توختاپ قالغانىدى). مەن ئاپتوماتنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردىم. راستىمنى ئېيتسام، ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشاتتىم، خۇددى ئەتراپتا يېتەرلىك ھەربىي كۈچ - قۇدرىتىمىز باردەك، پەقەت بۇيرۇق



كۈتۈپلا تۇرۇۋاتقاندەك قىياپەت بىلەن ئۆزۈمنى ئۈستۈن چاغلاپ، پۈتۈن بەدىنىمگە ئۇلاشقان تىترەكنى زورىغا بېسىپ تۇراتتىم. شۇ چاغدا ھېلىقى تەرجىمان (ئۇ چاغدا تەرجىماننى توڭچى دەپ ئاتايتتى) ئالدىمغا قول قوشتۇرۇپ كەلدى ۋە:

— ئاخۇن، مەن بىر خورجا (دېھقان)، ئۆيۈم كونا شىخۇدا، ئۈچ بالام، ئايالىم ۋە ئانام بار. ھۆكۈمەت قېچىڭلار دەپ بۇيرۇغاچقا مۇشۇلارغا قوشۇلۇپ قاچقانىدۇق. بىز ئۆيدىن چىققىلى خېلى كۈن بولدى. بىزنى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ماڭغۇزماي، شىخۇ ناھىيە بازىرىدا تۇتۇپ تۇرغانىدى، ئاخىر ئەسكەرلەر قاچتى، ئاندىن بىزنى مۇنۇ بىر لىيەن ئەسكەر قوغداپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. مانا بۇ يەردە تۇرغىلى ئون كۈن بولدى، ھازىر مۇنۇ ئەسكەرلەرمۇ بارار يېرىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. لىيەنجاڭ قېچىپ كەتتى، قوماندان يوق. قالغانلىرى ئۇ يەر - بۇ يەردىن يىغىلىپ قالغانلار، ئاڭلىساق يەنسخەي سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ئىكەن، ئىلاجىسىز قالغاندۇق، ھەممىمىز سىلەرگە ئەل بولۇشنى خالايمىز، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسەڭلار، ... دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. ماڭا بىر ئاز جان كىردى، شۇنىڭ بىلەن بۇلارنى بۇياققا قاراپ ھەيدەپ ماڭدۇق.

يول بويى ئاز - تولا كېلىشمەسلىك چىقتى. مۇنۇ ئارقا تەرەپتە كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىپ، ھەر يەردە بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئوغرىلىق قىلىپ يۈرگەنلەر ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا جىڭ ئۇرۇشىدىن قېچىپ كەلگەنلەرمۇ بار. بىر نەچچىسى تاڭ قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قاچتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاندى. ئۈچ - تۆتى قېچىپ كەتتى. شۇڭا تېز قىسىمغا يېتىشىۋېلىشقا ئالدىرىدىم. ئويلىسام، تولىمۇ بىخوتلۇق قىپتىمەن. ئەگەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قېنى قىزىغان، ئەھۋالنى بىلىۋالغان قاراملىرىدىن بىرەرى چىقىپ، قورالنى ئېلىپلا مېنى ئېتىۋەتسە، قانداق قىلار ئىدىم،



ھېلىمۇ تەلىيىم بار ئىكەن، ئالدىمدىن بەختىمگە يارىشا سىلەر چىقىپ قالدىڭلار!......»

توڭقاتار كېچىچە بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى يۇقىرىدىكى بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەنلا تۈگەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، 5 - 6 يۈز قوراللىق، قورالسىز ئادەمنى ئالدىدىن توسۇپ «قولۇڭنى كۆتۈر!» دەپ كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى، بۇنى سۆزلەش ئاسان، ئەمما قىلماق ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىدى. بۇنداق ئىشنى قىلىشقا شىردەك يۈرەك ۋە جاسارەت، پاراسەت كېرەك ئىدى. بۇ ئۈچ نەپەر جەڭچى غەلىبە خۇشاللىقى بىلەن ئىرادىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم چىڭىتقان، ئۆزلىرىگە ئىشىنىش، قورقماسلىق، دۈشمەننى مەنسىتمەسلىك، دۈشمەن بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىش روھىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەنە شۇنداق زور ئىشلارنى قىلالىغان. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى ھازىرقى ياشلىرىمىز، بولۇپمۇ ياش جەڭچىلىرىمىز ئۈچۈن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك، ئەلۋەتتە!

يەھيا شۇلارنى سۆزلەپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى. مېنىڭ ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى بۆلگۈم كەلمىدى. چۈنكى، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىدىكى ۋەقەلەرگە ئۆزۈم قاتناشقان ھەم ئۇلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم.

پولك سىياسىي كومىسسارى مەرغۇپ، پولك شتابىدىن مايور مالىك، 1 - باتالىيون شتاب باشلىقى جەۋدەت، 3 - روتا كوماندىرى راخمانوف، 1 - روتىدىن مەن ۋە بىر ۋوزۋود جەڭچى شىخۇ دەرياسى بويىغا يېقىن قارىياغاچلىق ئارىسىغا كېلىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدۇق ۋە ئەسىرلەرنى تاپشۇرۇۋالدۇق. كومىسسار مەرغۇپ:

— مۇنۇ قورالسىزلاندۇرۇلغان ئەسىرلەرنى 1 - روتا كوماندىرى ئەخمەت تۇردىيوف مەسئۇل بولۇپ، پولك شتابىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بەرسۇن! يول بويى ئۇلارغا قەتئىي زىيان - زەخمەت



يەتكۈزمەڭلار! — دېدى. ئۇ يەنە:

— مۇنۇ ھارۋىلاردىكى پۇقرالارنى (ئۇلارنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ) 3 - روتا كوماندىرى راخمانوف مەسئۇل بولۇپ، ئۆز ئۆيلىرىگە تارقىتىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسۇن! ئۆي - جايى يوقلىرىنى پولك شتابى خوجىلىق بۆلۈمى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئورۇنلاشتۇرسۇن! ئاۋۇ چارۋا - ماللارنى ئىگىلىرى ئۆزلىرى تونۇۋالسۇن! ھېچقانداق ئادەمنىڭ بۇلارنىڭ مال - مۈلكىگە تېگىشىگە (ئېلىۋېلىشىغا) يول قويۇلمايدۇ! قالغان ئىشلار يەرلىك مەمۇرىي ئورۇنلار تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، — دېدى. ئۇ يەنە ئەسىرلەرگە قاراپ:

— ئەسىرلەر، سىلەر باشقۇرۇشقا تولۇق بويسۇنۇپ، بولمىغۇر يامان خىياللاردا بولماڭلار، سىلەرگە بىز ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن سىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى، يەنى ئۆز يۇرتۇڭلارغا قايتۇرۇش ياكى مۇشۇ يەردە يەرلىشىپ قېلىش ئىشىنى شۇ چاغدىكى ئەمەلىي سىياسەت بويىچە ھۆكۈمىتىمىز بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەمما، شۇ چاغقىچە سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار، تۇرمۇشۇڭلارغا بىز ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار كاپالەتلىك قىلىمىز. سىلەر ھۆكۈمىتىمىزنىڭ كەڭچىلىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغىنىغا تولۇق بويسۇنۇپ، ئۆز تۇرمۇشۇڭلارنى ئۆزۈڭلار قامداشقا بەرگەن ياخشى ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، بولمىغۇر خام خىياللارنى تاشلاپ، ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىشىڭلار لازىم، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. ئەسىرلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خاتىرجەملىك ھېس قىلىپ، چىرايلىرىغا باشقىدىن قان يۈگۈردى.

مەن 520 ئەسىرنى ئۆز روتامنىڭ بىر ۋوزۋود جەڭچىسى بىلەن ھەيدەپ مېڭىپ، پولك شتابىغا ئاپىرىپ قايتتىم. پولك شتابى ئالدىدا كومىسسار مەرغۇپ ماڭا يولۇقۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن سالام بېرىپ، ئەسىرلەرنى پولك شتابى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىمنى دوكلات قىلدىم. ئۇ رازىمەنلىكىنى بىلدۈردى. مەن ئادەتتىكى تەلەپپۇز بىلەن:

— مۆھتەرەم كومىسسار، ئۈچ جەڭچىمىزنىڭ گومىنداڭنىڭ شۇنچە كۆپ قوراللىق، قورالسىز ئەسكەرلىرىنى تەسلىم قىلدۇرۇپ ھەيدەپ كېلىشى بىر ئۇلۇغ مۆجىزىغۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭدىن گەپ كوچىلاپ. كومىسسار مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە قارىتا يېقىملىق تەلەپپۇزدا:

— بۇ ئۈچ جەڭچىمىز ناھايىتى قاراملىق قىپتۇ. قاراملىقمۇ بىر خىل قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، ئەمما بۇنداق قاراملىق كۆپ ھاللاردا پاجىئە بىلەن ئاياغلىشىدۇ. مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياييكى، يېڭىلگەن ئارمىيىدە جەڭگىۋارلىق بولمايدۇ، قاچقان ئەسكەردە جان قايغۇسى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ سايىسىدىنمۇ قورقىدىغان، تۇيۇقسىز بىرەر شەپىنى ئاڭلاپ قالسا ھوشىدىن كېتىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ئۈچ جەڭچىمىز ئەنە شۇنداق ۋەھىمە باسقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ دەل ئۈستىدىن چۈشكەن. بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلىش، باتۇرلۇق قىلىش كېرەك! ئەمما، بۇ ئۈچ جەڭچى ئىنتىزامغا ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلىپ، چارلاش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتتى. بىزگە مۇنداق زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئۇرۇشنى قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. مۇنداق قەھرىمان جەڭچىلىرىمىزنىڭ ھاياتى كوماندىرلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم.



ئۇلار كېيىنكى ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى. بۇ قېتىمقى پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا كوماندىر يەھيا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ناھايىتى ئوبدان ئادا قىلدى. يەھيا ئۇ يەرگە دەل ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپ، مۇناسىپ تەدبىر قوللانمىغان بولسا، بىز بۇ ئۈچ قەھرىمان جەڭچىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتۇق. يەھيانىڭ ئۇرۇشتا دۈشمەنلەرنى ئالداش، قايمۇقتۇرۇش تاكتىكىسى ئىنتايىن ئۇستۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىمۇ يولۋاستەك باتۇر يىگىت، يەھيانىڭ كوماندىرلىق سەنئىتىنى پۈتۈن پولك بويىچە ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئۇنداق دېسەم، سېنىڭ كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، سېنىڭدەك كوماندىرلار بىزنىڭ پولكىمىزدا ساناقلىقلا بار. سەنمۇ دۆڭدىكى پوتەينى خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي، شەخسەن ئۆزۈڭ بېرىپ پارتلىتىپ، دۈشمەننىڭ ئاساسىي ئىستىھكامىنى ئىگىلەپ، دۈشمەننىڭ بىر قانچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە چوڭ ھەسسە قوشتۇڭ، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ ماختىشىدىن ئوڭايسىزلىنىپ، يەرگە قارىۋالدىم. ئەمما، ۋۇجۇدۇمدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان خۇشاللىقنىڭ ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، دەررۇلا قايتىشقا رۇخسەت ئېلىپ كومىسساردىن ئايرىلدىم.

مەن يولدا كېتىۋېتىپ، كومىسسارنىڭ سۆزلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تەھلىل قىلدىم. ئۇرۇشتا ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئەمەلىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ھەقىقەتەنمۇ ئۇرۇشتا جەڭچىلەرنىڭ ھايات ـ ماماتى، غەلىبە قىلىش ـ قىلالماسلىقى كوماندىرنىڭ قوماندانلىق قىلىش سەنئىتىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى يەنە



مۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

مۇشۇنداق ئوي ـ پىكىرلەر ئىچىدە قىسمىغا يېتىپ كەلگەنلىكىمنى بىلمەي قاپتىمەن.



## نامسىز خەت

مەن ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان «1993 ـ يىللىق يەرلىك مەھسۇلاتلار يەرمەنكىسى» گە قاتنىشىش ئۈچۈن بېرىپ، بىر ئايغا يېقىن تۇرۇپ قالدىم. قايتىپ كېلىپ ئىدارىگە بارغىنىمدا شەخسىي نامىمغا كەلگەن بىر مۇنچە خەت يىغىلىپ قالغانىكەن. خەتلەر ئارىسىدىكى ناتونۇش بىر كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلغان بىر پارچە خەت دەسلەپتىلا دىققىتىمنى تارتىپ، دەررۇ ئېچىۋىدىم، تۆۋەندىكىلەر يېزىلىپتۇ:

«تاغام داۋۇت 1944 ـ يىلى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن، سىز بىلەن بىرگە چىقىپ كەتكەنىدى. تاغامنىڭ 1945 ـ يىلى شىخو ئۇرۇشىدا قازا قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ، قازاغا رىزا بولغانىدۇق. مەن ئۇ چاغدا كىچىك بولغىنىم ئۈچۈن تاغامنىڭ قانداق قازا قىلغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بۇ خەتنى يېزىشىمدىكى مەقسەت شۇكى، يېقىندا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە قوراللىق بۆلۈمدىن ئىككى كىشى كېلىپ، تاغامنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى. ئەمەلىي ئەھۋالنى تولۇق بىلمىگىنىم ئۈچۈن، ئۇلارغا بىر نەرسە دەپ بېرەلمىدىم. تاغامنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان ئاتا ـ ئانام ۋە بەزى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، بەزىلەرنىڭ خىزمەت ۋە باشقا ئېھتىياجلار بىلەن باشقا يۇرتلارغا كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا ئامالسىز قالدىم. سىزنى بورتالادا بار، تاغامنىڭ ئەھۋالىنى نىسبەتەن تولۇق بىلىدۇ دەپ ئاڭلاپ بۇ خەتنى يازدىم. ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى سېپىدە تۇرغان چاغدىكى ئەمەلىي

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

ۋۇت بىلەن بىرگە غۇلجىغا داۋالىنىشقا كېتىۋاتقان 4 ـ روتىنىڭ
جەڭچىسى قۇربان مۇسا (ئۇمۇ غۇلجىدا دوختۇرخانىدا ۋاپات بو-
لۇپتۇ) ماڭا شۇ يەردىنلا خەت يېزىۋەتكەنىكەن. خەتتە: «داۋۇت
داخىيەنزىگە كەلگەندە بولالماي جان ئۈزدى. مەرھۇم جان ئۈزۈش
ئالدىدا، مېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىمنى ئەخمەتكە يەتكۈزۈپ قويۇڭلار،
ئۇ ئانامغا مېنى سالامەت دەپ خەت يېزىۋەتسۇن دېگەنىدى، ئۇنىڭ
جەسىتى داخىيەنزىگە (جىڭ ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلار قەبرىس-
تانلىقى) قويۇلدى. قەبرە نومۇرى 63، خەۋەردار بولارسىز»
دەپ يېزىلغانىدى.



## كونا چامادان

ئۆيۈمدە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋات-
قان، ئاددىي پەنەركە تاختايدىن ياسالغان، كۆرۈنۈشى قوپال،
سىرلاقسىز بىر چامادان بار. بۇ مېنىڭ 50 يىلغا يېقىن ئۆمرۈم-
نىڭ شاھىتى، قىممەتلىك يادىكار بۇيۇم.

ئۆتكەن يىلى ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ھېيتلاپ كىرگەن
بىر نەچچە ياشلار ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئەتىۋارلاپ تىزىپ قويغان ئاشۇ
چامادانىنى كۆرۈپ، ئاۋۋال ئۇنى زاڭلىق قىلىشتى، كېيىن بولسا
بۇ چامادانىنىڭ تارىخىنى سوراپ تۇرۇۋېلىشتى.

مەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي، ئۇنىڭ سىرىنى
سۆزلەپ بېرىشكە ماقۇل بولدۇم:

مەن 1944 ـ يىلى توققۇزتارا ناھىيىسىدىن ئون نەچچە
دوستلىرىم بىلەن ئىلىدا قوزغالغان پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ قو-
راللىق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، توققۇزتارا، غۇلجا شەھىرى،
سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس) ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا
بىۋاسىتە قاتناشتىم. بىز سۈيدۈڭ، كۈرەلەرنى ئىشغال قىلغان-
دىن كېيىن، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سۈيدۈڭدە تۇرۇپ قال-
دۇق. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، بۇ يەردىكى پارتىزان قىسىملىرى
يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ «ئازاد
ئىشانلىق سۈيدۈڭ 1 ـ ئاتلىقچىلار پولكى» غا ئۆزگەرتىلدى. مەن
1 ـ باتالىئون 1 ـ روتىغا تەقسىم قىلىندىم. بىزنىڭ باتالىئون
كۈرەگە كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، قاتتىق ھەربىي ئىنتىزام
بىلەن مۇشەققەتلىك ھەربىي مەشقنى باشلىۋەتتۇق. پارتىزان
ۋاقتىمىزدا قورالنى ئىشلىتىشنى بىلسەكلا بولاتتى، مۇنتىزىم



ئارمىيەگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، قورال ئىشلىتىش ئاددىي
ساۋات بولۇپ قالدى. ھەركۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەربىي ئىن-
تىزام ۋە تۈزۈم ھەققىدىكى ئۆگىنىش، تۈرلۈك قىيىن توساقلار-
دىن ئۆتۈش، ئېگىزگە، پەسكە چىقىپ ـ چۈشۈش، نەيزىۋازلىق،
قۇچاقلاشما جەڭ، ئاكوپ، خەندەك قېزىش، پاناھلىنىش، ھۇ-
جۇم قىلىش، ئۇزۇن يول يۈرۈش، يۈگۈرۈش، ئۆمىلەش قاتار-
لىق ئىنتايىن جىددىي ۋە مۇشەققەتلىك مەشقلەرنى ئېلىپ بار-
دۇق. بەلگىلەنگەن تەلەپكە يەتمىسەك، مەشىق مەيداندىن قايت-
مايتتۇق.

ھۆل ـ يېغىن، بوران ـ چاپقۇن بولغان كۈنلىرى
كېچە ـ كۈندۈز دېمەي دالىدا قاتتىق مەشىق قىلاتتۇق. بىز
كۆپىنچە كۈرەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تىك تاغ تىزمىلىرى ئارى-
سىدا، جىرا، ئېدىر، ئېگىز ـ پەس جايلاردا غايىبانە دۈشمەن
بىلەن جەڭ قىلىپ، سەھەردە ياكى كۈن چىققان مەزگىللەردە
كۈرەگە قايتىپ كېلەتتۇق. بەزى كۈنلىرىدىكى مەشقنىڭ ئېغىر-
لىقىدىن، ھەتتا ئەتىسى ئورنىمىزدىن تۇرالماسلىقىمىزدىن ئەن-
سىرەپ ئۇخلاپ قالاتتۇق. بىراق ، ھەربىي تۈزۈم مۇتلەق بۇي-
رۇق بىلەن يۇرگۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەتىسى يەنىلا مەشىققە
چىقماي ئىلاجىمىز يوق ئىدى.

ئادەم قانداق تۇرمۇش شارائىتىدا ياشىسا، شۇ تۇرمۇش شارا-
ئىتىغا كۆنۈپمۇ قالىدىكەن. مەن باشقىلاردىن قالارمەنمۇ؟ خەق
يەڭگەن قىيىنچىلىقنى مەن يېڭەلمەمدىمەن؟! دېگەن پىكىر كال-
لامدا ھۆكۈمران ئىدى. ھەممىمىز ئاشۇ ئىرادىمىز بىلەن تەسەۋ-
ۋۇر قىلغۇسىز جاپا ۋە ئاغىرچىلىقلارغا چىدايتتۇق. جاپا ـ مۇشەققەت-
كە يولۇقساق، بىر ـ بىرىمىزگە مەدەت بېرىپ، تىرىشىپ ـ
تىرمىشىپ بىرلىكتە يېڭەتتۇق، ھەرىكەتتە بىرلىكنى ساقلايت-
تۇق. ئېغىر مەشىق بەدىنىمىزنى تاۋلاپ، ئىرادىمىزنى پولاتتەك
مۇستەھكەملەيتتى.



قىسمىمىز بۇيرۇق بويىچە 1945 ـ يىلى ئىيۇلنىڭ باشلىرى-
دا، شىمالىي ئوتتۇرا يۆنىلىش بويىچە ئالدىنقى ئۇرۇش لىنىيە-
سى بولغان شىخۇغا قاراپ يولغا چىقتۇق، ھەربىرىمىز
كىيىم ـ كېچەك، قورال بولۇپ 15 كىلوگرام يۈك كۆتۈرۈپ
كېتىپ بارساقمۇ، روھىمىز كۆتۈرەڭگۈ، چىرايىمىزدا كۈلكە،
كۆزلىرىمىزدە ئىشەنچ ئوتى يېنىپ تۇراتتى. بىز ئۆزىمىزدىن
سان جەھەتتە نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان كۈچلۈك دۈشمەن
بىلەن جەڭ قىلىشقا كېتىپ باراتتۇق، بۇ ھەممىمىزگە ئېنىق
ئىدى. بىراق، ھېچقايسىمىزنىڭ چىرايىدا ئەندىشە، ۋەھىمىدىن
قىلچىمۇ ئەسەر كۆرۈنمەيتتى. ھەممىمىز بىرەر توي ياكى سايا-
ھەتكە كېتىپ بارغاندەك خۇشال ـ خورام ئىدۇق.

بىزدىكى مۇنداق روھىي قىياپەتنى كۆرۈپ، مەن كۆڭلۈمدە
بۇ نەدىن كەلگەن غەيرەت ـ جاسارەتتۇ؟ قانداق قۇدرەتلىك كۈچ-
نىڭ تۈرتكىسىدۇ؟ خىيالىمىزغا دۈشمەن، ئۆلۈم دېگەنلەر كەل-
مەيدىغۇ؟ ئويۇن ـ چاقچاق، كۈلكە بىلەن كېتىۋاتىمىز، ئەكسى-
چە ئۇرۇش، ئۆلۈم دېگەنلەر بىر تىلسىماتتەك ئەھۋالغۇ؟! دېگەن-
لەرنى ئويلىغانىدىم.

بىز كۈرەدىن ئەتىگەن سائەت ئالتىلەر بىلەن قوزغىلىپ،
چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەر بىلەن لوسىگوڭغا يېتىپ كەل-
دۇق. بۇ يەر خېلىلا چوڭ بازىرى بار مەھەللە ئىكەن. بىز
يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، بىر كونا دەڭگە ئورۇنلاشتۇق.
بۇ يەردە كەم قوراللار تولۇقلاپ بېرىلدى.

بۇيرۇق بويىچە لوسىگوڭغا كېلىپ 8 ـ كۈنى ئەتىگەن
سائەت ئونلار بىلەن ھەممىمىز مەشىق مەيداندىن قايتىپ كې-
لىپ، پولك شتابى ئورۇنلاشقان چوڭ بىر قورۇغا يىغىلدۇق.
شۇ كۈنى لوسىگوڭدا سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. يۇقىرىنىڭ
بۇيرۇقى بىلەن كەڭسايغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

بىزنى لوسىگوڭ خەلقى ۋە جەڭچىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانا،

جەڭچى يەر بېغىرلاپ ئالغا ئىتتىلدى. ئەمما، ئارىدىن مىنۇت
ئۆتمەيلا بەش جەڭچى قۇربان بولدى، باشقىلارمۇ ئالغا ئىلگىرى-
يەلمىدى. ئارتقۇق ئۆزىنىڭ خاتا بۇيرۇق قىلغانلىقىنى سېزىپ
قالدىمۇ ياكى بىھۇدە قۇربان بولغان بەش جەڭچى ئۈچۈن ئېچىنغان-
لىقىدىنمۇ، گەدىنىگىچە قىزىرىپ كەتتى ۋە ماڭا قانداق قىلى-
مىز؟ دېگەندەك قىلىپ قارىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ مەنىلىك قارىشى-
نى چۈشىنىپ، ھۈسىينگە: «دەرھال چېكىنىپ ئۆز ئورنۇڭلار-
غا قايتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق بەردىم ۋە ۋوزۋودىكى بارلىق جەڭ-
چىنى دۈشمەن پوتىيى ۋە ئەتراپىتىكى ئوت توچكىلىرىنى قاتتىق
ئوققا تۇتۇپ، ھۈسەين قوشۇندىكىلەرنىڭ چېكىنىشىنى مۇھاپى-
زەت قىلىشنى بۇيرۇدۇم. ئاخىرىدا ئارتقۇفتىن پولك شتابى
قارىمىقىدىكى زەمبىرەك، مىناميوت قاتارلىق ئېغىر قوراللار
بىلەن دۈشمەن ئىستىھكامىنى نۇقتىلىق بومباردىمان قىلىشنى
پولك شتابىدىن تەلەپ قىلىشنى سورىدىم، ھۈسەين ئالتە جەڭ-
چى بىلەن بىرلىكتە تەستە ئۆز ئورنىغا چېكىنىۋالدى، بەش نەپەر
جەڭچىمىزنىڭ جەستى بىر نەچچە مېتىرلا ئالدىمىزدا ياتاتتى.
ئارىدىن 20 مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن، بىز تەلەپ قىلغان ئېغىر
قوراللار بىلەن قوراللانغانلار ئۇدۇلىمىزدىكى دۈشمەن ئىستىھ-
كاملىرىنى قاتتىق توپقا تۇتۇشقا باشلىدى. دۈشمەنلەر ئۆز ئىس-
تىھكاملىرى ئارىلىقىدا پاتپاراق بولۇشقا باشلىدى. شۇ پۇرسەت-
تىن پايدىلىنىپ، ئاشۇ تۇزلەڭلىك، تىكەنلىك سىم توساق ۋە
چوڭقۇر خەندەكلەردىن ئۆتۈۋالدۇق. بىز ئاساسىي توساقتىن ئۆ-
تۈۋالغاندىن كېيىن، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى بىر - بىرلەپ
ئىگىلىدۇق.

بىز چەيپەيزىنى شۇ كۈنى كەچ سائەت تۆت ئەتراپىدا تولۇق
ئىگىلىدۇق، بىز تەرەپتىن 13 جەڭچى قۇربان بولدى، بۇ سەپ-
داشلىرىمىزنى شۇ يەرگە دەپنە قىلدۇق، نامىزىنى پولك ئىمامى
ئابدۇرېھىم يۈسۈپ چۈشۈردى. شۇ ئارىلىقتا ھاۋا تۇتۇلۇپ، يام-



غۇر يېغىشقا باشلىدى. پولك شتابى چەيپەيزە بازىرى ئىچىدىكى
ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتى، قالغان قىسىملار دەريا بويىدىكى چاتقال
ئارىلاش قويۇق ئورمان ئىچىگە ئورۇنلاشتۇق. يامغۇر تاڭ ئاتقۇچە
ياغدى، ئۈستىمىزدىكى كىيىملەر ھۆل بولۇپ كەتكەچكە، قاتتىق
توڭلاپ كەتكەنىدۇق. يامغۇرنىڭ شۇنچە ياغقىنىغا قاراپ، كۆڭ-
لۈمدە قۇربان بولغان 13 سەپدىشىمىز ئۈچۈن تەبىئەتمۇ بىر كېچە
يىغلىدى - ھە! دېگەننى ئويلىغانىدىم. ئەتىگەن سائەت يەتتە
بىلەن بۇيرۇق بويىچە بىر تۈزلەڭلىككە يىغىلدۇق. پولك كوماند-
دىرى موگۇنتوۋ سەپ ئالدىغا چىقىپ، چەيپەيزە ئۇرۇشىدىن
قىسقىچە خۇلاسە چىقاردى، ئاندىن ھەرقايسى روتىلار بويىچە
بۆلۈنۈپ ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىپ، سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا
شىخۇغا قاراپ ماڭدۇق. دۈشمەن ئايروپىلانى ئارقا - ئارقىدىن
كېلىپ بومبا تاشلاپ، قىسمىنىڭ يۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلاتتى،
ئەمما زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. شىخۇغا ئاز قالغاندا قىسمىمىز
تەرىپىدىن دۈشمەننىڭ ئايروپىلانى ئېتىپ چۈشۈرۈلدى.

بىز ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 11لەر بىلەن كونا شىخۇ دېگەن
جايغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە ئۈستىمىزدىكى قورالدىن باشقا
ئېغىر - يېنىك يۈكلىرىمىزنى خوجۇلۇق بۆلۈمگە تاپشۇرۇپ،
شىخۇغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندۇق. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن
تېخى سۈيى تارتىلمىغان شال ئېتىزلىرىنى كېچىپ ماڭدۇق، ئۇ
يەردە شاللىق كۆپ، يەرلەر زەيكەش ئىكەن. پىلان بويىچە سائەت
تۆتتە شىخۇغا يېتىپ بېرىپ ئورۇنلىشىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ،
بىز كېچە قاراڭغۇلۇقىدا يولدىن ئېزىپ قېلىپ، ئاشۇ شاللىق
ئىچىدىن چىقىپ كېتەلمەي تاڭ ئېتىپ كەتتى. بىز تاڭ ئاتقاندىن
كېيىن يولىمىزنى تېپىپ، سائەت ئونلار بىلەن شىخۇنىڭ شەرقىي
شىمالىي تەرىپىدىكى قارىياغاچلىققا (بىر چېتى شەھەرگە تۇتىشى-
دىغان، ئارىلىرىغا ئاز - تولا زىرائەت تېرىلىدىغان ئورمانلىق)
يېتىپ كەلدۇق.



ھەرقايسى قىسىملار بەلگىلەنگەن نىشان بويىچە شىددەت بى-
لەن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا قىستاپ بېرىپ،
قارىياغاچلىقنى سائەت ئىككى ئەتراپىدا ئىشغال قىلدۇق. دۈش-
مەنلەر قارىياغاچلىقنى تاشلاپ چېكىندى. ئەتىسى ئەتىگەندە شىخۇ
ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قارا دۆڭ مەھەللىسىنى
ئىگىلىدۇق. قارىياغاچلىق، قارا دۆڭ مەھەللىلىرى دۈشمەننىڭ
ۋاقىتلىق سىرتقى مۇداپىئە توساقلىرى ئىكەن. رەسمىي مۇداپىئە
لىنىيىسى بىز ئىگىلىگەن قارا دۆڭ مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىي
تەرىپىدىكى بۇتخانا، ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تۈگمەن ئەتراپى ۋە
غەرب تەرىپىدىكى تۈگمەن، بىر نەچچە چوڭ - كىچىك مۇستەھ-
كەم پوتەي ھەم ئۇلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئۆمۈ-
چۈك توردەك ئاكوپ يوللىرى ۋە مەخپىي ئوت توچكىلىرى بىلەن
قاپلانغانىكەن. بۇ تەرەپتىن شىخۇ ناھىيە بازىرىغا كىرىش ئۈچۈن
كەڭ كەتكەن تۈزلەڭ سازلىقتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن، بۇ
دۈشمەن ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق ئىدى. قىسقىسى، دۈشمەن
شىخۇدا ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن مۇستەھكەم مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى-
نى قۇرغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ گومىنداڭنىڭ ئىچكىرىدىن
يۆتكەپ كەلگەن تاللانغان قوشۇنلىرى بىلەن قوغدىلىۋاتقان ئاسا-
سىي ھەربىي بازىسى ئىكەن. كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، دۈشمەن
بىزنى غەرب تەرەپتىن كېلىپ، جەنۇب ناھىيىسى تەرەپتىن ھۇجۇم
قىلىدۇ دەپ، ئاساسلىق مۇداپىئە لىنىيىسى بىلەن مۇداپىئە ئىس-
تىھكاملىرىنى غەرب تەرەپكە قۇرغانىكەن. كېيىن بىزنىڭ شىمال
تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇقۇپ، بىر قىسىم ئاساسلىق مۇ-
داپىئە ئەسلىھەلىرىنى بۇ تەرەپكە (شىمال تەرەپكە) يۆتكەپتىكەن.
بىز ئاساسلىق كۈچنى بۇتخانىغا قارىتىپ نەچچە قېتىم ھۇجۇم
قىلغان بولساقمۇ، دۈشمەننىڭ كۈچلۈك ئوت كۈچى ۋە مۇداپىئە
ئەسلىھەلىرىنى بۆسۈپ ئۆتەلمىدۇق، ھەتتا دۈشمەن مۇداپىئەلى-
رىگە تۈزلەڭ سازلىقتىن ئۆتۈپمۇ يېقىنلىشالمىدۇق. نۇرغۇن



جەڭچىلىرىمىز ئاشۇ بۇتخانا ۋە ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پوتەي،
ئاكوپلاردىن ئېتىلغان ئوقنىڭ زەربىسىدە قۇربان بولدى. كۆپلى-
گەن سەپداشلىرىمىزدىن ئەنە شۇ يەردە ئايرىلىپ قالدۇق. ئۇلار-
نىڭ جەسەتلىرى سازلىقتا قالدى. بىراق، بۇ پاجىئەلىك يوقى-
تىشلار جەڭچىلەرنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرالمىدى، ھەتتا سى-
تېرا قىزلارمۇ ياردارلارنى ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي ياردار
جەڭچىلەرنىڭ يارىسىنى تېڭىپ، ئەپلىك يەرلەرگە ياتقۇزۇپ قو-
يۇپ، بىز بىلەن بىللە ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئۇرۇشى ئىچىدە، شىخۇ ئۇرۇشى
دۈشمەن تەرەپنىڭ ئىشلەتكەن قوراللىرىنىڭ زامانىۋىلىقى، كۆلەم
جەھەتتە زورلۇقى، قارىمۇ قارشى مۇتتىزىم ئىككى ئارمىيە ئوتتۇ-
رىسىدا كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان جەڭ بولۇشى، ھەر ئىككى
تەرەپتىن ئۆلۈش - يارىلىنىش ۋە چىقىمنىڭ كۆپ بولغانلىقى
بىلەن باشقا ئۇرۇشلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ۋشمەن
قورال - ياراغ، تېخنىكا، سان جەھەتتىن بىزدىن زور دەرىجىدە
ئۈستۈن ئىدى، بىزنىڭ قوشۇنىمىز بولسا روھىي جەھەتتىكى
ئۈستۈنلۈكى، نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ۋە ئاڭ-
لىق چۈشىنىدىغانلىقى، ھاۋا كېلىماتى بىلەن ماسلىشالايدىغانلىقى
قاتارلىق جەھەتلەردە، دۈشمەن قوشۇنىدىن ئۈستۈن ئىدى. بۇ
ئەھۋال بىزنىڭ غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى ئاشۇراتتى.

شىخۇدىكى شىددەتلىك جەڭ 4 - كۈنىگە سوزۇلغاندا، دۈش-
مەننىڭ بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلىرى
500 دەك مۇھاپىزەتچى ئەسكىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە قېچىپ
كەتتى، قالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى تەسلىم بولدى. بۇ ئۇرۇشتا
ھەر ئىككى تەرەپتىن ئىنتايىن كۆپ چىقىم بولدى، بولۇپمۇ
دۈشمەننىڭ شىخۇغا توپلانغان خىللانغان قىسمىنىڭ مۇتلەق كۆپ
قىسمى يوقىتىلدى، بىزدىنمۇ ئۆلگەنلەر ئاز بولمىدى. بىزنىڭ
1 - روتىنىڭ 150 ئادىمىدىن 70 ئادىمى قالغانىدى، 3 -

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

روتىنىڭ دەسلەپكى ئادەم سانى 153 ئىدى. شىخۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن 38 ئادىمى قالغانىدى.

بۇ ئۇرۇشتا شۇنچە كۆپ جەڭچىلەردىن، ئاجايىپ جەسۇر، ئاق كۆڭۈل يىگىتلەردىن، خۇشچاقچاق دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمدىن كۆڭلۈم ئىنتايىن پاراكەندە ئىدى، كۆڭلۈمدە زەررىچە خۇشاللىق يوق ئىدى. پەقەت ئاچچىق ھەسرەت بىلەن ئاشۇ قۇربان بولغان دوستلىرىم، سەپداشلىرىمنىڭ قىساسىلا بار ئىدى. دۈشمەن بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىشنىلا ئويلايتتىم. ئاشۇ چاغدا قەلبىمدە قالغان ھەسرەت دېغى ھازىرغىچە مېنى ئازابلايدۇ، ئويلىسامىلا ئۆپكەم ئۆرلەپ، كۆزۈمدىن ياش ئەگىيدۇ....

شىخۇ ئۇرۇشى بولۇۋاتقاندىلا مەن ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان روتىغا ۋاقىتلىق روتا كوماندىرى بولۇپ بەلگىلەندىم ۋە روتىنى باشلاپ شىخۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى (مايتاغ يولى بويىدىكى) ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان خارابە ئايرودرومنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا ماڭدىم. بىز خېلى ۋەيران بولغان بىر زالنى تۈزەشتۈرۈپ، شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇق. روتا شتابى ئانچە بۇزۇلۇپ كەتمىگەن پوتەي ئىچىگە ئورۇنلاشتى. جەڭچىلەر پوتەي ئىچىنى بىردەمدىلا پاكىز سۈپۈرۈپ دەم ئالغۇدەك ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى. گەرچە، دۈشمەن تارمار بولۇپ ئۇزۇل - كېسىل يېڭىلگەن، شىخۇ ئەتراپىدا قايتا ھۇجۇم قوزغاش ئېھتىمالى قالمىغان بولسىمۇ، ھەربىي تۈزۈم بويىچە يەنىلا ھوشيارلىقنى ساقلاش لازىم ئىدى. ھەرقانداق چاغدا دۈشمەن قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مۇمكىن دەپ قاراپ، بىردەممۇ بىخودلۇق قىلىشقا بولمايتتى. شۇڭا، ئايرودروم ئەتراپىغا پوستلارنى كۆپەيتىپ قويۇپ، ئۇنى دىژۇرنى كوماندىر ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ياتاقتىكىلەر ھوشيار تۇرۇشى لازىم ئىدى. ئۇ يەرگە بېرىش بىلەنلا جەڭچىلەر ياتىدىغان ئۆيلەرنى تەييارلىغۇچە، مەن پوست قويىدىغان مۇھىم ئورۇنلارنى بەلگىلەپ چىقتىم.



بىرەر قۇر جايلىشىپ بولدۇق، ئەمما ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىدى. ھېچكىمگە كۈلكە - چاقچاق خۇشياقمايتتى. چۈنكى، سەپەردە ھەمراھ، مۇشەققەتتە ھەمدەم، جەڭدە سەپداش بولغان جەڭچىلىرىمىزنىڭ كۆپىدىن ئايرىلىپ قالغانىدۇق. مەن ئاشۇ سەۋەبتىنمىكىن، تولىمۇ ئەسەبىيلىشىپ كەتكەنىدىم، يوقىلاڭ ئىشلارغىمۇ تېرىكىپ بوغۇلۇپ كېتەتتىم. مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمنى ئۆز روتامدىكىلەر ياخشى چۈشەنگەچكە، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۆزلىرىلا جاي - جايىدا ئورۇنداپ قويۇپ، ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ماڭا دوكلات قىلىپ قوياتتى. جەڭچىلەرنىڭ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ، مېنى ئاياۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈمدە بىلىپ تۇراتتىم. مەن جەڭچىلەرنى ئايىغىنىم، ياخشى كۆرگىنىمدەك، ئۇلارمۇ مېنى ئايايتتى. چۈنكى، مەن جەڭچىلەر بىلەن ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا پرىنسىپتا قاتتىق، بوش چاغلاردا دوست - ئاغىنە بولۇپ، ئويۇن - چاقچاق بىلەن ئۆتەتتىم. قىسقىسى، ۋەزىپە ئۆتەشتە كوماندىر - جەڭچى، جەڭدە سەپداش، مۇشەققەتتە دوست - تۇغقاندۇق.

بۇ يەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقىلى بىر ھەپتىگە يېقىن بولۇپ قالغانىدى، مەن ئادىتىم بويىچە چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۆز ئورنۇمدا ئوڭدا يېتىپ، يەنە شۇ قۇربان بولغان سەپداشلىرىمنى ئويلاۋاتاتتىم. بىرى ئىشىك سىرتىدىن ئىچكىرى كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. مەن خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىپ، ئورنۇمدا ئولتۇردۇم. روتا خوجىلىق بۆلۈمىدىكى ماخمۇت دېگەن خۇشچاقچاق ۋاھىمىستىر (خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى خادىم) قولىدا بىر ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئىشقا كىرگەنلىكىنى سورىغۇچە، ئۇ ماڭا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سالام بېرىپ:

— مۆھتەرەم روتا كوماندىرى! روتىمىزدىكى جەڭچىلەر ئىچىدە ياغاچچىلىقتىن خەۋىرى بارلار بۇ يەردىكى چېچىلىپ ياتقان



پەنەركە تاختايلار ئىچىدىن تاللاپ سىزگە ئاتاپ بۇ چامادانىنى ياسىغانىدى، شىخۇ ئۇرۇشىنىڭ خاتىرىسى، ئۆزلىرىنىڭ يادىنامىسى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن بۇنى سىزگە سوۋغا قىلدى. قوبۇل قىلىشىڭىزنى سورايمەن! — دېدى — دە، تېزلىكتە چىقىپ كەتتى.

مەن سەپداشلىرىمنىڭ بۇ غەمخورلۇقى، مېھرىبانلىقىغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، بوغۇزۇمغا خۇددى بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدىم...

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ چامادانىنى مەن ماناس دەرياسى بويىدىكى مۇداپىئەدە، قۇمۇل، ئارا تۈرۈك، بارىكۆل قاتارلىق جايلاردىكى باندىت تازىلاش جەڭلىرىدە، سۈيدۈڭ، غۇلجا، بورتالادىكى ئىچكى مۇداپىئە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسراپ يېنىمدىن قەئىي ئايرىمىدىم. بۇ چامادانغا ھەر قېتىم قارىغىنىمدا، ئاشۇ تارىخىي جەريان، ئاشۇ ئوت يۈرەك جەڭچىلەر، شىددەتلىك جەڭ مەيدانلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئاجايىپ باتۇرلۇقلىرى، چاقچاقلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن، ھازىر ھايات بارلىرىنى ئەسلەيمەن، بەزىلىرىگە خەت يازىمەن...

مۇشۇ چامادانىنى ياسىغان ماخمۇت ۋە ھېلىقى ياغاچچىلىقتىن خەۋىرى بار جەڭچىلەر ھازىر نەدە، سالامەتمۇ، بۇنى بىلمەيمەن، پەقەت شۇلارنى بىر كۆرسەم دەپ ئارزۇ قىلىمەن.



## ماناس دەرياسى بويىدىكى ئاكوپلاردا

تۈن پەردىسى يەر - جاھاننى قاپلىغان مەزگىل ئىدى. زېمىلانكىدا قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا ئوفىتسېرلىق سېرىق سومكامنى تىزىمغا قويۇپ ئولتۇرۇپ، روتىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى، ئاكوپ، بىلىنداژ ھەم ياتاقلارنىڭ جايلاشقان تەرتىپلىرى ھەققىدە خەرىتە سىزىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلىققا دوكلات يېزىۋاتاتتىم.

— مۆھتەرەم كوماندىر! دوكلاتىڭىزغا مېنىڭ مۇنۇ ئىلتىماسىمنى قوشۇپ يېزىۋېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى 1 - ۋوزۋود كوماندىرى ھۇسەيىن ھەربىيچە سالام بېرىپ. ئۇ ئىلتىماس قەغىزىنى ماڭا سۇندى. مەن ئۇنىڭ ئىلتىماس قەغىزىنى قولۇمغا ئېلىپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن چۆچۈپ كەتتىم. مۇشۇ قېتىملىق شىخۇ ئۇرۇشىدا سەپداشلىرىمىزنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قۇربان بولۇپ، مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى! ئەمدى ھايات قالغان سەپداشلىرىمدىن تىرىك ئايرىلسام قانداق بولغىنى؟ دېگەن تۇيغۇ روھىي دۇنيارىمغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىدىنمۇ، يۈرىكىم خۇددى پىچاق تىقىۋەتكەندەك ئاغرىپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئەسلىمگە كېلىپ:

— ئاداش، نېمىشقا مۇشۇنداق ھەربىي سەپتىن چېكىنىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىسەن؟ — دېدىم ئۇنىڭغا ئادەتتىكى تەلەپپۇزدا. ئۇ:

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئانام ياشىنىپ قالدى، مەن ئۇنىڭغا قارىمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە. مەن ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ:

—ھازىر قايتىپ تۇرغىن، — دەپ ئۇنى قايتۇرۇۋەتتىم. دوكلاتنى يېزىشقا زادى قولۇم بارمىدى، خىيال كەپتىرىم قاناتلى-نىپ پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

ھۆسەيىن بىلەن ئىككىمىز بىر مەھەللىدە دېگۈدەك چوڭ بولۇپ، بىر مەكتەپتە ئوقۇغانىدۇق. ئۇنىڭ ئانىسى ياش تۇرۇپلا تۇل قالغانىدى (ئېرى ئالۋاڭغا تۇتۇلۇپ قايتىپ كېلىپلا ئۆپكە كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن)، شۇڭا ھۆسەيىن ئوقۇشنى داۋام-لاشتۇرالماي، 3 - سىنىپتىلا مەكتەپتىن چېكىنگەنىدى. ئۇنىڭ شاۋۋەدۇن، زىياۋۇدۇن دېگەن ئىنىلىرى كىچىك ئىدى. ھۆسەيىن ياز كۈنلىرى دېھقانلارنىڭ سوقىسىغا، خامان ۋاقتىدا تولىقىغا ئات مىنىپ بېرەتتى. قىش كۈنلىرى سودا - سېتىق بىلەن يىراق يەرلەرگە كېتىپ قالغان سودىگەرلەرنىڭ ئائىلىسىدە ئوتۇننى يېرىپ، سۈيىنى ئەكىرىپ، مال - ۋارانلىرىغا قاراپ بېرەتتى. ئانىسى بايلارنىڭ نېنىنى يېقىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، ئارانلا ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايتتى.

توققۇز تارا ناھىيىسىدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇ-لۇپ، ئابلىز ئاخۇنۇم باشچىلىقىدا ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇل-دى. ئازاد بولمىغان ناھىيىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، يۈز ئاتلىقتىن كۆپرەك ياش پارتىزانلار ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى-نىڭ قورۇسى ئىچىگە يىغىلغانىدۇق.

گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسى توققۇز تارا ناھىيىسىنىڭ كونا بازىرىدىكى چوڭ كوچىنىڭ شىمال تەرىپىگە 20 موەدەك يەرنى سېپىل بىلەن قورشاپ ياسالغانىدى. سېپىل ئۈستىگە 100 مېتىر ئارىلىقتا بىردىن پوتەي ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قورۇنىڭ ئوتتۇرى-سىغا پولۇلۇق قىلىپ سېلىنغان سەككىز ئېغىزلىق ساقچى ئىدا-رىسى ئورۇنلاشقان، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تۆرمە، سول تەرىپىگە قورالىق ساقچىلارنىڭ ياتاق ئۆيلىرى ۋە ماخو جايلاشقانىدى.

پارتىزانلارنى ئۇزاتقىلى چىققانلارنىڭ ئاتا - ئانىسى،



ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، پۈتۈن جامائەت مۇشۇ يوغان قورۇغا لىق-مۇلىق تولغانىدى. بۇ 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى.

— قېرىپ قالغان ئاناڭنى، ئىنىلىرىڭنى تاشلاپ سەپكە قو-شۇلۇپ تۇرغىنىڭ نېمىسى؟ بىرى سېنى مەجبۇرلىدىمۇ يا؟ بايلارنىڭ بالىلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ ئورنىغا يالاندىڭمۇ؟ — دېدىم مەن يېنىمدىكى ھۆسەيىنگە.

ئۇ ماڭا قاراپ ئىللىق كۈلۈپ قويدى - دە:

— مېنى ھېچكىم مەجبۇرلىمىدى، ئاپامنىڭ تەشەببۇسى بى-لەن كەلدىم، — دېدى ھۆسەيىن پېشانىسىدىكى كاررۇكى يىرتى-لىپ ساڭگىلاپ قالغان قۇلاقچىسىنى قولى بىلەن كۆتۈرۈپ قو-يۇپ.

— ئاپاڭ نېمە دېدى؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدىم ئۇنىڭدىن ھەيران بولغان ھالدا.

— ئاپام ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قورۇسى ئىچىگە ئەخمەت، داۋۇت، نۇردۇن قاتارلىق ئاغىنىلىرىڭ ۋە باشقا قىرى-ق ياشلار تازا جىق يىغىلىپتۇ، ئابلىز ئاخۇنۇمنىڭ بارگىنىدىن (ئاب-لىز ئاخۇنۇم توققۇز تارا ناھىيىسى چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھەم دىنىي ئۆلىما ئىدى)، سەن ھازىر 18 ياشقا تولۇپ قورامىڭغا يەتتىڭ، سەنمۇ بارغىن ئوغلۇم! قورقۇنچاقلىق قىلىپ دوستلى-رىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ئوغۇللۇق نامىڭغا داغ چۈشۈرىدۇ، دېدى. مەن بارسام، سەن قانداق قىلىسەن دېسەم، ئۇ مەندىن غەم قىلما، ئاۋۋال ئاللا، ئاندىن قالسا يۇرت - جامائەت بار. گومىنداڭ قاراقچىلىرىنى يوقاتساڭ بىز خاتىرجەم ياشايمىز، سەن قەھرىمانلىق بىلەن خىزمەت كۆرسەتسەڭ، ساڭا ئوخشاش ئوغۇل باللىق ئۆتكانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن، تارتقان جاپالىرىم ئۇ چاغدا كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ دېدى. ئەنە، ئاپاممۇ مەن بىلەن بىللە كەلدى، — دەپ قولى بىلەن پارتىزانلارنى ئۇزاتقىلى چىققاند-



لار قاتارىدىكى ئانىسىنى كۆرسەتتى. مېنىڭ دىققىتىم ھۆسەيىن كۆرسەتكەن تەرەپكە بۇرالدى.

شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرغان تۇربىخان ھەدەم ئىككىمىزنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ بىزگە تە-بەسسۇم بىلەن قاراپ:

— سىلەرگە غەلىبە تىلەيمەن! ئاق يول بولسۇن! بىر - بىرىڭلاردىن زادى ئايرىلماڭلار بالىلىرىم! سىلەرنى ئاللاغا تاپ-شۇردۇم، — دەپ قەلبىنى ئىزھار قىلىپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن بىزمۇ باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ قول كۆتۈر-دۇق.

تۇربىخان ھەدەم ئۇچىسىغا بايلارنىڭ خوتۇنلىرىدىن ئېشىپ قالغان كونا گۈللۈك چىت كۆينەك، كونىراپ پاختىلىرى چىقىپ تۇرغان كالتە چاپان، بېشىغا نەچچە يېرىدىن يىرتىلىپ كەتكەن توربىغلىق چىگىۋالغانىدى. ئۇ بۈگۈن دادىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، مەجبۇر جاپالار بىلەن چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق - ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئوغلىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن مەغرۇ-رانە قىياپەتتە مەزمۇت تۇراتتى. شۇ تاپتا سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقى-دىن تۇربىخان ھەدەمنىڭ ئالمىدەك قىزارغان ئىككى مەڭزى خۇد-دى ئېچىلىپ ۋايىغا يەتكەن قىزىل گۈلگە ئوخشايتتى.

* * * *

ھۆسەيىن ئاق پىشماق، يۈزلىرى سەل يۇمىلاق، ئوتتۇرا بوي، ئەتلىكرەك، بەدەنلىرى توكلۇك، خۇددى ئېيىقتەك يىگىت ئىدى. سەپداشلىرى ئۇنى «ئېيىق» دەپ چاقچاق قىلسا، ئۇ:

— توكسىزلىك ئاياللارغىلا خاس، ھەقىقىي ئەركەك دېگەن توكلۇك بولىدۇ، مانا مېنى ھەقىقىي ئەركەك دېسە بولىدۇ، —



دېيەتتى. ھۆسەيىن سۆزمەن، چاقچاقچى يىگىت بولۇپ، سەپداش-لىرىنى ھەمىشە كۈلدۈرۈپ زېرىكتۈرمەيتتى، بىرەر قىزىق گەپ-نى قىلىپ قويۇپ، باشقىلارنى كۈلدۈرۈۋېتىپ، ئۆزىمۇ يانپاشلى-رىغا ئۇرۇپ قاتتىق كۈلۈپ كېتەتتى. بىرەر مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئۇنىڭ تەپەككۇرى كۈچلۈك، پىكرى ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ ئۇششاق-چۈششەككە خاپا بولمايتتى، خاپا بولسا ئۆزىدىمۇ تۇرۇۋالاتتى، مىجەزى ئېغىر بولۇپ، بەزى ئىشلارغا ئىرەنسىزلىك بىلەن قا-رايتتى. ئەمما، ئۇ ئۇرۇشلاردا يىلپىزدەك ئالغا ئىلگىرىلەپ، كۆزلىگەن نىشانغا ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ باراتتى. ئۇ يېتىم بولۇپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈنمۇ، باغرى ئىنتايىن يۇمشاق ئىدى، بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن سەپداشلىرىنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى شەرەپ دەپ بىلەتتى.

ھۆسەيىن قورقۇمسىز بولۇپ، دۈشمەننىڭ بىرەر ئىستىھكا-مىنى پارتلىتىشتا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى، رۇخسەت قىلىنىپ قالسا، خۇددى كىچىك باللار-دەك سەكرەپ كېتەتتى. شىخۇ سازلىقىدىن تۈگمەن تەرەپكە ئۆ-تۈشتە، ئېھتىياتسىزلىقتىن سېستىرا قىز (پىرۋۇتكا ئىدى ئىس-مى ئېسىمدە قالماپتۇ) تۈگمەن سۈيىگە چۈشۈپ كەتكەندە، ھۆسە-يىن ھېچنېمىگە قارىماي ئۆستەڭگە سەكرەپ چۈشۈپ قۇتقۇزۇۋال-غانىدى. بولمىسا ئۇ قىز تۈگمەننىڭ نورى ئىچىگە كىرىپ كې-تىپ تۈگىشەتتى.

ھۆسەيىن ئىككىمىز مەيلى پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىدا بول-سۇن، مەيلى مۇنتىزىم ئۇرۇشلاردا بولسۇن، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلدۇق. مىلتىق، ئوق - دورا، كاتىلوك، باكىلاش-كا، بەل كۈرەك، كىيىم - كېچەك قاتارلىق 25 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى يۈكنى كۆتۈرۈپ غۇلجىدىن تاكى ماناس دەرياسى بويىغىچە، كەڭسايى داۋانلىرىدىن، چۆل ئېدىرلىرىدىن، قىزىل تۇزنىڭ توغراقلىقلىرىدىن كېسىپ ئۆتكۈچە بىللە بول-

دۇق. ئۇ بىرەر قېتىنچىلىقتا يولۇقسا ھەرگىزمۇ ۋايسىمايتتى. 8 - ئاي مەزگىلىدىكى تومۇزنىڭ ئىسسىقلىرىدا، ئۇنىڭ تېقىمى مېڭىش جەريانىدا سۈركىلىپ پىشلاق بولۇپ كېتىپتۇ، كوماندىر ئۇنى ئاجىز ۋە ئاغرىق - كېسەللەرنى ئېلىپ ماڭىدىغان ئارقا سەپ ھارۋىلىرىنىڭ بىرەرىگە چۈشۈۋېلىشنى بۇيرىغان بولسىمۇ، ئۇ «ئارقا سەپتە مېڭىش مەن ئۈچۈن نومۇس» دەپ قەتئىي ئۇنىمايتتى. سېستىرا قىزلاردىن پاختا ۋە داكا ئېلىپ، كېرەكلىك دورىلارنى پىشلاق بولۇپ كەتكەن تېقىملىرىغا سۈركەپ، پاختىنى قويۇپ داكا بىلەن تېڭىپ، بىز بىلەن ئوخشاشلا تەڭ مېڭىۋېرەتتى.

شىخۇ ئايرودرومىدىن چىققان دۈشمەن ئايروپىلانى بىزنىڭ ئالدىمىزنى توسۇپ بومباردىمان قىلغاندا، بومبا ھۈسەيىننىڭ يېنىغا چۈشتى. «ئاپلا! ھۈسەيىن قۇربان بولۇپ كەتتى» دەپ قاتتىق قايغۇرۇپ، ئەمدىلا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا تەمشەلگىنىمدە، ھۈسەيىن ئۈستىبېشىدىكى توپا - چاڭلارنى قېقىپ، ئالدىمغا كۈلۈپ يۈگۈرۈپ كەلدى. بايىقى بومبا پارتلىغاندا ھۈسەيىن توپا - چاڭ ئاستىدا قېلىپ ئامان قاپتۇ. ئەمما، ئۇ ناھايىتى خۇشال ھالدا «ماڭا ئانام دۇئا قىلغان» دەپ كۈلۈپ كەتتى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ھۈسەيىنگە ئوخشاش پىداكارلىق روھىغا تولغان بىر تۈركۈم باتۇر - قەھرىمانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، شىخۇ ئۇرۇشىدا گەرچە كۆپلەپ قۇربانلارنى بەرگەن بولساقمۇ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلىدۇق. مانا بۇنىڭغا يېرىم ئەسىردىن ئاشتى.

ئالدىنقى ئەسلىمەمدە بايان قىلغىنىمدەك گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىخۇدىكى مۇداپىئە ئىستىھكامى مۇستەھكەم پولات ئىستىھكام دەپ قارىلىپ، گومىنداڭ ئۇنىڭغا شۇ زاماننىڭ ئىلغار قوراللىرى بىلەن قوراللانغان 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى دەپ



ئونۇلغان بۇ مۇداپىئە ئىستىھكامىنى سۈيدۈڭ 1 - ئاتقۇچى پىيادىلەر پولك (كېيىن شىخۇ 40 - پولكى بولۇپ ئۆزگەرگەن) نى ئاساس قىلغان پارتىزانلار ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىش شتابىغا بىۋاستە قاراشلىق باشقا كىچىك ئەترەتلەر 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سەھەردە ھۇجۇم قىلىپ، 8 - كۈنى يىمىرىپ تاشلىدى. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن گومىنداڭ قوماندانلىرى ئەسكەرلىرىنى تاشلاپ، ئازغىنا بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپ ئۈرۈمچىگە تىقىلىۋالدى. مۇشۇنداق ئۇرۇشلاردا خىزمەت كۆرسىتىپ «باھادىرلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان، ئىنقىلابىي ئىرادىسى مۇستەھكەم ھۈسەيىننىڭ بىردىنلا ئائىلىسىگە قايتىش ئويىدا بولۇپ قالغىنى مېنى تەمتىرىتىپ قويغانىدى.

بىز شىخۇدا بىر نەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، يەنسىخەي، ساندىخوزا (ھازىرقى ساۋەن)، شىخەنزە قاتارلىق ئورۇنلاردىكى گومىنداڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاپ، 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ كېلىپ مۇداپىئە ئىستىھكامىنى قۇرۇشقا باشلىدۇق. بۇ يەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى پەقەت 150 كىلومېتىرلا كېلەتتى. رازۋېدچىكلىرىمىزنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئون نەچچە كۈن ئىچىدە ماناستا بىرمۇ گومىنداڭ ئەسكىرى قالماپتۇ. شۇڭا، بىز ئاشكارا ھالدا ئەركىن ھەرىكەت قىلىپ يۈرۈۋەردۇق. ئون نەچچە كۈندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ «خۇيزۇ بىرىگادىسى» كېلىپ بىزگە قارشى مۇداپىئە ئىستىھكامىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتتۇق.

كېچىلىك پوستلارنى ئالماشتۇرۇشتا تاراق - تۇرۇق قىلغان مىلتىقلارنىڭ ئاۋازلىرى خىيال يىپىمنى ئۈزدى.



* * * * *

ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى بىلەن غەربىي قىرغىقىنىڭ ئارىلىقى 200 مېتىر كەڭلىكتە بولۇپ، شېغىل تاشلىق، ئويمان - دۆڭ ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ دەريانىڭ سۈيى شەرقىي قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ ئاقاتتى. بەزى يەرلىرىنىڭ كەڭلىكى 50 مېتىر چامىسىدا، بەزى يەرلىرى ئۇنىڭدىنمۇ كەڭرەك ئىدى. تار ئېقىنلىرى ئاتنى چۆكورەتتى، كەڭ ئېقىنلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئاتنىڭ ئۆزەڭگىسىگە كېلەتتى.

بىزنىڭ 1 - روتا ماناس دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن 4 - 5 كىلومېتىر جەنۇبقا ئورۇنلاشقاندۇق. مۇداپىئە لىنىيىمىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر كېلەتتى. روتىمىزدا قالغان 60 چە ئادەمگە نىسبەتەن بۇ لىنىيە ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى. بىزنىڭ ئارقىمىزدا، يەنى غەربىمىزدە تېرىلغۇ يەرلەر ۋە قارىياغاچلىق بار ئىدى. بىزدىن 100 مېتىر نېرىسىدا (دەريانىڭ غەربىدە) بىر چوڭ قورۇ (مەلۇم بىر دېھقاننىڭ تاشلاپ كەتكەن قورۇسى) بار ئىدى. كېچىدە بىرەر دۈشمەننىڭ يوشۇرۇنچە ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تېگىشلىك يەرلەرگە پوستلار قويۇلاتتى ھەم چارلىغۇچى قويۇپ، 200 مېتىر ئارىلىقنى دائىم مېڭىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى.

بىز ھەرە چىشى شەكلىدە ئاكوپ قېزىپ چىقتۇق (بۇ دۈشمەننىڭ مىناميوت ئوقلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئىدى). ئاكوپنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، كەڭلىكى 70 سانتىمېتىر بولۇپ، ئىككى ئادەم بىمالال ئۆتۈشەلەيتتى، ئۆرە تۇرسا سىرتىدىكى كىشىلەر كۆرەلمەيتتى. ھەر 5 مېتىر ئارىلىقتا مىلتىق، ئاپتومات، پىلمۇت، مىناميوت، پېتىر (تانكا ئاتار) قاتارلىق قوراللاردىن ئوت ئېچىش سۇپىلىرىنى ناھايىتى مۇستەھكەم قىلىپ ياساپ چىققاندۇق.



ئالدىنقى لىنىيىگە ئاكوپنى بويلاپ (ئاكوپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پىلمۇت ئېتىش بىلىنداژى (ئۆيى)، گازارما ياساپ، ئۈستىگە 40 سانتىمېتىر يوغانلىقتىكى قارىغاي لىمنى ياپسا قىلىپ يېپىپ، دۈشمەننىڭ مىناميوت، زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ زەربىسىگە چىداشلىق قىلىپ ياساپ چىقتۇق. ئاكوپ بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھەربىي ياتاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر بولۇپ، غەرب تەرىپىگە جەڭچىلەرنىڭ يېتىشىغا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن توپىدىن سۇپا ياسىدۇق. 3 - 4 ئورۇنغا مۇشۇنداق ياتاقتىن ياساپ چىققاندۇق.

بۇ مۇداپىئە لىنىيىمىزنى دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ ۋە قارشى قىرغاقتىكى دۈشمەنلەرنىڭ سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ماسكىروۋكا (يەر شەكلىگە ئوخشاش) قىلىپ ياساپ، خۇددى تەبىئىي يەر شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ قويدۇق.

ئاشخانا، ئىسكىلاتلىرىمىزمۇ يەر ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، دۈشمەنلەرنىڭ ئاشخانىدىن چىققان ئىسنى سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئاشپەزلەر كېچىدە تاماق ئېتىپ، ھەربىر پوستنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ بېرەتتى.

دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىمىزدىكى ساي ئىچىگە 100 مېتىر ئارىلىقتا دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تېز خەۋەر قىلىش مەقسىتىدە بىر نەچچە ئورۇنغا يوشۇرۇن پوستلار قويۇلغانىدى. بۇ پوستلار يېرىم كېچىدە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلاتتى. پوستنىڭ يەر بېغىرلاپ ياتقان يېرىدىكى قار - مۇزلار بەدىنىنىڭ ھارارىتىدىن بىر غېرىچ چوڭقۇرلۇقتا ئويۇلۇپ كېتەتتى.

ئاكوپ قازغان چاغدا دۈمبىمىزدە جەڭ قوراللىرىمىز، قولىمىزدا جوتۇ، كۈرەك بولاتتى. يەر قۇم - شېغىللىق بولۇپ، سېرىق توپا ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن قاتتىق ئىدى. جوتۇنى تازا كۈچەپ بىر نەچچىنى ئۇرغاندا، ئارانلا مۇشتۇم-

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!　http://www.lopnuri.com

دەك، هوشۇقتەك توپا - داڭگال ئۆيۈلۈپ چىقاتتى، سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئەتىسى ئۇ يەرلەر يەنە توڭلاپ تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ كېتەتتى.

جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ قوللىرى ئۇرۇقچىدەك قاپىرىپ، سۇ يىغىلىپ كېتەتتى، ياغاچنى ئۇچلاپ تېشىۋەتسەك، سۇ چىقىپ ئېچىشىپ ئاغرىپ كېتەتتى.

سوغۇق ئىنتايىن قاتتىق، يېقىلغۇ يوق، جەڭچىلەر كېچىدە كېسىپ كەلگەن هۆل قارىياغاچنىڭ ئوتۇنى دەررۇ جانغا ئەسقاتمايتتى. سوغۇقنىڭ هەم هەربىي هالەتنىڭ ئېهتىياجى تۈپەيلىدىن، كىيىملىرىمىزنى سالماي قوراللىرىمىزنى قۇچاقلىغان پېتى ياتاتتۇق. يالغۇز بىزلا ئەمەس، ئالدىنقى لىنىيىدىكى پولك قىسىملىرىمۇ ئەنە شۇ هالەتتە ئىدى.

جەڭچى - ئوفىتسېرلارغا بېرىلىدىغان كۈندىلىك نورما بىر كىشىگە 800 گرام بولكا، 50 گرام گۆش بولسىمۇ، بۇ تەمىناتنى غۇلجا، شىخولاردىن ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدا قولىمىزغا تەگمەيتتى. بىر كۈن توق، بىر كۈن ئاچ دېگۈدەك يۈرۈيتتۇق.

كېيىنرەك مۇداپىئەنى تېخىمۇ مۇستەهكەملەش ئۈچۈن، ئارىلىقىمىزنى 200 مېتىردىن قالدۇرۇپ، 1 -، 2 -، 3 - ئارقا لىنىيە ئاكوپلىرىنى قېزىپ، ئۇلارنى يەر ئاستى ئاكوپلار بىلەن بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ چىقتۇق. ناۋادا دۈشمەنلەر هۇجۇم قىلىپ قالسا، هەر ئېهتىمالغا قارشى چېكىنىدىغان ئورنىمىز شۇ ئىدى.

دەهشەتلىك ئۇرۇشلار، جاپالىق تۇرمۇش، ئېغىر ئەمگەكلەر جەڭچى - ئوفىتسېرلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى. لېكىن، مۇداپىئە، چېكىنىش تەدبىرلىرى جەڭچى - ئوفىتسېرلارنى غۇلغۇلىغا سېلىپ قويدى. مەن جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ ئاشۇ خىل هالەتنى ئىدىيىسىدە قوبۇل قىلالماسلىقى تۈپەيـ



لىدىن «زادى نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئاللىرىنى پات - پات ئاڭلاپ تۇراتتىم.

هۇسەيىننىڭ ئىلتىماسىمۇ مۇشۇ خىلدىكى جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

بىر كۈنى مەن پوستلارنى تەكشۈرۈپ بىلىنداژ (پىلمۇت ئېتىش ئۆيى) غا كىرىپ قالدىم. ئۇ يەردە 4 - 5 نەپەر جەڭچى ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتىكەن. ئۇلار مەن كىرگەندە هۆرمەت بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بۇ بىلىنداژ ناهايىتى ئەپلىك ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، دۈشمەن تەرەپنىڭ هەممىلا يېرىنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ بىلىنداژنى هەم پىلىموت ئېتىش ئۆيى، هەم كۆزىتىش پونكىتى قىلغىلى بولاتتى.

— دۈشمەن تەرەپتە قانداق ئەهۋاللار بار؟ — دەپ سورىدىم هەممەيلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆزەتكۈچى جەڭچىدىن. ئۇ:

— هېچقانداق ئۆزگىرىش يوق، دۈشمەنلەر ئەتىگەن هەم كەچتە ئاتلىرىنى دەريا بويىغا ئەكىلىپ بەخىرامان سۇغۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار خېلى خاتىرجەم ئوخشايدۇ، — دېۋىدى، باشقىلار تەنە قىلىپ كۈلۈشتى. ئۇ يەنە:

— دۈشمەننىڭ ئەسكەرلىرى هەم پاكار، هەم ۋىجىك بىر نېمىلەر ئىكەن، بەزىلىرىنىڭ ئېسىۋالغان مىلتىقلىرىنىڭ پاينەكلىرى يەردە سۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى ئېگىز بويلۇق بولسىمۇ، خۇددى قوناق شېخىدەك ئىنچىكە ئىكەن، بۇلارنى مەن دۇربۇندا ناهايىتى ئوچۇق كۆردۈم، — دەپ دوكلات قىلدى دۈشمەن تەرەپنى كۆرسىتىپ. ئۇنىڭ دۈشمەن قوشۇنلىرىنى جانلىق، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلىرىدىن هەممىمىز قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، يۇرت - ماكانىدىن هەم يامغۇردەك ئېتىلىپ تۇرغان ئوقلار ئىچىدە ئەڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن ئايرىلىپ، كۆڭۈللىرى غەش بولۇپ تۇرغان بۇ



جەڭچى - ئوفىتسېرلار يا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ ناخشا ئېيتالمىسا، يا ساز چالالمىسا، بىرەر قېتىممۇ توپلىشىپ كۆڭۈل ئاچالمىسا، هەتتا بىر نەچچەيلەننىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ پاراڭ سېلىشىغا يول قويمىساق، ئۇرۇش ۋەھىمىسى بىلەن تۇرمۇشىمىز جىمجىت ئۆتسە، ئىنسان پسىخىكىسىغا ئۇيغۇن بولامدۇ؟ «هايۋان تۇيىقىدىن، ئادەم قۇلىقىدىن» دېگەن هېكمەتلىك سۆز بېكار ئېيتىلمىغان دەپ ئويلىدىم، ئەمما مېنىڭمۇ ئىلاجىم يوق ئىدى. يەنىلا ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى، هوشيارلىقنى بوشاشتۇرماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ:

— پاراڭلىشىمىز دەپ بىخۇتلىشىپ قالماڭلار! — دەپ ئىشكتىن چىقىشىمغا:

— مۆھتەرەم كوماندىر! سىزگە سوئالىمىز بار ئىدى، سوراشقا بولامدىكىن؟ — دېدى ئوتدېلىنىيە كوماندىرى ياقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ:

— قېنى، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، — دېدىم. ياقۇپ تارتىنىدىمۇ ياكى ئېهتىيات قىلدىمۇ، تۇرۇپ قالدى.

— قېنى، هەرقانداق سوئالىڭ بولسا، تارتىنماي دەۋەرگىن، — دېدىم مەن.

— دادامنىڭ ئاغىنە - بۇرادەرلىرى ئۆيىمىزگە كىرىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ» دېگەن گەپنى كۆپ ئاڭلايتتىم، بىزنىڭ تەدبىرىمىز «مۇداپىئە»، «چېكىنىش»، «قېچىش» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولسا، بىزنىڭ كېيىنكى تەقدىرىمىز قانداق بولار؟ ئاكتىپ هەرىكەت قىلىشقا كىرىشمىگەنلىكىمىزدا، دۈشمەنلەر قېچىپ تىرىپىرەن بولۇپ هالى قالمىغان چاغدا، هۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىمىز تۇرۇپ، بىردىنلا مۇداپىئە هالىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىمىزدىن هەيران بىز؟! دۈشمەنلەر ئۇ قىرغاقتا تۇرۇپ بىزگە قاراپ مۇشتۇمىنى كۆرسىتىدۇ، بىر پاي ئوق بىلەن ئۇنى تىك چۈشۈرەيلى دېسەك،



ئوق چىقىرىشقا رۇخسەت يوق، بىز شۇنداق قورقۇنچاق، تۆشۈككە كىرىۋالىدىغان چاشقان بولۇپ قالدۇقمۇ ئەمدى؟ — دېدى ياقۇپ. ئۇنىڭ غەزەپتىن تۈگۈلگەن مۇشتلىرى تىترەۋاتاتتى.

— مانا ئەمدى تىللىسىمۇ، بىز تەرەپكە قاراپ تۈكۈرسىمۇ بولىدىغان هالەتكە يەتتى، چۈنكى بىز دۈشمەنلەرنى دەم ئالدۇرۇپ، كۈچلەندۈرۈپ قويدۇق، — دېدى پىلىموتنىڭ يېنىدا تۇرغان پىلىموتچىك جەڭچى.

ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللار گەرچە ئورۇنلۇق بولسىمۇ، ئۇلارنى جاۋابسىز قالدۇرۇشنى بىئەپ كۆرۈپ:

— دېگىنىڭلار ئورۇنلۇق، لېكىن مەن جاۋاب بېرىشكە ئاجىز مەن. بىزدە پولاتتەك ئىنتىزام بار، بىز مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ جەڭچى - ئوفىتسېرلىرى، بىز پەقەت بۇيرۇققىلا بويسۇنىمىز، باشقا قالايمىقان ئويلاردا بولماڭلار، — دەپ هەربىي ئىنتىزامنى باهانە قىلىپ، سوئالدىن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم.

كېيىنرەك «ئۈرۈمچى سۆهبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» دېگەن كىتابتىكى «جاڭ جىجوڭنىڭ ئەسلىمىسى» دېگەن مەزمۇننى ئوقۇغاندىن كېيىنلا، ئاندىن مۇداپىئە هالىتىدىكى ئەهۋاللارنى چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى.

گېنېرال جاڭ جىجوڭ مۇنداق ئىككى ئابزاس سۆز قىلغانىدى:

«غۇلجا تەرەپنىڭ مىللىي ئارمىيىسى يەنە هۇجۇم قوزغاپ جىڭ دەرياسى بىلەن شىخونى بېسىپ ئۆتۈپ، تاكى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە ئىلگىرىلەپ كىردى. ئۆلكىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى شەهىرىگە 140 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق ئارىلىق قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار يەنە بىر قانچە يولغا بۆلۈنۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا هۇجۇم قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۆلكە داۋالغۇش، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى. بۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8 - ئۇرۇش رايو-

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!     http://www.lopnuri.com

نىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ چوڭچىڭغا قايتا ـ قايتا تېلېگرامما يوللاپ، «ۋەزىيەت ئېغىر، كەلگۈسى قانداق بولىدۇ مۆلچەرلەش قىيىن، ۋەتەن يولىدا قۇربان بولۇشقا رازىمەن»، دەپ جىددىي مۇراجىئەت قىلدى. جياڭ جيېشى بۇ تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بەكمۇ تەشۋىشلىنىپ، مېنى دەرھال ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى.»

«شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا جياڭ جيېشىگە تېلېگرامما يوللاپ بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن جىددىي، غۇلجا قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توختىتىشتىن باشقا ئامال قالمىدى، ئۈرۈمچىنى قوغداپ قېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاساس يوق، ھازىر پەقەت دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق تىنچ ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىلا بار، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۈرۈمچى قولدىن كەتسە ۋەزىيەت پۈتۈنلەي يامانلىشىپ كېتىدۇ. كەلگۈسىدە قايتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن زور كۈچ ۋە ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تۈن ئۇزۇن بولسا، چۈش كۆپ بولىدۇ، ئۆزگىرىشلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەش قىيىن، مەركەزنىڭ ئىناۋىتىگىمۇ قاتتىق تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. دەرھال قەتئىي قارارغا كېلىپ، كونا دىپلوماتىيە قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىمىز فۇ بىڭچاڭغا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا جۇڭگو ـ سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ قويۇش ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇشىنى سوراش ھەققىدە دەرھال تېلېگرامما يوللاشقا بولامدۇ ـ قانداق، دېگەن تەكلىپنى بەردىم.»①

1946 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا گومىنداڭ بىلەن بىز تەرەپ

① «جاڭ جىجۇڭنىڭ ئەسلىمىسى» دېگەن كىتابنىڭ 3 ـ، 4 ـ، 6 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.



تىنچلىق بېتىمگە ئىمزا قويغاندىن كېيىن، ماناس دەرياسى بويىدىكى مۇداپىئە لىنىيىمىزنى ئىمىنۇفنىڭ پولكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يەنىسخەيگە يۆتكەلدۇق. بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا ئاكوپ مۇداپىئەسىنى بەرپا قىلدۇق (بۇ ھەقتە «ئۇنتۇلماس بىر كۈن» دېگەن ئەسلىمەمدە توختالغىنىم ئۈچۈن، قايتا بايان قىلمىدىم).

1945 ـ يىلنىڭ ئاخىرقى كۈز ئايلىرى ئىدى. قىسمىغا غۇلجىنىڭ چىۋەر ئۇستىلىرى تىككەن قىسقا پاختىلىق چاپان، سېرىق خۇرۇم ئۆتۈك، سېرىق تاشلىق جۇۋا، قۇلاقچا قاتارلىق قىشلىق كىيىم ـ كېچەكلەر تارقىتىلدى. مەن جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ تارقىتىلغان قىشلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى تولۇق تاپشۇرۇۋالغان ـ تاپشۇرۇۋالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، ھۇسەيىننىڭ ۋوزۋودىغا كىرىپ كەلدىم. بۇ ۋوزۋود يەر ئاستى زېمىلانكىدا تۇراتتى. جەڭچىلەر بىر يەرگە توپلىشىپ بىر پارچە خەتنى ئوقۇۋاتاتتى. مەن كىرىشىم بىلەنلا ۋوزۋودنىڭ كوماندىرى ھۇسەيىن ھەممەيلەننى دىققەتتە تۇرغۇزۇپ ماڭا ھۆرمەت بىلدۈردى. ئاندىن ئۇ:

— قىشلىق كىيىم ـ كېچەكلەر ۋوزۋودىمىزغا تولۇق تارقىتىلدى! — دەپ دوكلات قىلدى. مەن ئۇلارغا:

— ھەممىڭلار ئولتۇرۇڭلار! — دېدىم. ئاندىن ئۇلاردىن:

— بۇ كىيىملەرنىڭ سىلەرگە مۇۋاپىق كەلمەي قالغانلىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم. بۇنىڭغا جاۋابەن ھۇسەيىن:

— ئۇنداق ئىش يوق، كىيىملەر ھەممىمىزگە توغرا كەلدى، خۇددى ئۆلچەپ تىككەندەك. بىراق، سۇلتانغا تارقىتىلغان چاپاننىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە خەت چىقتى، — دېدى.

راست دېگەندەك جەڭچى سۇلتاننىڭ قولىدا بىر پارچە خەت تۇراتتى. مەن:

— خەتنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ — دېدىم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇ خەتنى دەررۇ مېنىڭ قولۇمغا بەردى. ئۇنىڭ قارىداپ



كەتكەن يۈزلىرىدىن بىر خىل خۇشاللىق ئالامىتى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

سۇلتان پولك شتابىغا يۆتكىلىپ كەتكەن مىناميوتچىك ھېبىمنىڭ ئورنىغا روتىنىڭ مىناميوتچىكى قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى. سۇلتان ئەسلىدە ھېبىمنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، مىناميوت ئېتىشنى ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇ ھەرەمباغلىق بولۇپ، ئۆيى 1944 ـ يىلى ئۇرۇشتا گومىنداڭنىڭ مىنا ئوقى چۈشۈپ بۇزۇۋېتىلگەنلىكتىن، ئائىلىسى ماكانسىز قالغانىدى. ئۇ ھەرەمباغ، لەڭشاڭ ئۇرۇشلىرىدا پارتىزان بولۇپ، ناھايىتى ياخشى خىزمەت كۆرسەتكەن، ئۇستىخانلىق، قاۋۇل يىگىت ئىدى.

ئالدى بىلەن خەتنىڭ پوچۇركىسىغا كۆزۈم چۈشتى. پۇچۇركا شۇنداق چىرايلىق بولۇپ، خۇددى ھۆسنىخەتتەك يېزىلغانىدى. خەتتە مۇنداق دېيىلىپتۇ:

«قەدىرلىك باھادىر جەڭچى، ياخشىمۇ سىز؟

ناتونۇش بىر ناتىۋان قىزنىڭ ئۆز قولى بىلەن تىككەن چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن چىققان بۇ خەتنى قولىڭىزغا ئېلىپ ھەيران قالماڭ ھەم گۇمانلانماڭ! ئالدىنقى ئۇرۇش سەپلىرىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىپ شەرەپ قازانغان ھەرقانداق بىر يىگىتكە ئاللىبۇرۇنلا قەلبىم تۆرىدىن ئورۇن بېرىۋەتكەنىدىم. سىز يۇقىرىدىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولسىڭىز؛ مەن سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك يارىڭىز بولىمەن، مېنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ......غۇلجا ئىسلاۋژىن (ئارقا سەپ تەمىناتى) كىيىم تىكىش كارخانىسىنىڭ تىككۈچىسى گۈلجاھان.»

مەن بۇ خەتنى ئىچىمدە بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ھەممەيلەنگە ئاڭلىتىپ يەنە بىر قېتىم ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردىم. ھەممىسى چاۋاك چېلىپ كۈلۈشۈپ، جەڭچى سۇلتاننى تەبرىكلەشتى. بەزىلەر «تەلىيىڭ بار ئىكەن، ھازىرقى خىزمەت پوزىتسىيەڭنى ئۆزگەرتمەي ئۈمىدۋار بولساڭ، مەقسىتىڭگە يېتىسەن



جۇمۇ!» دېيىشتى.

مەن نازاكەتلىك قىزلىرىمىزنىڭ ئارقا سەپتە تۇرۇپ، خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمان جەڭچىلەرگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىد ۋە ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى ئىزھار قىلىۋاتقىنىدىن تولىمۇ تەسىرلەندىم.

مەنمۇ شۇ ۋاقىتلاردا ياش بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆز ھېسسىياتىمنى باسالمىغان ھالدا جەڭچىلەرگە قاراپ:

— خەلقىمىز بىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايدۇ، قىزلارنىڭ قەلبىدە بىز بار، گەپ ئىنقىلابىي ئىرادىمىزنى تېخىمۇ تاۋلىشىمىزدا، — دېگەن سۆزلەرنى قىلدىم.

كېيىن، تارقىتىلغان كىيىملەرنىڭ يانچۇقلىرىدىن چىققان مۇشۇ خىلدىكى خەتلەرنىڭ خېلى كۆپلۈكىنى ئۇقتۇم. شۇنىڭدىن باشلاپ جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، ھەرىكەتلىرى جانلىنىپ كەتتى.

ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن مەن قۇمۇل ۋىلايىتىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتاتتىم. بېيجىڭغا ئوقۇشقا ماڭغان (بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا) غۇلجىلىق مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىدىن سۇلتان بىلەن گۈلجاھاننىڭ توي قىلىۋالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن ئىنقىلابىي مۇھەببەتنىڭ ۋاستىسى بىلەن غايىبانە تونۇشقان ئاشىقلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم.

* * * *

1945 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقىنى چىقاردى. بۇيرۇقتا ئىلىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردىن 500 ئەسكەر ئېلىش بەلگىلەنگەنىدى. «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، پولك بو-

يىچە «پارمىرۋېكا» (يېڭى ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىپ، كونا ئەسكەرلەرنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇش) خىزمىتى باشلاندى. بۇ جاپالىق كۈنلەردە، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان، بىر ـ بىرى بىلەن قويۇق ئىچەكىشىپ كەتكەن سەپداشلاردىن ئايرىلىش مىنۇتلىرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

يېڭى ئەسكەرلەر ئىلى تەۋەسىدىكى بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان 18 ـ 19 ياشلاردىكى ياشلار ئىدى. ئۇلار يۈزى ئېچىلمىغان قىزلاردەك تارتىنچاق بولۇپ، ئۆزلىرىنى باشقا بىر يېڭى دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىشاتتى. يەر ئاستىدىكى زەي ئۆي، ئاكوپ، چەكلىك نورما، چەكلىك ھەرىكەت، چېنىقىش مەشىقى ئۇلارغا ئەلۋەتتە باشقىچە تۇيۇلاتتى. شۇڭا، ئۇلار تارتىنىپ قورۇنۇپلا يۈرەتتى. بۇ يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، خاراكتېر ـ مىجەزلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇلار سودىگەر، خىزمەتچى، ھۈنەرۋەن، چارۋىچى، دېھقان ئائىلىلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنەتتى. بولۇپمۇ، دېھقان باللىرى تەمبەلرەك، مۇسكۇللىرى قاتقان، كەتمەن تۇتقان قوللىرى پىشقان، ئاددىي ـ ساددا، گەپ ـ سۆزلىرى قوپالراق ئىدى. ئەمما، ئۇلار سەممىمىي، راستچىل ئىدى. نەزەرىيە دەرسلىرىدە ئاجىزراق، ئەمما ئەمەلىي مەشىقلەردە ياخشى ئىدى. باشقا باللار، بولۇپمۇ شەھەر ئىچىدىكىلەر سىلىق ـ سىپايە، بەللىرى ئىنچىكە، مۇسكۇللىرى قاتمىغان، ئىشقا چىدامسىز بولۇپ، پات ـ پات ئاغرىپ تۇراتتى.

بۇ ياشلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. شەھەرلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساۋاتلىق بولۇپ، ئەڭ يۇقىرىسى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەر ئىدى. شەھەر ياشلىرى تەلىم ـ تەربىيە مەشىقىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىدە تولىمۇ



ئاجىزلىق قىلاتتى، ئەمما نەزەرىيە دەرسلىرىنى تېزلا خاتىرىسىگە ئېلىپ ئەستە قالدۇرۇۋالاتتى.

مانا مۇشۇ خىلدىكى يېڭى ئەسكەرلەرنى ھەربىي تۇرمۇشقا كۆندۈرۈپ، ئىنقىلابىي ئىرادىسى مۇستەھكەم، باتۇر، چىداملىق، جەڭگىۋار جەڭچىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش، ئوفىتسېر ـ كوماندىرلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس ۋەزىپىسى ئىدى.

قىسىملار بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى ئەسكەرلەرنى قارشى ئېلىش، كونا جەڭچىلەرنى ئۇزىتىش يىغىنى ئاجايىپ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مۇنبەرگە سۆزگە چىققان يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ ۋەكىللىرى قەتئىيلىك بىلەن كونا جەڭچىلەرنىڭ ئىزىنى باسىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. كونا جەڭچىلەرنىڭ ۋەكىللىرى بولسا، ئۆزلىرىنى زاپاس ئەسكەر ھېسابلاپ، قاچانلا ئۇرۇش بولىدىكەن، ھامان تەييار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتى.

ئائىلىسىگە قايتىدىغان جەڭچىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان ھۈسەيىنىنىڭ ماڭا قاراپ مۆڭلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىدە جۇدالىق ياشلىرى لىغىرلايتتى. ئەسلىدە ۋوزۋود كوماندىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇش بەلگىلىمىسى يوق ئىدى. تەشكىل ھۈسەيىنىنىڭ ئائىلىسىدە ھەقىقەتەن ياشىنىپ قالغان ئانىسىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە قايتىش تەلىپىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلغانىدى.

بارلىق غايىلىرىمدىن جۇدالىق ئۈستۈن كېلىپ، مەنمۇ ئائىلەمگە قايتىش ئىلتىماسىنى سۇنغان بولساممۇ، پولك كوماندىرى مەرغۇپ ئىسھاقوفنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىغانىدىم. شۇڭا، جۇدالىق ياشلىرىمنى مىڭ تەستە ئىچىمگە يۇتۇۋېتىپ، بىز بىلەن خوشلىشىپ ئائىلىسىگە قايتىدىغان بارلىق سەپداشلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قۇچاقلىشىپ، بەخت تىلەپ خوشلاشتىم. ئەمما،



ھۈسەيىن بىلەن خوشلاشقان ۋاقتىمدا، ئۇ مېنى شۇنداق مەھكەم قۇچاقلىدىكى، قەيەردىن كەلگەن كۈچكىن بىلمىدىم، قۇۋۇرغا سۆڭەكلىرى غىرىسلاپ كەتتى. ئايرىلىش ئالدىدىكى يىغا ـ زار بىلەن سۆيۈشۈشلەر ئىچىدە ئۇ مەڭزىنى مەڭزىمگە يېقىپ «خوش ئەخمەت!» دېگەندە، ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان بۇقۇلداشلىرى، يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشلىرىدىن گويا بىرى يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋالغاندەك بولۇپ قالغانىدىم. مەن ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ:

— خەير ـ خوش! ئامان بول قەدىرلىك دوستۇم، باتۇرلۇقۇڭ مەڭگۈ يادىمدىن چىقمايدۇ، — دېدىم ئىچىمدىن ئۆرلەپ چىققان جۇدالىق يىغىسىدىن ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك نەپەس ئالالماي.

— خوش، دوستۇم! ئامان بولغىن!

— خوش! خەير ـ خوش!



## تۇگمەن بېشىدىكى شېھىت

يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب ئېھتىياجىنىڭ تەقەززاسى ئاستىدا، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئىلى ئىنقىلابىي رەھبەرلىكىدە، گېنېرال ئىسھاقبېك مۇنونوف، زۇنۇن تېيىپوف قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 1945 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 47 مىڭغا يېقىن پىدائىي پارتىزاندىن پىيادە، ئاتلىق، توپچى قىسىملاردىن تەركىب تاپقان كۆپ مىللەتلىك مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە قۇرۇلدى. مىللىي ئارمىيە ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە مۇنتىزىم تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ، ئۇرۇش بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، گومىنداڭ قىسىملىرىدىن تارتىپ ئالغان قوراللار بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالغان قوراللار (بىر ئاتقا بىر مىلتىق توغرا كېلەتتى) نىڭ تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ، شىنجاڭنى ئازاد قىلىش جەڭگىۋارلىقىنى يېتىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن لېسكىن[①] بىرگادىسى ئالتاي، چۆچەك ۋىلايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالىي فىرونت، گېنېرال زۇنۇن تېيىپوف رەھبەرلىكىدە سۇيدۇڭ پىيادىلەر 1 ـ پولكى (شىخۇ ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىخۇ 40 ـ پولكى بولۇپ ئۆزگەرگەن) شىخۇ، ماناس، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا فىرونت، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى رەھبەرلىك قىلغان سۇپاخۇن سوپىيوف پولكى ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنى ئۆز

① فاتى ئىۋانوچ لېسكىن (1913 — 1970) سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىلىغا كەلگەن. مىللىي ئارمىيىدە پولك كوماندىرى، بىرگادا كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇۋەققەت باش قوماندانى بولغان («شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 33 ـ بەت).

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي فرونت بولۇپ ئۈچ لىنىيە بويىچە يۈرۈش قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىش پىلانى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» تەرىپىدىن بېكىتىلدى. ئوتتۇرا يۆنىلىشتە جىڭ ناھىيىسىدىكى گومىنداڭنىڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇپ، سۇيدۇڭ پولكى قىزىل تۈز كۆلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شىخۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرۇپ، ئاخىرىدا جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنى تېكەس 1 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى ئۈستىگە ئېلىش بېكىتىلدى.

مەن بۇ ئەسلىمەمدە جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىشتا قەيسەرانە جەڭ قىلغان، تېكەس 1 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ قەھرىمان جەڭچى ـ كوماندىرلىرىنىڭ ۋە پەرىشتىدەك ھەمشىرىلەرنىڭ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان پىداكارلىق جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن.

* * * *

— ۋاي ـ ۋويى! ئەتىگەن چىقىپ كەتكەن پېتى ئەمدى كەلدىلىمۇ، بىر چىقىپ كەتسىلە يوقاپلا كېتىدىكەنلا، يا كەتكەن يەرلىرىنى بىلمىگەن، — دەپ كايىپ كەتتى ئايالى ئېرىنىڭ يالاڭ پېرىجىسى بىلەن سەللىسىنى ئېلىپ قوزۇققا ئېسىپ قويۇپ.

— ۋاي خوتۇن، مەن نەگە باراتتىم، بېدىلىكتىكى كېرىماخۇن قازا قىپتىكەن، شۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىكىگە قويۇپ كەلدۇق، — دېدى ئېرى ھارغىن تەلەپپۇزدا.

— ھېلىقى ئىسمائىللاخۇن بالىسى رېيىماخۇننى موللامنى باشلاپ كەلگىن، دەپ ئەۋەتىپتىكەن. سىلىنى بەك ساقلاپ كەتتى، ساقلاۋېرىپ سىلى كەلمىگەندىن كېيىن، تېز بىزنىڭ ئۆيگە بارسىكەن دەپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى، — دېدى ئايالى ئېرىگە



قاراپ مۇلايىملىق بىلەن.

— ۋويى، مەن ئېسىمگە ئالالمىدىمغۇ، قايسى ئىسمائىل ئاخۇن بولغىيدى؟ — دېدى ئېرى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلانغان ھالدا.

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان، باجاخۇدىكى دۇساجىمنىڭ تۈگمىنىنى چۆرۈيدىغان ئىسمائىللاخۇن بولمامدۇ! — دېدى ئايالى قولى بىلەن باجاخۇ تەرەپنى كۆرسىتىپ.

موللام بىر ئىشتىن ئەنسىرىگەندەك بولدى ـ دە، ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھارغانلىقىغا قارىماي، پېرىجىسىنى ئېلىپ ئالدىراپ كىيدى ۋە ئېغىل تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ۋويى دادىسى، چاي ئىچىپ ماڭسىلا، ھېچبولمىسا ئۆزلىرىگە ئېتىپ قويغان بولاق مانتا بار ئىدى، شۇنىڭدىن بىر ـ ئىككىنى يەۋېلىپ ماڭسىلا! — دەپ تۇرۇپ قالدى ئايالى.

موللام① ئايالىنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماستىن، قورۇدا تازا ئىشتەي بىلەن بېدە يەۋاتقان كۆك ئېشەكىنىڭ ئۈستىگە بايىلا ئېلىپ قويغان توقۇمنى توقۇۋېدى، ئېشەك قۇلاقلىرىنى يۇپۇرۇپ، چىچاڭشىپ نارازىلىق بىلدۈردى. موللام:

— ھاي، جانىۋار، خاپا بولمىغىن، ئىشىم بولمىسا سېنى ئاۋارە قىلاتتىمۇ، غەيرەت قىل! — دەپ ئېشەكىنىڭ باشلىرىنى سىيلاپ، دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىغا بىر پۇتى بىلەن دەسسەپ، ئېشەككە لىككىدە مىندى ـ دە، پېرىجىسىنىڭ ئىككى پېشىنى تېقىمىغا باستۇرۇپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئېشەكنىڭ بېشىنى باجاخۇ تەرەپكە بۇرىدى. مانا بۇ 1946 ـ يىل 7 ـ ئاي مەزگىلى بولۇپ، باجاخۇ كەنتىگە بارىدىغان 7 ـ 8 كىلومېتىر

① موللام — ئىسمى ساقى قارى. يۇنجۇخۇ كەنتىنىڭ ئىمامى بولۇپ، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ، توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىغا كۆپ قاتنىشاتتى. ھەرقانداق ئىشتا جېۋەر، قۇرئان ساۋاتى بار بولۇپ، دىنىي قائىدىلەرنى پىششىق بىلەتتى. ماڭغاندا تاقىلداپ ماڭغاچقا، كىشىلەر «تاقتاق موللام» دەپمۇ ئاتايتتى.



ئۇزۇنلۇقتىكى چىغىر يولدا كېتىۋاتقان موللامنى خىيال ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى: «تېخى مۇندىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئىسمائىللاخۇن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، ‹مېنى يوقلايدىغان ئادەم چىقمىدى، يالغۇز قالدۇردۇڭلار، مەن يېتىمسىراپ قالدىم، بىر ھەربىي سىستېرا قىز ئەينەن ھەربىي فورما بىلەن كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ، نەچچە قېتىم چۈشۈمگە كىرىپ ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم› دېگەندىن كېيىن، شۇ يەردىكى يۇرت ـ جامائەتنى چاقىرىپ، ياغ پۇرۇتۇپ، بىر قازان ئاش ئېتىپ، قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغانىدۇققۇ؟! ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ...» موللام تار توپىلىق يولدا بىر خىل يورغىلاپ كېتىپ بارغان ئېشىكىنى:

— خىت جانىۋار! ئىتتىكرەك ماڭغىن، كۈن ئولتۇرغۇچە تۈگمەنگە يېتىپ بېرىۋالايلى! — دەپ ئىككى پۇتى بىلەن ئېشەكنىڭ بىقىنىغا دىۋىتىپ قويدى. ئېشەك بىر پۇشقۇرۇپ قويۇپ، ئىگىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك تېخىمۇ يورغىلاپ ماڭدى. ئېشەكنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭ خېلى ئۇزۇنغىچە سوزۇلغانىدى.

موللامنى يەنە خىيال چۇلغىۋالدى: «توۋا دەيمەن، بۇ چۈش مۇنداقمۇ ئوختاسىغا كېلەمدىغان، ھەقىقەتەنمۇ بۇ يەرلەردە يېقىندىلا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولغان، نۇرغۇنلىغان جەڭچىلەر قۇربان بولۇپ كەتكەن، كۆپلەپ قانلار تۆكۈلگەن، مانا شۇ ئۇرۇشتا خۇددى سۈرەتتەك چىرايلىق ھەمشىرىلەرمۇ بىللە قۇربان بولغان، ئۇلار پەرىشتىدەك پاك ئىدىغۇ...» موللام ئەتراپىغا بىر قارىۋېلىپ، خىيالىنى يەنە داۋاملاشتۇردى: «چۈش ـ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ بېشارىتى. مۇنداق چۈش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ، ئاللا تائالاغا ئەڭ يېقىن ئادەملەرلا مۇشۇنداق چۈشتىن بەھرىمەن بولالايدۇ، ھەقىقەتەنمۇ ئىسمائىللاخۇن نىيىتى خالىس ئادەم ئىكەن...»

تۈگمەن بېشىغا يېقىنلاشقاندا، تۈگمەنچىنىڭ ئالا بويناق



ئىتىنىڭ ھاۋشىپ موللامنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈپ چىقىشى بىلەن موللامنىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلدى. ئىسمائىللاخۇننىڭ ئايالى ئايشەمخان ھويلىسىدىن چىقىپ ئىتىنى چاقىرىۋالغاندىن كېيىن موللامغا سالام بەردى. موللام ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ ئېشىكىنى تۈگمەننىڭ مومىسىغا باغلىدى. ئايشەمخان موللامنى دەرھال ئۆيگە باشلىدى ھەمدە دەرھال ئۆيدە سۇنايلىنىپ ياتقان ئېرىنى ئويغىتىپ:

— ھوي دادىسى، كۆزلىرىنى ئاچسىلا، موللام كەلدى! — دەپ ئىسمائىللاخۇننىڭ دۈمبىسىگە تەكيىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. موللام ئىسمائىللاخۇندىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن:

— سىلى بىر نەرسىدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپلا، نېمىدىن قورقۇپ كەتتىلە؟ — دەپ سورىدى ئىسمائىللاخۇننىڭ ئاغزى ـ بۇرۇنلىرىغا چىقىپ كەتكەن ئۇچۇقلارغا قاراپ ھەيرانلىق بىلەن.

— ئاخشام يېرىم كېچە بولغاندا سۇكەندە ئۇگۇت قالمىغانىدى، مەن نودىكى سۇنى چۈشۈرگىگە چۈشۈرۈۋېتەي دەپ تالاغا چىقىپ تاختاينى بېسىپ بېشىمنى كۆتۈرۈشۈمگە، ئالدىمدىكى ئېرىق بويىدىكى چىملىقتا مىللىي ئارمىيە قىسمىدىكى سېستىرا قىزلارنىڭ فورمىسىنى كىيگەن، ئوڭ مۈرىسىدە دۈگىلەك دېسكىلىق ئاپتومات، سول مۈرىسىدە كىرېست بەلگىلىك دورا سومكىسى، قولىدا سۇدان، ئىسپانكىسىغا قادالغان كاكارى خۇددى يۇلتۇزدەك نۇر چېچىپ تۇرغان، پەرىشتىدەك شۇنداق چىرايلىق بىر سېستىرا قىزنى كۆردۈم. ئۇ قىز ماڭا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنداق جاراڭلىق. ئۇ ماڭا قاراپ: «مەن ھازىر يالغۇز ئەمەس، مەن سىلىدىن بەكمۇ رازىمەن، رەخمەت سىلىگە تاغا!» دېدى — دە، غايىپ بولۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ناھايىتى ئوچۇق ئاڭلىدىم ھەم ئۇنى ناھايىتى ئوچۇق كۆردۈم. مېنىڭ پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى، قورقۇپ

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

تىترەپ كەتتىم. «يائاللا! بۇ نېمە ئىش؟ ئۆزۈڭ ساقلىغىن ئىلاھىم!» دەپ ئاغزىمغا كەلگەن سۈرىلەرنى ئوقۇدۇم، ئۆيگە قانداق كىرگىنىمنى بىلمەيمەن، — دەپ ئىسمائىللاخۇن بۇ سىرلىق ھادىسىنى ئىنجىقلاپ ئارانلا سۆزلەپ تۈگەتتى.

— ئىنشائاللا، بەرھەق! شېھىت دېگەن ئۇلۇغ ئاللاتائالاغا ئەڭ يېقىن، پاك ديانەتلىك بەندىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدۇ، ئۆزلىرىگە ئامەت كەپتۇ! بۇنىڭدىن قورقۇش بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتۇر، سىلىنى ئۇچۇغداپ قويسامىلا، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدىلا، — دېدى موللام ئۆزۈن ساقىلىنى سىيپاپ تۇرۇپ ئىسمائىللاخۇنغا.

* * * *

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر! بۇ سىرلىق ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەكچى بولساڭلار، تۆۋەندىكى قانلىق پاجىئەنىڭ خاتىرىسىگە دىققەت قىلغايسىلەر.

ھەرقايسى جەڭ مەيدانلىرىدا چېنىقىپ، تاۋلىنىپ، ئۇرۇش قىلىش ماھارىتىنى ئىگىلىگەن جەسۇر ھەر مىللەت جەڭچى - ئوفىتسېرلىرىدىن تەركىب تاپقان تېكەس 1 - ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى غۇلجىدىكى ھەرەمباغ ھەربىي گازارمىسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى مەيداندا يېرىم ئاي شەكلىدە جەڭگىۋار ھالەتتە رەتلىك تىزىلىپ تۇرىشاتتى.

پولك كوماندىرى مەۋلانوف رازاق، پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىرىدىن ئابدۇغۇپۇر سابىرھاجىيوۋ، ئىبراھىموف، پولك كومىسسارى ئابدۇرېھىمھاجىم ھەسەنوۋ، پولك شتاب باشلىقى قالپاقوۋ، پولك دوختۇرخانا باشلىقى غەنى خوجا، پولك تېببىي بۆلۈم باشلىقى ئابدۇللا مەخپىرۇۋ ھەم سېستىرالار باشلىقى قاتارلىق كوماندىرلار ھەربىي ئۇنىۋانلىرى بويىچە ئۆز قىسىملىرىنىڭ ئالدىدا ھەربىي فورمىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، قەددىنى



رۇسلاپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. قىسىملار بىلەن بىللە كىرىپىت بەلگىلىك سومكىلىرىنى ئېسىۋالغان رەيھانە غابىدىن (تاتار قىز)، روشەنگۈل شەۋكەت، رىزۋان ئايۇپ، ليۇشا (رۇس قىز)، ئايشەم (ئۆزبېك قىز)، لۇسۇ (خۇيزۇ قىز)، شەۋقىيە، ئامىنەم قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق ھەر مىللەتتىن بولغان سېستىرا قىزلار سەپنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مېھىر - شەپقەت ئۇرغۇپ، قامەتلىرى خۇددى تەڭرىتاغلىرىدىكى قار لەيلىسىدەك مەزمۇت چاقناپ، كۆزلىرىدىن نۇر جىلۋە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلاتتى.

شۇ كۈنكى پولك دېژۇرنىسى مايور ئاخۇنبايوف سىدىقجان گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. پۈتۈن پولكتىكى جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ دىققىتى ئالدى تەرەپكە مەركەزلەشتى.

گېنېراللارغا خاس ھەربىي فورما كىيگەن، كەڭ غوللۇق، تەمبەل كەلگەن گېنېرال ئىسھاقبېك كۆتۈرەڭگۈ روھ، خۇش چىراي ھالدا بىر قانچە ھەمراھلىرى بىلەن مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ئالدىمىزغا كېلىۋاتاتتى.

ئاخۇنبايوف پۈتۈن پولكقا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «دىققەت!» دەپ ھۆرمەت كوماندىسى بەرگەندىن كېيىن، ئون قەدەم ئالدىغا چىقىپ ھەربىيچە سالام بېرىپ گېنېرالغا:

— مۆھتىرەم گېنېرال! تېكەس 1 - ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىدىكى بارلىق قىسىملار جەڭگىۋار ھالەتتە مەيدانغا يىغىلىپ بولدى! سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇنداشقا تەييارمىز! پولك مۇئاۋىن شتاب باشلىقى ئاخۇنبايوف! — دەپ قىسقىچە دوكلات قىلدى. گېنېرال:

— راھەت! — دېدى ۋە مايور ئاخۇنبايوف سىدىقجان بىلەن



ناھايىتى قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىللە كەلگەنلەرمۇ ئۆز ئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن قوماندان زۇنۇن تېيىپوف، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى ماژارۇفمۇ بار ئىدى. گېنېرال روھلۇق تۇرغان قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مەمنۇن بولغان ھالدا:

— بالىلىرىم، ياخشىمۇ سىلەر؟ — دېدى ئۇنلۇك ئاۋازدا.

— ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تەييارمىز! — دېدى مەيداندىكى بارلىق جەڭچىلەر يۇقىرى ئاۋازدا بىردەكلا. سېستىرا قىزلارنىڭ زىل ئاۋازى بوم ئاۋازلاردىن ئۆزگىچە ئىدى.

گېنېرالنىڭ ھەر خىل ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن تولۇق قوراللىنىپ، مەردانىلارچە رەتلىك تۇرغان جەڭچى - ئوفىتسېرلارغا قاراپ ھەۋىسى كەلدى بولغاي، قوشۇننى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈردى. بەزى كوماندىر - جەڭچىلەردىن ئۇرۇشقا دائىر سوئاللارنى سورىدى. ئۇلاردىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالغاندىن كېيىن، خۇشاللىق بىلەن: «يارايسىز ئوغلۇم!» دەپ ئۇلارنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قوياتتى. ئۇ بارىكاللا! دېگەندەك پولك كوماندىرى مەۋلانوفقا قاراپ، مىننەتدارلىق ئىپادىسىنى بىلدۈردى. گېنېرال:

— بۇ قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ! — دېدى ماژارۇفقا قاراپ رۇسچە. ماژارۇفمۇ قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ رۇسچە:

— كانېچنا! (ئەلۋەتتە شۇنداق دېگەن مەنىدە) — دەپ تەستىقلىدى. گېنېرال ئارىلاپ بويىلىرى زىلۋا، ئەمما روھى ئۇرغۇپ تۇرغان سېستىرا قىزلار سېپىگە كەلگەندە، سۈس ماش رەڭدىكى تېرىكىدىن تىكىلگەن ھەربىي فورما قەددى - قامىتىگە ئاجايىپ ياراشقان، دورا سومكىسىنى ئېسىۋالغان، سەپ ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان قاڭشارلىق، پېشانىسى كەڭ، ناھايىتى چىرايلىق بىر سېستىرا قىز ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.



— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سورىدى گېنېرال ئۇنىڭدىن.

— 17 ياشقا، — دەپ جاۋاب بەردى سېستىرا قىز ھەربىيلەرگە خاس تەلەپپۇز ۋە قىياپەتتە.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئىسمىم روشەنگۈل!

— دادىڭىز نەدە ئىشلەيدۇ؟

روشەنگۈلنىڭ ئۆزۈن كىرپىكلىك قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش تامچىلىرى ئېقىپ چۈشتى. ئۇ گېپىنى بوغۇزىدىن چىقىرالمىدى.

— روشەنگۈلنىڭ دادىسى شەۋكەت ئەپەندى تەرەققىيپەرۋەر ئوقۇتقۇچى ئىدى، ئۇ 1942 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە قۇربان بولغان. ئانىسى گۈلچېھرە ئېرىنىڭ دەردىدە ئەلەم يۇتۇپ، 1943 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. روشەنگۈل 15 يېشىدا يېتىم قېلىپ، ئۆيىدە يالغۇز قالغانىدى. 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇ ئۆيگە قولۇپ سېلىپ قويۇپ، ئۆيىنى قۇلۇم - قوشنىلىرىغا تاپشۇرۇپ ئۆزى ئىنقىلابقا پىدائىي بولۇپ قاتناشقان. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، ھەرەمباغ، لەڭشاڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، ئۆزىگە خاس قەھرىمانلىق ئوبرازىنى ياراتقان جەسۇر قىز. ئۇ سەنەۋەر خانىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە سېسترالىق كەسپىنى ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا مۇكەممەل ئىگىلىۋالدى، — دەپ ئۇنى گېنېرالغا تونۇشتۇردى ئابدۇغوپۇر سابىرھاجىيوف سەپتە تۇرغان سەنەۋەر خانىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. گېنېرالغا بۇ ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلىك سۆزلەر قاتتىق تەسىر قىلدى بولغاي، كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ:

— قىزىم روشەنگۈل، قەلبىڭىزدىكى جاراھەتنى تاتىلاپ قويۇپتىمەن. مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى. گېنېرال يەنە:

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!
http://www.lopnuri.com

— تېخى ئازاد بولمىغان رايونلاردا گومىنداڭنىڭ زۇلمىنى تارتىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ تەقدىرى خۇددى سىزگە ئوخشاش بولماقتا. گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلقىمىزنى ئازاد قىلساق، سىزمۇ ئاتا - ئانىڭىزنىڭ قىساسىنى ئالغان بولىسىز، — دەپ روشەنگۈلگە تەسەللى بەردى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدە پەقەت ئۆزى يالغۇز قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ يېنىدا تۇرغان پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ئابدۇغۇپۇر سابىرھاجىيوفقا: «روشەنگۈلنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتمەستىن، پولك شتابىدا قالدۇرۇپ ئىشلىتىڭ، يېشىمۇ تېخى كىچىك ئىكەن» دېدى. ئابدۇغۇپۇر سابىرھاجىيوف «بولىدۇ!» دېگۈچە، روشەنگۈل:

— مۆھتىرەم گېنېرال، مەن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشمىسام قەلبىمدىكى جاراھەت ھەرگىز ساقايمايدۇ، مېنى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ جەڭ قىلىشتىن توسماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، يېشىمغا قاراپ ماڭا ئېتىۋار بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن مىننەتدارمەن! — دېدى چاقماقتەك سۆزلەپ.

ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى گېنېرالنى قايىل قىلدى. گېنېرال مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، جەڭچىلەرگە قاراپ:

— جەسۇر جەڭچى - ئوفىتسېرلار! مەن سىلەرنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىغا بولغان جەڭگىۋارلىقىڭلارنى كۆرۈپ، غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىم تولۇپ - تاشتى. مەن سىلەردىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم! مەن ئەمدى سىلەرگە ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ۋە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزىمەن، — دەپ ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئىخچام قىلىپ سۆزلىگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— تېكەس 1 - ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ جىڭ ناھىيىسىدىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي ئىستىھكاملىرىنى يىمىرىپ تاشلاپ، ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇننى ئىگە-



لەپ، ئۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇزۇل - كېسىل ئازاد قىلىشىڭلارنى بۇيرۇيمەن!

جەڭچى - ئوفىتسېرلار خۇشاللىق ھېسسىياتى بىلەن «ھۇررا!» دەپ توۋلاپ، گېنېرالنىڭ بۇيرۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھۇررا! سادالىرى ئەتراپتىكى قېلىن ئورمانلىقنىڭ قويۇق شاخلىرى ئارىسىدىكى مۈگىدەپ ياتقان قۇشلارنى ئويغىتىپ سايرىتىۋەتتى. مەيداننىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا خۇددى كۈننىڭ نۇرىنى توسىۋالغۇدەك دەرىجىدە چۆرگىلەپ پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشلار ئۆز تىللىرىدا ۋىچىرلىشىپ قوشۇنىمىزغا غەلىبە تىلەيتتى.

بۇ دەل 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بولۇپ، ئازادلىققا ئېرىشكەن ئىلى خەلقى پىدائىي بولۇپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن، بەس - بەس بىلەن تىزىمغا ئالدۇرۇۋاتقان مەزگىل ئىدى.

ھەرەمباغ ھەربىي گازارمىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن بىرىنچى بولۇپ، پولك شتابىغا بىۋاستە قاراشلىق قىسىملار چىقىشتى. ئارقىسىدىن تۇرۇق ئات، قارا ئات، ئالا ئات مىنگەن قىسىملار ھەيۋەت بىلەن «بويىنى كېسىك» كە كەلگەندە، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سانجاق - سانجاق تۇرۇشۇپ، ئۇزىتىش ئۈچۈن چىققان شەھەر گارنىزونىدىكى ھەربىيلەر، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن بولغان ئەر - ئايال، قېرى - ياش شەھەر خەلقى «غەلىبەڭلارنى كۈتىمىز!» ، «سىلەر بىزنىڭ پەخرىمىز!» ، «ئاللا سىلەرگە يار بولسۇن!» دەپ شوئار توۋلىشاتتى، قېرىلار قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشاتتى. جەڭچى - ئوفىتسېرلار ئۇلارغا جاۋابەن ئوڭ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ سالام بېرىشەتتى. كىشىلەر توپىنى كۆرگەن ئاتلار تېخىمۇ قىزىپ كېتىپ، تىزگىن سىرىپ ئالغا ئىنتىلەتتى. خەلق توپى ئىچىدىن قېرىلىقىغا قارىماي ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان بىر بوۋاي روشەن-



گۈلنىڭ بېشى كىچىك، قولاقلىرى قەلەمدەك دىڭ، ئۇچقۇر چىلانتورۇق ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ:

— قىزىم روشەنگۈل، مەن سىز بىلەن ئوبدانراق كۆرۈشۈۋالاي، سىزگە دۇئا قىلاي، — دېدى. بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ھاياجان ياشلىرى ئاپئاق ساقاللىرىدىن سىرغىپ چۈشەتتى. روشەنگۈل بىلەن ياندىشىپ كېتىۋاتقان ئابدۇللا مەخپىرۇف ئۇنىڭغا:

— سەپتىن چىقىپ كۆرۈشۈۋېلىڭ! — دېدى.

شۇ ئەسنادا بىر مۇماي بىر خالتا توقاچنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، روشەنگۈلنى قۇچاقلاپ خۇددى ھازىدارلاردەك يىغلاپ تۇرۇپ:

— گۈلچېھرەنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزى ئىدىڭىز قىزىم، خۇدايىم سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! — دەپ دۇئا قىلدى ۋە يۈزلىرىگە سۆيدى.

— ھە راست، ئۇرۇش تەييارلىقى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆيىگىمۇ چىقالمىدىم، بوۋا، موما، ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن، مانا ماۋۇ ئۆيىمىزنىڭ ئاچقۇچى بىلەن ۋەسىيەتنامە، قورۇ - جاي بىلەن ئۆي سايمانلىرى سىلەرگە قالدى. ئۆلمەي ساق - سالامەت قايتىپ كېلەلىسەم ئۆزۈم ئولتۇرارمەن، ناۋادا كېلەلمىسەم ئىگە - چاقىسىزلارغا بېرىلسۇن، — دېدى روشەنگۈل يانچۇقىدىن ئاچقۇچ بىلەن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ بوۋايغا تۇتقۇزۇپ. روشەنگۈل ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئالدىراشلىق بىلەن ئاتقا مىنىشكە تەمشەلگەندە، بوۋاي تېزلىكتە ئۇنىڭ قولتۇقىدىن تۇتتىدە، يۆلەپ قويماقچى بولدى.

— بوۋا، مېنى يۆلىمىسىلە، ئۆزۈم مىنەلەيمەن! — دېدى روشەنگۈل بوۋاينى ئاياپ.

— ياق، قىزىم! — دېدى بوۋاي يالۋۇرغان قىياپەتتە، — سىز ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭگە ئاتلاندىڭىز، سىزنىڭ سەپىرىڭىز تولىمۇ ئۇلۇغ، شۇڭا سىزنى مەرھۇم دادىڭىز



شەۋكەت ئەپەندىنىڭ ئورنىدا ئۆز قولۇم بىلەن ئاتلاندۇرۇپ قوياي، ئۇنىڭ روھى سىزنى قوغدىسۇن! — دېدى - دە، روشەنگۈلنى قولتۇقىدىن يۆلەپ «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، ئاللا ئۇزۇڭگە ئامانەت!» دەپ ئاتقا مىندۇرۇپ قويدى. موماي قولىدىكى بىر خالتا توقاچنى ئاتنىڭ غانجۇغىسىغا مەھكەم باغلاپ قويدى.

— بۇ نېمە قىلغانلىرى موما! — دېدى روشەنگۈل مومايغا قاراپ.

— ئاز بولسىمۇ يولدا سىزنى يېسۇن دەپ توقاچ ياققانىدىم، قىزىم، — دېدى موماي كۆزىدىكى ياشلىرىنى كۆينىكىنىڭ كەڭ يەڭلىرى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— رەھمەت بوۋا، موما! ئامان بولۇڭلار، مەن كەتتىم، خوش ئەمىسە! — روشەنگۈل ئېتىنى تېز چاپتۇرۇپ قىسىمنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى.

— ئۇ ئاقساقال ئادەم سىزنىڭ بوۋىڭىز بولامدۇ سىڭلىم روشەنگۈل؟ — دەپ سورىدى بىللە كېتىۋاتقان ئابدۇللا مەخپىرۇف.

— ياق، بۇ سېلىم بوۋام بىلەن بۇ مومام بىزنىڭ قورۇدا ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ماڭا ئۆز بوۋام، مومامدەك كۆيۈنىدۇ، ئاپام ۋاپات بولغاندا، ئاشۇ مومام ئۆز قولى بىلەن ئاپامنىڭ ئېڭىكىنى چېتىپ، يۇيۇپ، ئاخىرەتلىكىنى تىكىپ، دەپنە قىلىشىپ بەرگەنىدى. ئۇلار تولىمۇ مېھرىبان، كۆيۈمچان، مانا قارىماسىز؟ — دېدى روشەنگۈل غانجۇغىدىكى توقاچلارنى كۆرسىتىپ. جەڭ سەپىرى ئالدىدىكى ئايرىلىش مىنۇتلىرى گەرچە روشەنگۈلنىڭ كۆزلىرىنى ياشقا تولدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى.

سۈيدۈڭ، لوسىگۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى مىللىي ئارمىيە قوشۇنىنى قىزغىن قارشى ئالدى، ھەرخىل

ئاستىدا ھۇجۇمغا ئۆتتىدۇ، مۇداپىئەدىكى جەڭچى ـ كوماندىرلار ئىسكادىرۇن كوماندىرى پورۇتچىك ياقۇپنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر پايمۇ ئوق چىقارماي دۇشمەنگە ئادەم يوقتەك ھېس قىلدۇرىدۇ. دۇشمەنلەر بەخىرامان ھالدا 50 مېتىرچە يېقىنلاپ كېلىدۇ، ئۇلار خۇددى قاراقاغىلار يەمچۈككە يۇپۇرۇلۇپ كەلگەندەك «سا! سا!» دەپ ۋارقىرىشىپ، 40 مېتىر، 30 مېتىر ئارىلىققا قەدەر يېقىنلايدۇ. ئىسكادىرۇن كوماندىرى پوروتچىك ياقۇپنىڭ بۇيرۇق بېرىشى بىلەن قول بومبىلىرى، چوڭ ـ كىچىك ئاپتوماتلاردىن بىرلا ۋاقىتتا شىددەتلىك ئوت ئېچىلىپ دۇشمەن قوشۇنلىرى قىرىپ تاشلىنىدۇ، تىرىك قالغانلىرى ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي يەر ئاستى ئۆۋۈلىرىغا كىرىۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈرىدۇ. گومىنداڭ قاراقچىلىرى بىز زىۋازىلارغا ئالدىنىپتۇق، سىلەر ئىشپيون ئىكەنسىلەر دەپ، خائىنلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغان 11 خۇيزۇ ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ياقۇپنىڭ ئىسكادىرونى يەنە دۇشمەننىڭ ئىككى ـ ئۈچ قېتىملىق ھۇجۇمىنى باتۇرلۇق بىلەن چېكىندۇرىدۇ. ئەمما، دۇشمەننىڭ ئېغىر تىپتىكى قوراللىرىنىڭ زەربىسىدە نۇرغۇن چىقىم تارتىپ، يېنىك يارىلانغانلاردىن باشقا قورال تۇتقۇدەك ئادەم قالمايدۇ. يەر ئاستى داۋالاش پونكىتى يارىدارلار بىلەن توشۇپ كېتىپ، ئاكوپلارمۇ بوش قالمايدۇ، ئىسكادىرون كوماندىرىمۇ ئېغىر يارىلىنىدۇ.

— رىزۋان ئايۇپ، ساقلاردىن پەقەت سىزلا قالدىڭىز، مۇداپىئەمىزنىڭ تەقدىرى سىزگە باغلىق بولۇپ قالدى، قورال تۇتقۇدەكلا يارىدار جەڭچىلەرنى ئىمكانقەدەر جەڭگە قاتناشتۇرۇڭ! يۈكىڭىز ئېغىر، غەيرەت قىلىڭ! — دېدى ئىسكادىرۇن كوماندىرى ياقۇپ يارىسىنى تېڭىۋاتقان رىزۋان ئايۇپقا قاراپ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، يولداش كوماندىر! ھاياتلا بولىدىكەن-



مەن، دۇشمەن بۇ يەرگە ھەرگىزمۇ ئاياق باسالمايدۇ! — دېدى رىزۋان ئايۇپ ناھايىتى ئىشەنچىلىك تەلەپپۇز بىلەن.

رىزۋان ئايۇپ ئۈچ يەرگە ئىستانكىۋوي پىلمۇتتىن بىرنى، دىكتايە پىلمۇتتىن ئىككىنى ئەپلىك ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ قۇربان بولغانلارنى ئايرىم جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، يارىدارلارنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىرىنى ئايرىپ يارىلىرىنى تاڭغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى قاراۋۇللۇق قىلدى. يېرىم كېچە بولاي دېگەندە، رىزۋان ئايۇپنىڭ بۇ غەيرەت ـ جاسارىتىدىن تەسىرلەنگەن بىر يارىدار جەڭچى يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— رىزۋان، سىز كۆپ جاپا تارتتىڭىز، چارچاپمۇ قالدىڭىز. سىز بىردەم ئارام ئېلىڭ، ئەمدى مەن قاراۋۇللۇق قىلاي، — دېدى-دە، ئاكوپ قىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، دۇشمەن تەرەپنى كۆزەتتى. رىزۋان گەپ قىلمايلا بېشىنى قىيسايتىپ، ئاكوپ قىرىغا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالدى. شۇ كۈنى خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق باتالىئونىدىكى ئۈچ ئەسكەر يەنە قېچىپ دۇشمەنگە تەسلىم بولۇپ، خائىنلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قوشۇنلىرى چوڭ ئۈمىد بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاكوپلاردا ئىنگىراپ ياتقان يارىدارلارمۇ ئاكوپ قىرلىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، قوللىرىغا قورال ئالىدۇ. رىزۋان بىردەم ئۇ پىلمۇت بىلەن، بىردەم بۇ پىلمۇت بىلەن ئوت ئاچىدۇ. رىزۋان ئەنە شۇنداق باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، ئاجايىپ قەھرىمانلىق بىلەن دۇشمەنلەرنىڭ خېلى كۆپ ئەسكىرىنى يەر چىشلىتىپ، چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. مانا شۇنداق جىددىي پەيتتە، پىلمۇت ۋە باشقا قورال-لاردىمۇ ئوق قالمايدۇ، بۇنى سېزىۋالغان دۇشمەن شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. رىزۋان تىت ـ تىت بولۇپ، يەرنى مۇشتلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇ بېلىدىكى «تىتى» ماركىلىق تاپانچىنى ئېلىپ قارىسا، ئۇنىڭدىمۇ ئاران ئىككى تال



ئوق قالغانىدى. ئۇ دۇشمەننىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالغاندىن كۆرە، ئۆزىنى ئېتىۋېلىپ ئۆلۈشنى ئەلا كۆرۈپ، يارىدارلار بىلەن خوشلىشىدۇ، يارىدارلارمۇ يانلىرىدىكى خەنجەرلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشىدۇ. رىزۋان ئايۇپ تاپانچىسىنى ئۆز چېكىسىگە تەڭلەپ، «ئەلۋىدا!» دەپ تۇرىشىغا، بارات پالۋان باشلىغان بورتالا پارتىزانلىرى «ھۇررا!» دەپ ئارقا تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىدۇ. پارتىزانلار قەھرىمان سېستىرا رىزۋاننى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشىدۇ...

گومىنداڭ قاراقچىلىرى زىۋازىلارغا يەنە ئالدىنىپتۇق دەپ، ھېلىقى قېچىپ بېرىپ خائىنلىق قىلغان ئۈچ خۇيزۇ ئەسكەرنى ئىشپيون دەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دۇشمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆۋىسىدىن چىقىشقا پېتىنالمايدۇ. بەش كۈندىن كېيىن غۇلجىدىن ماشىنا كېلىپ، قۇربان بولغانلارنى شۇ يەردە دەپنە قىلىپ، يارىدارلارنى ئېلىپ كېتىدۇ. قەھرىمان ئىسكادىرۇن كوماندىرى ياقۇپتىن قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن، بەختكە قارشى ئاكوپتا شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ.

بىز كىنو ـ تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدىن نۇرغۇنلىغان قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى كۆرىمىز، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇبالىغە قىلىنغان بولىدۇ. لېكىن، قەھرىمان سېستىرا قىز رىزۋان ئايۇپنىڭ باتۇرلۇق خىسلەتلىرى قىلچىمۇ مۇبالىغە قىلىنمىغان، بەلكى ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەدۇر (ئەينى ۋاقىتتا شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋان ئايۇپ ئىلى ۋىلايەتلىك بانكىدا ئۇزۇنغىچە ئىشلىگەن).

پولكتىكىلەر كېچە ـ كۈندۈز ئىلگىرىلەپ مېڭىپ، ئاچال، ئالۋاستى گۆرساي، كۆكۈرچىن داۋىنى، قۇلانساي قاتارلىق ئورۇنلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، قازان بۇلاققا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئاتلارنى يېرىم كۈن دەپ ئالدۇرغاندىن كېيىن، داندىغاينىڭ قۇمى ئارقىلىق توختاخۇن ئاقساقالنىڭ قورۇقىنىڭ 200 مېتىرچە جە-



نۇبىدىكى مۇداپىئەگە ئەپلىك يەرگە كېلىپ توختايدۇ. بۇ جاي ئاساسىي بازا قىلىنىپ، باجاخۇ قۇملۇقلىرى «72 ـ ئېگىزلىك» دەپ ئاتالدى. بۇ يەرنى يەرلىك خەلقلەر «ئۈچ قارياغاچ» دەپمۇ ئاتايدىكەن. ئەسلىدە 1830 ـ يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن سەككىز ئائىلىلىك ئۇيغۇر ئىلى تەرەپكە كېلىۋېتىپ، جىڭغا كېلىپ توختاپ، بۇ سۇسىز بوز يەرلەرگە قىزىقىپ، دوساجىمىنىڭ باشچىلىقىدا جىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلىغا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بېرىپ بۇ يەرلەرنى سېتىۋالغان ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىپ، جىڭ دەرياسىدىن سۇ باشلاپ كېلىپ، تۈگمەن ياساپ، تېرىقچىلىق قىلغان. شۇنىڭدىن بېرى، بۇ يەرنى خەنزۇلار «باجاخۇ» (سەككىز ئائىلىلىك) دەپ ئاتاشقان. توختاخۇن ئاقساقال دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ قورۇقى باجاخۇنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. قورۇق ئەتراپى قېلىن قارياچلىق ئىدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر توختاخۇننى ھۆرمەتلەپ، ئاقساقال دەپ ئاتىشاتتى. گومىنداڭ قىسىملىرى مۇشۇ قورۇقنى ئاساس قىلىپ، مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇرغانىدى. بۇ قورۇقنىڭ جەنۇبىي تەرىپى 150 مېتىر ئارىلىققىچە تاشلىق ۋە شىۋاقلىق تۇزلەڭلىك ئىدى. بۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىنسا دۇشمەنلەر قاپسىلىپ قالاتتى، بىراق ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ئاخۇنبايوف بۇلارنى ئويلاپ تېنى شۈركەندى. ئۇ:

— بۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئايلىنىپ ئۆتۈپ جىڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، يىلاننىڭ بېشىنى كەسسەك! — دەپ تەكلىپ بەردى. پولك شتابى كوماندىرلىرىنىڭ دۇشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ھەققىدىكى بۇ يىغىنىدا پولك كوماندىرى مەۋلانوف ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىز قورقۇنچاقلىق قىلىپ، قاچانغىچە ئايلىنىپ يۈرۈپ مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئوينايمىز؟ — دېدى خاپا بولغان تەلەپپۇزدا. بۇ سۆز ئاخۇنبايوفنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. ئۇ:

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!
http://www.lopnuri.com

تاخۇن ئاقساقالنىڭ قورۇقىنىڭ ئەتراپىغا قۇرۇۋالغان مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىدىن، بولۇپمۇ ئۈچ قارىياغاچ ئۈستىگە قۇرۇلغان پىلىموتلىرىدىن بىزگە قارىتىپ ئوت ئاچتى. بىز پەستە، دۈشمەنلەر يۇقىرىدا بولۇپ، بىزگە دالدا بولغۇدەك چوڭراق بىرەر تال تاشمۇ يوق ئىدى. بىز كېلىشتىن بۇرۇن دۈشمەنلەر بۇ يەردىكى تاشلارنى بىرنىمۇ قويماي ئېلىۋەتكەنىكەن. سېستىرا قىزلارمۇ ياردارلارنى يۆتكەپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەپتۇ. تاڭ ئاتقاندا بىزنىڭ مەرگەن جەڭچىلىرىمىز قارىياغاچلارنىڭ ئۈستىدىكى گومىنداڭنىڭ ئۈچ پىلىموتچىكىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىنلا، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى سەل - پەل شالاڭلاشتى.

مەن ئورنۇمدىن تەسلىكتە تۇرۇپ، سەل ئالدىمغىراق ماڭدىم، شۇ ھامان تاشيول ياساش ئۈچۈن شېغىل كولىغان ئازگال ئىچىدىن: «ئابدۇللا مېنى ئېتىۋەت! مېنى ئېتىۋەت دەيمەن!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. قارىسام، بۇ سېستىرا قىز سائادەت ئىكەن. ئۇنىڭدىن ئون مېتىر نېرىدىكى ئازگالدا سېستىرا قىز گۈلسۈممۇ بار ئىكەن. ئۇلار ياردارلارنى تېڭىپ قويۇش ئۈچۈن ئۆمىلەپ كېتىپ بارغاندا، ئوق تەگكەنىكەن. سائادەتنىڭ يارىسى ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنى پۇتۇنلەي پىلىموت ئوقىدا ئېغىر يارىلانغانىكەن. گۈلسۈمنىڭ يانپېشىدىن تەگكەن ئوق دولۇسىنى تېشىپ ئۆتكەنىكەن.

— تېز بولغىن، ئوغۇل بالا بولساڭ مېنى ئېتىۋەت!

— دەيتتى ھەر ئىككىلا سېستىرا قىز ۋارقىراپ. ئەھۋال خەتەرلىك ئىدى، دۈشمەن تەرەپتىن ئوق چىقىپ قالسا، ھەر ئۈچىلىمىز ئۆلەتتۇق. بۇ سېستىرا قىزلارنى ئېتىۋەتكىلى قانداقمۇ قول بارىدۇ؟ ئۇلار فرونتتا جانلىرىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ قويۇپ، نى - نى يىگىتلەرنى يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا قارىماي يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يارىلىرىنى تېڭىپ ساقايتقان، يەنە بەزىلىرىنى ھاپاش قىلىپ قۇتۇلدۇرۇپ قالغان شەپقەت ھەمشىرىلىرى ئەمەس-



مۇ؟ ئۇلار بەكمۇ چىرايلىق، كېلىشكەن ھەم قورقماس، جىگەرلىك قىزلاردىن ئىدى. ئۇلار مەن بىلەن بىر سەپتە تۇراتتى، مەن ئۇلارنى بىر ئامال قىلىپ قۇتقۇزۇپ قېلىش قارارىغا كەلدىم. ئۇلار كەلگۈسىدە مېيىپ بولۇپ ياشىغاندىن كۆرە، ھازىرلا ئۆلۈپ كېتەيلى دەپ ئويلاپ، ساقىيىشىغا كۆزلىرى يەتمىگەنىدى. مەن ئاۋۋال سائادەتنى تېڭىشقا باشلىدىم. ئۇ ماڭا بوي بەرمەي ۋارقىرايتتى. قانچە ۋارقىرىسىمۇ بەربىر، مەن دېگەن ئوغۇل بالىدە؟ مەن سائادەتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تەتۈر مىنىۋالدىم - دە، ئۇنىڭ يارىسىنى خېلى ياخشى تېڭىپ قويدۇم، ئوق ئۇنىڭ بەكمۇ نازۇك يېرىگە تەگكەنىكەن. ئۇ مېنى ئىككى قولى بىلەن قاتتىق مۇشتلايتتى. مەن ئۇنىڭ جان - جەھلى بىلەن شۇنچە قاتتىق ئۇرغىنىغا پەرۋا قىلمايتتىم (ئەتىسى ئۇنىڭ ئۇرغان يەرلىرى خۇددى پىچاق تىققاندەك ئاغرىشقا باشلىدى). مەن قىلىچىمنى قىنىدىن چىقىرىپ شىنە قىلىپ، ئۇنىڭ بىر پۇتىنى مىدىرلىماس قىلىپ تېڭىۋەتتىم، ئاندىن ئۇنى ئۆرۈپ ئازگالنىڭ قىرىغا يۆلەپ قويدۇم، ئۇ ماڭا خۇددى يارىلانغان كېيىك بالىسىدەك تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇ: «ھوي قورقۇنچاق! سەن قورقۇپ مېنى ئېتىۋەتمىدىڭ» دېيۈدى، مەن ئۇنىڭغا:

— سەندەك بىر بەرنا قىزنى ئېتىۋەتسەم، كېيىن سېنىڭ يىگىتىڭگە قانداق جاۋاب بېرىمەن؟ ساقايساڭ ماڭىمۇ قارىماسسەن ھەقچان؟ ھېلىمۇ تەلىيىڭ بار ئىكەن، — دېدىم چاقچاق قىلىپ. ئۇ:

— مەن ساقايسام سېنى ئىزدەپ بارىمەن، ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى مەمنۇن بولغاندەك قىلىپ.

مەن گۈلسۈمنىمۇ قىلىچىمنىڭ غىلىپىنى شىنە قىلىپ پۇتىدىن تېڭىپ قويدۇم. ئەمما، ئۇ بەكمۇ ۋارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ يارىسىمۇ ئېغىر ئىكەن. مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئالقىنىم بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، بىر پۇتۇمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىلدۇرۇپ يارى-



سىنى تاڭغۇچە، ئۇ مېنى ھەرخىل تاتارچە تىللار بىلەن تىللاپ كەتتى ۋە:

— تاپانچاڭنى ماڭا بەر، مەن ئۆزۈمنى ئېتىۋالىمەن! — دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

— سەن نېمە دېسەڭ دەۋەرگىن، مەن بۇرچۇمنى ئادا قىلسام بولدى، ھەر ئىككىڭلارنى داۋالاش ئورنىغا ئەۋەتىپ بېرىمەن، — دېدىم. ئۇ:

— ھۇ پاشىنىسىز قەشقەرلىك! خەپ توختاپتۇر، مەن ساقايسام كۆرىسەن تېخى، پۇچۇق! — دېدى. مەن:

— سېنى ئەگەر ئەر ئالمىسا، مېنىڭ قېشىمغا كېلەرسەن، سەن مېنى بۇرۇندىنلا ياخشى كۆرەتتىڭغۇ؟ ئاتقا بېدە توغرىشىپ بەرگەنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدىم.

— سەن شۇ ئابدۇللامىدىڭ؟ كېلە بىر سۆيۈپ قوياي، شۇ كۈنلەرنى ئېسىڭگە ئېلىپ مېنى ئاتماپسەن - دە، مېنى ئاتمىغىنىڭغا رەخمەت! — دېدى ئۇ مېنى تونۇۋېلىپ (مەن 1942 - يىللىرى گۈلسۈملەرنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەنىدىم، ئۇ چاغدا مەن يېتىم بالا بولۇپ، پاناھلىنىدىغان ئۆيۈم شۇ ئىدى).

— كېيىن سەن ماڭا كېرەك بولىسەن ئەمەسمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ.

ئۇ ئىككى قىزنىڭ جاراھىتىنى تاڭىمەن دەپ دورا سومكامنىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالغانىكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ دورا سومكىسىدىكى دورىلارنى ئېلىپ، تۈزلەڭدە ئەلەملىك زارلىنىپ، ئىڭراپ ياتقان سۇيدۇڭلۇك جالالىدىن قاتارلىق نۇرغۇن ياردارلارنىڭ يارىسىنى تاڭدىم. «يولدا ياتقان ئەسكى تېرىنى جۇۋا دەپ قالمىغىن، ئۇ سېنى چىشلەپ يەيدىغان يولۋاس بولۇپ قالمىسۇن» دېگەندەك، مەن بىر تەرەپتىن ھوشيارلىقىمنى ئۆستۈرۈپ تاپانچامنى دەررۇ قولۇمغا چىقىدىغان ئەپلىك يېرىمگە قىستۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن جەڭچىلەرنىڭ يارىسىنى تاڭدىم. تۇيۇقسىز بىر جىرا ئىچى-



دىن ئۈستىبېشى قانغا مىلەنگەن، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بىرى ئۆمىلەپ كەلدى. مەن دەرھال تاپانچامنى قولۇمغا ئېلىپ، تەپكىسىنى باساي دەپ تۇرغىنىمدا، ئۇ:

— ھەي، سەن ئابدۇللامۇ؟ يائاللا، جىن - شەيتانمۇ سەن؟ — دەپ توۋلىدى. مەن:

— خۇدا ئۆزى ساقلىدى، سېنى ئېتىۋەتكىلى تاسلا قاپتىمەن، — دېدىم. بۇ كىشى تېكەس 1 - ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى، مال دوختۇرلۇق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىمىن ھاجىيوف ئوسمان ئەپەندى ئىدى (ئىمىن ھاجىيوف ئوسمان ئەپەندى مۇزداۋاندىكى جەڭدە خىزمەت كۆرسىتىپ ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغانىدى. ئۇ دەسلەپتە پودپورۇتچىك، كېيىن مايورلۇق ئۇنۋانى ئالغانىدى). ئۇ شۇ مىنۇتتىن باشلاپ، ماڭا ياردارلارنى تېڭىشىپ ھەم توشۇشۇپ بېرىپ زور ياردەم قىلدى. 18 جەڭچىنىڭ پۇت - قوللىرى ئۈزۈلگەن، ھايات قالدى دېگەنلەرمۇ چالا ئۆلۈك ئىدى. 3 - ئىسكادىروندىن ئارانلا 30 نەچچە ئادەم قاپتۇ، 2 - ئىسكادىروندىن 40 نەچچە ئادەم قۇربان بوپتۇ. سېستىرا قىزلارنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن بىز ياردارلارنى بىخەتەر جايغا ئەكىلىۋالدۇق......»

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر، بۇ ۋەقەنى بىزگە سۆزلەپ بېرىۋاتقان يولداش ئابدۇللا مەخپىرۇف ھازىر ھايات، ئۇ غۇلجا 4 - دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىدا ۋىراچ بولۇپ ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، ھازىر پېنسىيىگە چىقىپ ئائىلىسىدە دەم ئېلىۋاتىدۇ. يولداش ئابدۇللا مەخپىرۇف شۇ كۈنى ئۆزى جەڭدە يارىلانغان تۇرۇقلۇقمۇ پىداكارلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، خەتەرگە قارىماي ياردار بولغان نۇرغۇنلىغان جەڭچى - كوماندىرلارنىڭ يارىسىنى تېڭىپ، ئۇلارنى بىخەتەر يەرگە يۆتكەپ، ھاياتىنى ساقلاپ قالغان. قەھرىمان ئابدۇللا مەخپىرۇف گەرچە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئېغىر رىيازەت چەككەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ دوختۇرلۇق

كەسپىگە بولغان قىزغىن ئىشتىياقى بىلەن خىزمەتنى جانپىدالىق
بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ ئىشلىگەن.

* * * *

شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن رەيھانە
غابىدىن، روشەنگۈل، ئاسىيە قاتارلىق سېستىرا قىزلارنىڭ ھەر-
قايسىسى 20 ـ 30 دىن ياردارنى خەتەرگە قارىماي ھاپاش قىلىپ
بىخەتەر يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. يارد-
دارلارنى جاراھەتتىدىن كۆپرەك ئۇسسۇزلۇق قىينايتتى. ئۇلارغا
قاراپ چىدىمىغان سېستىرا قىز روشەنگۈل ئون نەچچە باكالاشكى-
نى ئېلىپ، 150 مېتىر يىراقلىقتىكى تۈگمەن بېشىدىن سۇ
ئېلىپ كەلمەكچى بولدى، بۇ ئارىلىق ناھايىتى ئوپئوچۇق بولۇپ،
ئەگەر دۈشمەن ئۇنى كۆرۈپ قالسا ئاسانلا قارىغا ئالالايتتى.
شۇڭا، كوماندىر ـ جەڭچىلەر «ئۇ يەرگە بېرىش خەتەرلىك» دەپ
ئۇنى دەپ توستى. ئەمما، روشەنگۈل ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن يارىدار-
لارنىڭ ھاياتىنى ئەلا بىلىپ، «تۈگمەنگە بېرىپ سۇ ئېلىپ كېلى-
شىم، پەقەت يارىدارلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن!
مېنى توسماڭلار، مەن يارىدارلارنىڭ ئۇسساپ زارلىنىشلىرىغا
چىداپ تۇرالمايمەن» دېدى ـ دە، باكالاشكىلارنى كۆتۈرۈپ، ئۇچ-
قاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. زىلۋا بويلۇق، چېۋەر سېستىرا قىز
روشەنگۈلنىڭ دۈشمەن ئوقلىرىدىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىپ يىلان-
باغرى يۈگۈرۈپ مېڭىشى، گويا كى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاغزىدا
لاي توشۇپ ئۇۋا ياساۋاتقان قارلىغاچنىڭ پەرۋازىغا ئوخشاپ كې-
تەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار:
— پاھ! قوشۇنىمىزنىڭ بۇ پەرىشتىسى قالتىس چېۋەر جۇ-
مۇ؟ — دېيىشىپ، ئۇنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى ۋە قەھرىمانلىق خىس-
لىتىنى چىن دىلىدىن مەدھىيىلەيتتى.
روشەنگۈل ھالسىرىغان ھالدا تۈگمەن بويىدىكى ئۆستەڭگە
يېتىپ باردى. بەختكە قارشى ئۆستەڭدە سۇ يوق ئىدى. روشەن-



گۈل ئارمىنىنى ئىچىگە يۇتۇپ «ھەتتەڭەي!» دېدى ـ دە، ئۆس-
تەڭگە سەكرەپ چۈشتى ۋە يۇقىرىغا قاراپ بىر نەچچە قەدەم
ماڭدى. ئۇ ئۆستەڭ ئىچىدىكى كۆلچەكتە توختاپ قالغان توختام
سۇنى كۆردى ۋە «مۇشۇ سۇدىن بولسىمۇ ئېلىپ كېتەي» دەپ،
باكالاشكىلارنى ئېچىپ توختام سۇنى قاچىلاشقا باشلىدى. ئۇ
باكالۇشكىلارنى تولدۇرۇپ ئەمدىلا ئۆستەڭنىڭ قىرغا چىقىشىغا،
بىر پاي ئوق كېلىپ ئۇنىڭغا تەگدى. روشەنگۈل «ۋاي!» دەپ
باكالاشكىلارنىڭ يىپلىرىنى مەھكەم تۇتقان پېتى يىقىلدى. بۇ
ۋەقەنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغان جەڭچىلەردىن بىر نەچچىسى
روشەنگۈلگە قاراپ يۈگۈردى...
سۈيدۈڭلۈك يۈسۈپجان بۇ تۇغۇرلۇق ئەسلەپ مۇنداق دەي-
دۇ:
«...مەن روشەنگۈلنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغان چاغدا، رو-
شەنگۈلنىڭ كۆزى تېخى يۇمۇلمىغانىكەن. كۆكرىكىدىن قىپقى-
زىل ئىسسىق قان توختىماي ئېقىۋېتىپتۇ. سېستىرا قىز ئاسىيە
روشەنگۈلنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا رازى-
لىق بەردى. روشەنگۈلنىڭ ئايدەك چىرايىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ
جىلۋىلىنىپ تۇرغان يۇلتۇزدەك نۇرلۇق كۆزلىرىدىن نېمىلەرنى-
دۇ دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. شۇ ئەسنادا كىم-
دۇ بىرى:
— ۋاي ئىستەي، ئاجايىپ چىرايلىق، كېلىشكەن، چېۋەر
قىز ئىدى، تۈنۈگۈنكى چوڭ قىرغىنچىلىقتا ئۇ ئۆمىلەپ ھەم
يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىپ، بەزىلىرىنى
سۆرەپ، بەزىلىرىنى ھاپاش قىلىپ بىخەتەر يەرگە ئاپىرىپ،
نۇرغۇن جەڭچىلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان ئەمەسمىدى! ئۆ-
زى ساپساق تۇرۇپ، سۇ ئېلىۋېتىپ مۇنداق قۇربان بولۇشنى
كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟ — دېدى. مەن:
— ئوق يېقىنلا يەردىن تەگكەندەك تۇرىدۇ، يۇرۇڭلار، ئاۋۇ



تۈگمەننىڭ ئىچىگە كىرىپ قاراپ باقايلى، — دېدىم. بىر نەچچەي-
لەن يۈگۈرۈپ تۈگمەننىڭ ئىچىگە كىردۇق، ھېچكىم كۆرۈنمى-
گەندىن كېيىن ئارقىمىزغا يانماقچى بولىۋىدۇق، شۇ چاغدا ئاب-
دۇقادىر سۇكەننىڭ سۇپىسىغا چىقىپ:
— بۇ ئەبلەخ مانا ماۋۇ يەردە ئىكەن! — دېگىنىچە كۆك ماتا
كىيگەن بىر گومىنداڭ ئەسكىرىنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ قامالل-
غىنىچە سۆرەپ ئېلىپ چىقتى. لەنىتى مەخلۇق قورقىنىدىن
تۈگۈلۈپلا قالغانىدى. ئابدۇقادىر ئۇنى روشەنگۈلنىڭ جەسىتى
يېنىغا ئاپىرىپ:
— روشەنگۈل، كۆرۈۋاتامسىز؟ سىزنىڭ قاتىلىڭىزنى تۇت-
تۇق! مانا سىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدۇق، — دېدى ـ دە، خەنجى-
رىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ھېلىقى ئەسكەرنىڭ كۆكرىكىگە تىقتى
......
تۈگمەننىڭ باش تەرىپىدە ئىككى تۈپ قېيىن دەرىخى شۇنداق
چىرايلىق ئۆسۈپ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، بۇ ئىككى تۈپ قېيىن
دەرىخىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 5 مېتىرچە ئارىلىق بار ئىدى. بىز
روشەنگۈلنى شۇ ئارىلىققا دەپنە قىلدۇق. كېيىن تونۇۋېلىشقا
ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئادرېسىنى يېزىپ، بەزى ئىچكى ۋە
سىرتقى كىيىملىرى بىلەن تۇپراق بېشىغا قويۇپ، يوغانلا بىر
تاش بىلەن باسۇرۇپ قويدۇق. روشەنگۈلنىڭ گىمناستىيوركىسى-
نىڭ تۆش يانچۇقىدىن يېرىمى قانغا مىلەنگەن بىر تال قولياغلىق
چىقتى. قولياغلىقتا ئىككى قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسى كەشتىلەن-
گەنىكەن. بۇنى كۆرۈپ رۇس سېستىرا قىز يىغلاپ تاشلىدى.
ھەممىمىز ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئولاشتۇق.
— ئېسىم قۇرۇسۇن، مەن نېمىدېگەن دۆت؟ — دەپ ئۆزىنى
ئەيىبلەپ كەتتى رۇس سېستىرا قىز.
— سەن ئۆزۈڭنى نېمىشقا دۆت دەپ ئەيىبلەيسەن؟ — دەپ
سورىدى ئاسىيە.



— مەن بۇ قىز بىلەن چېگىسخوزىدا تونۇشقانىدىم، تۈنۈگۈن
كېچە ئىككىمىز دۈشمەن ئوقىدىن ئۆزىمىزنى ھىمايە قىلىپ بىر
يەردە ياتقانىدۇق، مەن ئۇنىڭ پىداكارلىق روھىغا ھەم قورقماس
خىسلىتىگە ھەۋەسىم قېلىپ، ‹ سېنىڭ يۈرىۋاتقان يىگىتىڭ بار-
مۇ؟ › دەپ سورىغانىدىم، ئۇ «بار ھەم يوق» دەپ جاۋاب بەرگەنى-
دى، مەن ‹ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئوچۇقراق قىلىپ دېمەمسەن؟ ›
دەپ قىستاپ تۇرىۋالسام، ئۇ ئاخىر ‹ مېنىڭ يۈرگەن يىگىتىم
مەن بىلەن بىللە پىدائىي بولۇپ ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان
بىر مەھەللىلىك، ئۇنىڭ ئۇنۋانى پىراپورچىك، سۈيدۈڭ 40 ـ
پولكىدا ئىشلەيدۇ. ئۇ ماڭا تەلەپ قويغان، مەن ئۇنىڭغا ئالدىنقى
سەپ فرونتىدا خىزمەت كۆرسىتىپ باھادىرلىق مېدالى ئالسى-
ڭىز، سىز بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە بولىمەن، ئۇنداق بولمىسا
ئاۋارە بولماڭ دېگەنتىم › دېگەنىدى. ‹ ئېسىم قۇرۇسۇن، ئۇ
يىگىتنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مانا، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ
قولياغلىق ئۇنىڭ ئاشۇ يىگىتكە بىرەر تۆھپە ياراتسا بېرەرمەن
دېگەن ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرامدۇ؟ › دېدى رۇس
سېستىرا قىز قولياغلىقىنى سىيلاپ تۇرۇپ. بىز ھەممىمىز
قولياغلىقنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ، كۆز يېشى قىلىشتۇق»
ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، روشەنگۈلگە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئەسلىمىنى
سۆزلەپ بېرىۋاتقان يۈسۈپجان ھازىر ھايات، ئۇ ھازىر سۈيدۈڭ
ناھىيىسىدە ئولتۇرۇشلۇق.

* * * *

ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى ئۇرۇشلاردا بولسۇن، ھەرقانداق
قوشۇن ئالدى بىلەن سۇ مەنبەسىگە قاراپ بارگاھ ياكى مۇداپىئە
ئىستىھكاملىرىنى قۇرغانىدى. ھەربىي دەستۇرلاردا «ئۆزۈڭنىمۇ
بىل، ئۆزگىنىمۇ بىل، شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۇرۇشتا يېڭىلمەي-
سەن» دەيدىغان ئەقلىيە سۆز بار. پولك كوماندىرى بۇ نۇقتىنى
بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن تولىمۇ بىپەرۋالىق بىلەن يۈز بېرىش

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

ئېھتىمالى بولغان ھادىسىگە سەل قارىغان. ئۇ ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئالدىدا سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى جەڭچىنى ئەۋەتكەن (بۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر، بىرى مۇڭغۇل جەڭچى ئىدى). لېكىن، بۇ ئىككى جەڭچىنىڭمۇ، سۇنىڭمۇ ئىز — دېرىكى بولمىغان، پولك كوماندىرى شۇ چاغدا خۇددى تىنچ يىللاردىكى بىر دېھقاننىڭ ئېرىققا سۇ باشلاپ كېلىپ ئېتىزنى سۇغۇرىدىغاندەك تۇيغۇدا بولغان. پەقەت روشەنگۈل پاجىئەسى يۈز بەرگەندىن كېيىنلا، بۇ كوماندىر سەگەكلىشىپ، ئۇرۇشلاردا پىشقان، ئىنتايىن زېرەك ھەم چەپدەس مىرزا قۇلۇپنىڭ ئىسكادىرونىنى ئەۋەتكەن. بۇ ئىسكادىرون سۇ باشلاپ كېلىپ قوشۇننى، بولۇپمۇ يارىدارلارنى تەشنالىقتا قاندۇرۇش ئۈچۈن، ناھايىتى تېزلىكتە 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۈگمەنگە قايرىلىدىغان لاتاپەي (ھازىرقى كىچىك دىيەنزەن) كۆمەيگە كېچىدە يوشۇرۇن يېتىپ بارغان. كۆمەينى ساقلاپ ياتقان گومىنداڭنىڭ بىر لىيەن ئەسكىرىگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ ھەممىسىنى تەلتۆكۈس يوقاتقان. ئۇلار ئاندىن ھېلىقى ئىككى جەڭچىنىڭ شۇ يەردە قۇربان بولغانلىقىنى بىلگەن.

گومىنداڭ قاراقچىلىرى ئۆزىنىڭ مۇداپىئەسىگە پايدىلىق بولغانلىكى نەرسىلەردىن پايدىلانغان، جۈملىدىن تۈگمەنگە بارىدىغان سۇنىمۇ شاخ - شۇمبىلار بىلەن ئېتىپ مەھكەم توسىۋالغان. كۆمەيدىكى سۇنىمۇ ئاخىر جەڭچىلەر توغاننى بىرلا ئىتتىرىپ ئۆرۈپ ئاققۇزدى، سۇلار خۇددى قەپەزدىن چىققان شىردەك ھۆركىرەپ، قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ تۈگمەن بويىدىكى ئۆستەڭدە ئۆركەشلەپ ئاقتى...

تۈزلەڭدە قاتار - قاتار يېتىپ كەتكەن جەڭچى - كوماندىرلارنىڭ جەسەتلىرى كىشىنىڭ يۈرىكىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشتۇراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق بولۇپ، كۆز قارچۇقلىرىدا «ھۇررا!» دەپ ئاتاكىغا ئۆتۈۋاتقان جەسۇرانە



سىيماسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇق، قاپاقلىرى تۈرۈك بولۇپ، دۈشمەنگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى ئىپادىلىنەتتى. ھايات جەڭچىلەر قۇربان بولغان سەپداشلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ «ئەلۋىدا! سەپدىشىم، بۇرادىرىم، دوستۇم! باتۇر، جاسارەتلىك كوماندىرىم، ئەلۋىدا!» دەپ ياش تۆكۈپ يىغلىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي ئاققان ئىسسىق ياشلار، خۇددى قىيامەت بولغاندەك بىر مەنزىرىنى پەيدا قىلغانىدى. كوماندىر، جەڭچىلەر قۇربان بولغانلارغا قاراپ:

— سىلەرنىڭ خەلقپەرۋەر پىداكارانە روھىڭلار بىزلەرگە تولۇپ - تاشقان غەيرەت - جاسارەت ۋە قايتماس ئىرادە بېغىشلىدى! بىز دۈشمەنلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، جىڭ ناھىيىسىنى ھەم پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئارقىلىق، سىلەرنىڭ ئۈمىدىڭلارنى جەزمەن رېئاللىققا ئايلاندۇرىمىز، سىلەرنىڭ شانلىق ئەجرىڭلارغا جاۋاب قايتۇرىمىز، — دەپ قەسەم بېرىشتى. نۇرغۇن جەڭچىلەر بىردەكلا كوماندىرغا قاراپ:

— كوماندىر، بىزگە بۇيرۇق بېرىڭ! بىز دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىمىز، بىز قۇربان بولغان سەپداشلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، گومىنداڭ قاراقچىلىرىنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى خاتىرجەم قىلىمىز، بىزگە بۇيرۇق بېرىڭ يولداش كوماندىر! — دەپ ۋارقىراشتى.

بۇ ياڭراق قەلب سادالىرى، روھىي كەيپىياتى سۇسلىشىپ قالغان كوماندىرلارنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قوماندانلىق خىسلىتىنى ئويغاتتى.

توختاخۇن ئاقساقالنىڭ قورۇقىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىككە 80دىن ئارتۇق شېھىت بولغان جەڭچى دەپنە قىلىندى (بۇ شېھىتلىكنىڭ ئورنى ھازىرقى جىڭ ناھىيىسىدىكى سېمونت جىڭلايدىغان جاينىڭ دەرۋازىسىدىن شەرق تەرەپكە تەخمى-



نەن 20 مېتىر كېلىدىغان ئاق بىر پارچە يەردە). دەپنە قىلىنغان شېھىتلەرنىڭ ئىچىدە ئامىنەم، پاتىمە، ساشا (رۇس)، نىنا خرۇستىۋا (رۇس) قاتارلىق 20دىن كۆپرەك ھەمشىرە قىزلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنى ئىگىلىرىنىڭ ئاسانراق تونۇۋېلىشى ئۈچۈن، بەلگىلىك كىيىملىرى بىلەن ئىسىم - فامىلىسى ھەم ئادرېسلىرى يېزىلىپ، قەبرە بېشىغا تاشنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇلدى (ئۇرۇشتىن كېيىن بەزىلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى ئىگىلىرى تونۇۋېلىپ، ئېلىپ كېتىشتى). قالغان مۇتلەق كۆپ قىسىم شېھىتلەر دۈشمەنلەرگە يېقىن جايدا بولغاچقا، ئۇلارنى دەپنە قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى. جىڭ ناھىيىسى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ھەرقايسىسى ئۆز ئورۇنلىرىغا دەپنە قىلىنىۋېتىلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قۇربان بولغان نۇرغۇنلىغان قەھرىمان جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ جەسەتلىرى جىڭ ناھىيىسىنىڭ چۆل - جەزىرە، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا نام - نىشانسىز قالدى. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىمۇ ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى...

يارىدارلار 100 نەپەردىن ئاشاتتى. ئۇلار بىخەتەر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بار بولغان دورىلار بىلەن بىر نەچچە سېستىرا ۋە بىر ئىسكادىرون قوغداش ئۈچۈن قالدۇرۇلدى.

* * * *

— ئوڭغا قاراپ توغرىلان! دىققەت! — دەپ كوماندا بەردى سەپتە زەبەردەست تۇرغان پولكنىڭ ۋوزۋود كوماندىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىغا پولكنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى پودپولكوۋنىك ئىبراھىموف. ئۇ:

— مۆھتەرەم ئوفىتسېرلار، بىز «72 - ئېگىزلىك» ھۇجۇمىدا مەغلۇپ بولدۇق، 500دىن ئارتۇق قەھرىمان سەپدىشىمىزدىن ئېچىنىشلىق ھالدا ئايرىلدۇق. بۇ بىزگە نىسبەتەن زور يوقىتىش، ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ كۆڭۈللىرىمىز ئىنتايىن يېرىم



بولماقتا. ئەمما، بۇ ۋەقە بىلەن پۈتۈن پولكىمىزدىكى جەڭچى، ئوفىتسېرلىرىمىزنىڭ ئىرادىسى ھەرگىز سۇنمىدى، ئۇلار جەڭگىۋارلىقنى يوقاتمىدى! بىز قايغۇمىزنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇرۇشتا قۇربان بولغان سەپداشلىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئېلىشىمىز كېرەك! بىزنىڭ جاسارەتلىك جەڭچىلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇق روھى، جۇش ئۇرۇپ تۇرغان يۈرەك سادالىرى بىز كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ تەخىرسىزلىكىمىزنى بەلگىلەپ بەردى، بىزنىڭ ئاداققى غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىمىزنىڭ يالقۇنىنى چاقناتتى، دانالار «ئوڭۇشسىزلىق — ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولىدۇر» دەپ ئېيتقان، مەن ھازىر سىلەرگە پولك شتابى رەھبەرلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارارىنى يەتكۈزىمەن، — دېدى جىددىي تۈستە ۋە، — پولك مۇئاۋىن شتاب باشلىقى ئاخۇنبايوف سىدىقجان سەپنىڭ ئالدىغا چىقسۇن! — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزدا.

ئاخۇنبايوف سەپتىن بەش قەدەم ئالدىغا چىقىپ، سەپتە مەزمۇت تۇرغان ئوفىتسېرلارغا ئالدىنى قىلىپ، فورمىسىنى تۈزەپ، دىققەت بىلەن بۇيرۇقنى كۈتتى. سەپتىكى بارلىق ئوفىتسېرلار ئۇنىڭغا ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. پەقەتلا مەۋلانوف رازاق چىرايى تاتىراڭغۇ، ئىنتايىن خۇنۇك ھالەتتە سەپنىڭ بىر بېشىدا شۈمشىيىپ تۇراتتى (مەۋلانوف رازاق شېڭ سىسەي دەۋرىدە ئاتۇشتا مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ئۆلتۈرۈش، قىرىش، ئوت قويۇش ئىشلىرىغا غوللۇق ئۇنسۇر بولۇپ قاتناشقانىدى. ئۇ 1975 - يىلى قىرغىزىستاندا قىساسچىلار تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان). ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى، سېخى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى ئاخۇنبايوفنىڭ كۆزلىرىنى چېقىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شەپكىسىنىڭ كازىرىكىنى پېشانىسىگە چۈشۈرۈپ قويدى، ئۇنىڭ شەپكىسىدىكى كاكار كۈننىڭ نۇرىدا چاقناپ كەتتى. شىپۇرلۇق ئۆتۈك، سۇس جىگەر-

رەڭدىكى تېرىكىدىن تىكىلگەن گەلەپى ئىشتان، گىمناستيوركا، ئوفىتسېرلىق تاسما، مايورلۇق ئۇنۋان بەلگىسى ۋە يېنىغا ئېسىلغان قىلىچ ئۇنىڭ قەددى - قامەتلىك بەستىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. ئاخۇنبايوفنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان قەددى - قامىتى، زىرەكلىك چىقىپ تۇرىدىغان نۇرلۇق كۆزلىرى ئۇنىڭ پاراسەتلىك كوماندىرلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

— جەڭگاھ ئىقتىدارلىق كوماندىرلارنى، پاراسەتلىك قەھرىمانلارنى يېتىلدۈرىدۇ. مايور ئاخۇنبايوف سىدىقجان بولسا، ئەنە شۇ جەڭگاھتا يېتىلىپ چىققان ئىقتىدارلىق كوماندىرلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. بىز مايور ئاخۇنبايوفنىڭ ئەسلىدىكى «يىلاننىڭ بېشىنى كېسىش» دېگەن تاكتىكىسى بويىچە، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك. ھازىردىن باشلاپ پولكنىڭ قوماندانلىقى مايور ئاخۇنبايوف سىدىقجانغا تاپشۇرۇلدى! — دېدى ئىبراھىموف ئۇنىڭغا ئىشەنگەن تەلەپپۇزدا.

ئاخۇنبايوف كۆڭلىدە «ئۆپكىسى كېتىپ، كانىيى قالغاندا ...» دېگەن پىكىرنى ئۆتكۈزدىيۇ، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي جىم تۇردى. ئۇنىڭ روھى ئاۋۇالقىدەكلا كۆتۈرەڭگۈ، چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. سەپتە تۇرغان ئوفىتسېرلار ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭراتتى. بۇ ئالقىش ساداسى ئاخۇنبايوفنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. ئاخۇنبايوف:

— مۆھتەرەم پودپولكوۋنىك مەۋلانوف باشچىلىقىدىكى پولك شتابى رەھبەرلىرىنىڭ ماڭا ئىشىنىپ تاپشۇرغان بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىمەن! — دەپ ھەربىيچە سالام بېرىپ ئوفىتسېرلارغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ئوفىتسېرلار خۇددى غەلىبە يورۇقلۇقىنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت ئىچىدە قىزغىن چاۋاك چېلىشتى. مەۋلانوف ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن ئاخۇنبا-



يوفقا قاراپ، ئۇنىڭ پەزىلىتىگە قايىللىقىنى بىلدۈردى. ئاخۇنبايوف شۇ يەردىلا پولكنىڭ ھۇجۇم يۆنىلىشىنى، ھەرقايسى قىسىملارنىڭ ۋەزىپىسىنى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇردى. كوماندىرلار ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشتى.

بۇ دەل 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇنقى مەزگىل ئىدى. شۇ مىنۇتتا قوشۇن شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلدى. قوشۇن جىڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن تۆۋەنلەپ، رازۋېدچىك ھەم يول تازىلىغۇچى قىسىملارنى ئالدىغا قويۇپ، چاتقاللىقلاردىن يول ئېچىپ، يوشۇرۇن ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىدى. تېرەك ساي، ئۆلان داۋان قاتارلىق يەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، زومۇدۇندا گومىنداڭنىڭ بىر پوتىيىنى پارتلىتىپ، تىرىك قالغان لىيەنجاڭ دەرىجىلىك بىر گومىنداڭ ئوفىتسېرىنى ئەسىرگە ئالدى ۋە بىر دانە رادىئو ئاپپاراتىنى قولغا چۈشۈردى. بۇ ئەسىر گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ جىڭ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن 8 كىلومېتىر ئارىلىقتا قەدەر تەتۈر قوزۇق قېقىپ، ھۇجۇمچى قىسىملىرىمىزغا زور توسقۇنلۇق قىلىپ مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملىگەنلىكى ۋە گومىنداڭنىڭ باشقا ئىچكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ئىقرار قىلدى.

بىزنىڭ قوشۇنىمىز داخىيەنزىدە ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ كاناپچىسى سوپەككە گەپ ئۆگىتىپ، ئۇنى ئەسىرگە قارايدىغان خىزمەتچى قىلىپ بەلگىلەيدۇ ۋە مەقسەتلىك ھالدا ھېلىقى ئەسىرنى بوشراق تۇتىدۇ، ئويلىغاندەك بۇ ئەسىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىدۇ. قىسمىمىز ئەسىر قېچىپ كېتىشى بىلەنلا ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا شاخ - شۇمبىلارنى باغلاپ، توپىلاڭلىق يولدا ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ، نۇرغۇن چاڭ - توزانلارنى ھاسىل قىلىپ، زور بىر قوشۇن كېلىۋاتقاندەك ھالەت پەيدا قىلىدۇ. قېچىپ بارغان ھېلىقى ئەسىر گومىنداڭنىڭ جىڭدىكى باش قوماندانىغا: «ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ بىر بىلەن



ئورۇشقان قىسمى ئالدىن ئەۋەتىلگەن بىر ئاتلىق رازۋېد پولكى ئىكەن، 40 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى، يەنى تۆت دىۋىزىيىسى ئارقىدىن يېتىپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر قىلىدۇ. گومىنداڭنىڭ قوماندانى بۇ ئەسىرنىڭ سۆزىدىن شۈبھىلىنىپ تۇرغاندا، غەرب تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ناھايىتى ھەيۋەتلىك چاڭ - توزاننى كۆرۈپ قالىدۇ. نەق شۇ كۈنى گومىنداڭنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن بىر ئايروپىلان (ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن) كېلىپ ئەنفۇ سېپىلى ئىچىگە بومبا تاشلايدۇ (ئەنفۇ سېپىلى 1752 - يىلى سېلىنغان). قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كەتكەن بۇ قوماندان دەرھال قوشۇنلىرىغا بۇيرۇق قىلىپ، ھەممىنى تاشلاپ ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي قاچىدۇ. نەتىجىدە قوشۇنىمىز دەريادىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، قارشىلىقسىزلا جىڭ ناھىيە بازىرى ئىچىگە كىرىدۇ.①

جىڭ ناھىيە بازىرىغا كىرگىنىمىزدە، گومىنداڭنىڭ باش شتابىدا (كونا سوۋېت گىراژى، يەنى ھازىرقى قاتناشنىڭ ئورنى) كالىلارنى تۆت پۇتىدىن باغلاپ قويۇپ، تېخى سويۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، ئالدىراشچىلىقتا بىر كالىنى تىرىك تۇرغۇزۇپلا كەينى پۇتىدىن كېسىپ تاشلىغان، بۇ كالىنىڭ تېخى جېنى چىقماي تىپىرلاپ تۇرغان، گاڭپەن قىلماقچى بولغان قازانلىرىدا گۈرۈچ قايىنىماي قالغان، شەھەر ئىچىدە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئوت قويۇۋەتكەن ئۆيلەر كۆيۈپ ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتكەن، پەقەتلا گومىنداڭنىڭ باش شتابى بىلەن جاڭ دېرېن ئىسىملىك بىر خەنزۇنىڭ قورۇسى ساق قالغان، شەھەر ئىچى ئوت يالقۇنى

① 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى، گېنېرال ئىسھاقبېك مونونوف ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 2 - پولكى، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - پولكى، ئىلى زاپاس 4 - پولكى، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى، شىبە ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى ۋە توپچىلار باتالىيونى بولۇپ، 4000 دىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ، جىڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى باشلىغان. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مىللىي ئارمىيە جىڭ ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىگەن («شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 148 - بەت).



ئىچىدە خارابىلىققا ئايلانغان ... مەنزىرىلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. ناھىيە بازىرىدا ناھايىتى نۇرغۇن گومىنداڭ پوتەيلىرى تۇراتتى. ناھىيە بازىرىدىكى خەلقنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى 1944 - يىلى 12 - ئايدا شىخۇغا ھەيدەپ كەتكەنىدى. بىر قىسىم خەلقلەر چۆل - جەزىرە، تاغ - ئورمانلارغا قېچىپ كېتىپ، ناھىيە بازىرى چۆللىشىپ قالغانىدى. جىڭنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ توپلىشىپ، خۇشاللىق ھېسسىياتىنى باسالماي خۇددى ۋىسالىغا يەتكەن ئاشىق - مەشۇقلاردەك جەڭچىلەر بىلەن يىغلىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. قېرىلار بولسا جەڭچىلەرگە نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلىشتى. ياشلار پىدائىي بولۇش ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپ، بەس - بەس بىلەن تىزىمغا ئالدۇرسا، بەزى ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە قېرىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ پىدائىي بولۇش تەلىپىنى ئېيتىشاتتى، ئوفىتسېرلار ئۇلارغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، نۇرغۇن چۈشەنچىلەرنى بېرىپ قايتۇراتتى. بەزى تۇل خوتۇنلار ئوغۇل - قىزلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى پىدائىيلىققا تىزىمغا ئالدۇراتتى. تىزىمغا ئالدۇرغانلار ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولغان بولسا، تىزىمغا ئالدۇرالمىغانلار (شارائىتى يار بەرمىگەنلەر) مەيۈسلەنگەن ھالدا قايتىشاتتى. تىزىمغا ئېلىش جەريانىدا جىڭدىن رېيىماخۇن، يولۋاس، نىياز تۆمۈرچى، تاشاخۇن قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق ياش پىدائىي ئەسكەرلەر قوشۇنىغا قوشۇلدى.

قېچىپ كەتكەن گومىنداڭ قاراقچىلىرى كۆل ئۆتەڭ ئەتراپىدا يوقىتىلدى. قورال تاشلاپ تەسلىم بولغانلىرى ھايات قالدۇرۇلدى. كۆل ئۆتەڭدىكى چوڭ تاشيولنىڭ شىمالىدىكى سۆكسۆكلۈك ۋە توغراقلىق ئىچىدە گومىنداڭنىڭ جىڭدىكى يېڭى 45 - شىسىنىڭ شىجاڭى گو چى ئايالى ھەم مۇھاپىزەتچىسى بىلەن تىرىك قولغا چۈشۈرۈلدى. گومىنداڭنىڭ باجاخۇ ۋە يۇنجۇخۇدىكى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان قىسىملىرى كەسكىن

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

ھۇجۇم بىلەن تارمار قىلىندى.
گومىنداڭنىڭ يېڭى 45 ـ شىسىنىڭ شىجاڭى گوچىنىڭ
ئىقرارىغا قارىغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جىڭ ناھىيىسى-
دىكى يەر ئاستى پارتىزانلار تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن كەرىم
توختار، دۇسەنباي، قۇنانباي قاتارلىق ئىنقىلابىي ياشلارنى
1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قولغا ئېلىپ (ئۇلارنى كەرىم توختار-
نىڭ يېقىن ئادىمى XX پاش قىلىپ قويغان)، شۇ يىلى 12 ـ
ئايدا جىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ كۈن چىقىش تەرەپ سېپىل يېنىدىكى
خەندەككە ئېغىزلىرىغا پاختا تىقىپ مەخپىي ھالدا تىرىك كۆمۈ-
ۋەتكەنىكەن. جىڭ ناھىيىسى ئازاد قىلىنغاندا، خەلقىمىز بۇ قۇر-
بان بولغان ياشلارنىڭ جەسىتىنى كولاپ ئېلىپ، نامىزىنى چۈشۈ-
رۈپ، قازاق قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدى.
ئەسىرگە ئېلىنغان گومىنداڭ گېنېرالى گوچى ئىقرار قى-
لىپ مۇنداق دېدى:
— گومىنداڭنىڭ جىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىدە زامانىۋى قو-
راللار بىلەن تولۇق قوراللانغان 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي
كۈچى بار ئىدى، بىزگە پايدىلىق بولغان يەر تۈزۈلۈشىدىن باشقا،
يەنە 3000 چوڭ ـ كىچىك پوتەي، يەر ئاستى ئاكوپ، بىلىنداڭ
قاتارلىق مۇداپىئە تورلىرى مۇستەھكەم ئىدى. مەن مىللىي ئار-
مىيە قوشۇنلىرىنى «ئاسماندىن ئۇچۇپ ئۆتسە ئۆتەلەيدۇكى، يەر-
دىن ھەرگىزمۇ ئۆتەلمەيدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم، مەن ياپون ئارمى-
يىسى ۋە قىزىل ئارمىيە بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلغان، تەجرىبىمۇ
يېتەرلىك ئىدى، ئەمما يەنىلا سىلەردىن يېڭىلىپ قېلىپ، شەر-
مەندىلەرچە قاچتىم. بۇ مېنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىمدىن ئەمەس،
بەلكى سىلەرنىڭ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان پىداكارانە روھىڭلار
بىزنىڭ پولات ئىستىھكام دەپ ئاتالغان مۇداپىئە لىنىيىمىزنى
يىمىرىپ تاشلىۋەتتى. بولۇپمۇ ئۇرۇش دەستۇرلىرىدا كۆرۈلمەي-
دىغان ئاجايىپ ماھارەتلىك تاكتىكاڭلار مېنى قېچىشقا مەجبۇر



قىلدى. ئەمەلىيەتتە، بىزگە ھۇجۇم قىلغان پەقەت بىرلا پولك
ئىكەن، بۇ بىر مۆجىزە! ئەسلىدە مۇداپىئەدە تۇرغۇچىنىڭ كۈچى-
دىن ھۇجۇم قىلغۇچىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئون باراۋەر ئارتۇق
بولغاندا، ئاندىن كۈچ تەڭپۇڭلۇقى بولاتتى. مەن سىلەرنى ياۋايى
دەپ چۈشەنگەنىدىم، ئەمەلىيەتتە بولسا ئادەمگەرچىلىكىڭلار، ئىن-
سانپەرۋەرلىك خىسلىتىڭلار ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەن.
جىڭ ناھىيىسىدە ئەسىرگە ئېلىنغان گېنېرال گوچى قاتار-
لىقلار ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا
تۈزۈلگەن بېتىمگە ئاساسەن، ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ دائىرىلى-
رىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.
1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جىڭ ناھىيىسى تولۇق
ئازاد قىلىندى. 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بۇ شانلىق غەلىبىنى
تەبرىكلەپ گېنېرال ئىسھاقبېك بىر قانچە ھەمراھلىرى بىلەن
جىڭ ناھىيىسىگە كەلدى. ئۇ پولكنىڭ سىياسىي كومىسسارى
ئابدۇكېرىم ھاجى ھەسەنوۋ بىلەن بىر سائەت ئايرىم سۆھبەتلەش-
كەندىن كېيىن، بىز تەرەپتىن ئىشغال قىلىنغان گومىنداڭ باش
شتابىنىڭ قورۇسىدا (ھازىرقى جىڭ قاتناش بېكىتىنىڭ ئورنىدا)
مىللىي ئارمىيە قىسمىدىكى بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى
قوبۇل قىلىپ نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:
— مۆھتىرەم كوماندىر ـ جەڭچىلەر، سىلەر كۆپ جاپا چەك-
تىڭلار، بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇنلىغان قۇربانلارنى بەردىڭلار، شۇنداق-
تىمۇ قىلچىمۇ بوشاشماي، غەيرەت ـ جاسارىتىڭلارنى ئۇرغۇتۇپ،
دۈشمەننىڭ ناھايىتى قېيىن توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، دەل
ۋاقتىدا جىڭنى ئازاد قىلىپ، خەلقىمىزنى خۇشال قىلدىڭلار،
سىلەر مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ قايتماس ئوت يۈرەكلىك خىسلىتى-
نى نامايان قىلدىڭلار، مەن سىلەرنى ھۆكۈمىتىمىز ۋە مىللىي
ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن قىزغىن تەبرىكلەي-
مەن! سىلەرگە ئەڭ ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرىمەن! — گېنېرال



ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە مەمنۇنلۇق بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ
ھەربىر جۈملە سۆزلىرى قىزغىن چاۋاكلار بىلەن ئالقىشلىنىپ
تۇراتتى. گېنېرال ئىسھاقبېك ئاندىن بارلىق ئوفىتسېرلار بىلەن
بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ ئاخۇنبايوف سىدىق-
جاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:
— سىز بۇ ئۇرۇشتا تالانتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاجايىپ
زور خىزمەت كۆرسەتتىڭىز، باشقىلارغا ئۈلگە بولغۇدەك نەتىجە
ياراتتىڭىز، مەن سىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! — دېدى.
— رەھمەت سىزگە مۆھتىرەم گېنېرال، مەن يەنە ئازادلىق
ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئىشلەيمەن، — دېدى كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز
بىلەن ئاخۇنبايوف سىدىقجان.
1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، گېنېرال ئىسھاق-
بېك ناھىيە بازىرىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باجاخۇ كەن-
تىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان توختاخۇن ئاقساقالنىڭ قورۇ-
قىنىڭ جەنۇبىي تۈزلەڭلىكىدىكى 80 نەچچە ئىنقىلابىي قۇربان
دەپنە قىلىنغان شېھىتلىككە جىڭ ناھىيىسىدىكى چوڭ مەسچىتى-
نىڭ ئىمامى ئاتاۋۇللا قارىم ۋە بىر قىسىم خەلقلەر بىلەن بىللە
چىقىپ، بىر ئۆكۈز سويۇپ قان قىلىپ، كاتتا تەزىيە يىغىنى
ئۆتكۈزدى. ئۈچ پاي ساليۇت ئېتىلدى. تەزىيە يىغىنىدا گېنېرال
ئىسھاقبېك:
— سىلەرنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپەڭلار ئۇلۇغ! سىلەرگە ئۇ
دۇنيادا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، بۇ دۇنيادا خەلقىمىز سىلەر-
نى مەڭگۈگە ياد ئېتىدۇ. شېھىتلىك ناملىرىڭلار قەلبىمىزدە ئەبەدىي
ساقلىنىدۇ، سىلەر ھەر ئىككى دۇنيانىڭ پەرىشتىلىرىسىلەر، ـ
دەپ ئىنتايىن قىسقا ھەم چوڭقۇر مەنىلىك سۆز قىلدى. ئۇ
ئۆزىنى يىغىسىدىن ئارانلا تۇتىۋالغانىدى.
شۇ كۈنى گېنېرال ئىسھاقبېك بۇ يەرگە ئىنقىلابىي قۇربان-
لارنىڭ خاتىرە مۇنارىنى تىكلەشنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، بۇ شې-



ھىتلىككە ھازىرچە قاشا قىلىپ، دەرۋازا بېكىتىپ، مەخسۇس
ئادەم قويۇپ قاراشقا ئورۇنلاشتۇردى.
گېنېرال ئىسھاقبېك ئاندىن ئۇ يەردىكى يارىدارلاردىن ئالا-
ھىدە ئەھۋال سورىدى. غېنى كەرىموۋ باشچىلىقىدا يارىدارلارنى
ئات، ئۆكۈز قوشقان كۆتەك ھارۋا، چانىلار بىلەن جىڭ ناھىيە
بازىرىغا ئېلىپ كېلىپ، مەخسۇس ماشىنا بىلەن غۇلجىغا يولغا
سالدى. گېنېرال ئىسھاقبېك پولك رەھبەرلىرىگە ئۇرۇشتا خىز-
مەت كۆرسەتكەن جەڭچى، كوماندىر ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ تىزىملى-
كىنى ۋە ئۇلارنىڭ ماتېرىيالىنى دەرھال مىللىي ئارمىيە باش
قوماندانلىق شتابىغا يوللاپ بېرىشنى تاپىلىدى (بۇلارنىڭ ئىچىدە
سېسترا قىزلارنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى)، ئاندىن قوشۇننىڭ
بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن،
ئالدىنقى سەپ ـ شىخۇ بىلەن ماناسقا قاراپ يورۇپ كەتتى.
1945 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، مىللىي ئارمىيە
گېنېرالى ئىسھاقبېكنىڭ نامى بىلەن مايور ئاخۇنبايوف سىدىقجان-
غا بىر دانە «ئازادلىق» ئالتۇن مېدالى ۋە بىر دانە «باھادىرلىق»
كۈمۈش مېدالى بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا 500 دىن ئارتۇق
«باھادىرلىق» ۋە «پىدائىيلىق» كۈمۈش مېداللىرى جەڭچى ـ
ئوفىتسېرلارغا تارقىتىلىپ بېرىلدى. بۇ مېداللار ئەينى ۋاقىتتا
گۇۋاھنامىسى بىلەن تارقىتىلدى. جەڭچى ـ كوماندىرلارنىڭ
كۆكرەكلىرىدە يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرغان بۇ ئوردېن ـ مېدال-
لار ئۇلارنىڭ خەلق ئىنقىلابىي ئۇرۇشلىرىدا ياراتقان تۆھپىسى-
نىڭ شانلىق ئىزناسى بولۇپ قالدى. بۇ تەقدىرلەش مۇراسىمىدىن
كېيىن، جەڭچى ـ كوماندىرلارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، قوشۇن-
نىڭ جەڭگىۋارلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە بولغان ھۆرمەت ئېھتىرامى يۇقىرى
كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئىشەنچىسى كۈچەي-
تىلدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بارغانلا يېرىدە ھەر مىللەت
خەلقى داقا ـ دۇمباق چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ،

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!    http://www.lopnuri.com

— كەل بالام، مۇشۇ يەرنى قاز! — دەيدۇ.

نۇر مۇھەممەت ئىنتايىن خۇش بولۇپ روھلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ بوۋاي كۆرسەتكەن جاينى بار كۈچى بىلەن بىر دەمدىلا بىر يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولىغاندىن كېيىن، جەسەتنىڭ ئىنچىكە، نازۇك بىر تال چىمەلتەك سۆڭىكىنى تېپىۋالىدۇ. نۇر مۇھەممەت خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىپ، ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغان ئاپئاق ساقال بوۋايغا قاراپ:

— ماڭا بۇگۈن خىزىر يولۇقۇپتۇ! رەخمەت سىلىگە بوۋا! — دەپ قولىدىكى گۈرجىكىنى تاشلاپ، قوللىرى بىلەن يەرنى تاتىلاپ، ئىسكىلىتنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، بوۋاي بىلەن بىرلىكتە جەسەتنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن ئۇستىخانلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ قۇراشتۇرىدۇ — دە، بۇ مېيىتنىڭ دەل مەرھۇم روشەنگۈلنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرىدۇ. ئۇزۇن سۇمبۇل چاچنى روشەنگۈلنىڭ چېچى دەپ خۇلاسىلەيدۇ. نۇر مۇھەممەت ئاپپاراتنى توغرىلاپ، قۇراشتۇرۇلغان ئىسكىلىتنى سۈرەتكە تارتىدۇ. ئاندىن ئۇ مېيىتنىڭ سۆڭىكىنى بىر خالتىغا سېلىپ، جىڭدىكى چوڭ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىدۇ.

نۇر مۇھەممەت رەسساملىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، جەسەتنىڭ ئىسكىلىت تۈزۈلۈشىگە قاراپ روشەنگۈلنىڭ ئەينى چاغدىكى ئوبرازىنى قىياس قىلىپ، ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقىدۇ. بۇ رەسىمدە روشەنگۈلنىڭ ئەينى چاغدىكى ھەربىي سېپىتىرالىق فورمىسى، چىراي تۈزۈلۈشى تولۇق گەۋدىلىنىدۇ.

نۇر مۇھەممەت ئەجدادلىرىدىن ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان «تۈگمەن بېشىدىكى شېھىت» ھېكايىسىگە ئاساسەن، يولداش يۈسۈپجاننىڭ ئەسلىمىسىدىكى روشەنگۈلنىڭ قەبرىسىنىڭ بۇ جەسەتنىڭ ئورنى بىلەن ئوپمۇئوخشاش چىققانلىقىنى كۆرۈپ، 14 يىل جەريانىدا تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنىڭ ھاردۇقى چىققان-



دەك ئۆز ئەجرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئاخىرقى قەدىمىنى باسىدۇ.

نۇر مۇھەممەت ھايات شاھىتلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ، باجاخۇدىكى توختاخۇن ئاقساقالنىڭ قورۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى تۈزلەڭلىككە دەپنە قىلىنغان 80 نەپەردىن ئارتۇق ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قەبرىستانلىقىنى ئىزدەپ تاپىدۇ (بۇ قەبرىستانلىقنى بىلىدىغان ھايات شاھىتلاردىن تىلىۋالدى بوتۇك ھازىر ھايات بولۇپ، بۇيىل 85 ياشتا، سانىسىز باي 1995 - يىلى ۋاپات بولغان). باجاخۇ كەنتىدىكى بۇ قەبرىستانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىنغا ئورمان بىنا قىلىنغان، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ئەنە شۇ ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ھېلىمۇ ئاق قالدۇرۇلغان بىر پارچە يەر كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەرگە ئورمان قويۇلغان بولسىمۇ، كۆچەتلەر ئۆتماي قۇرۇپ كەتكەنىكەن.

نۇ مۇھەممەت ئەجدادلار ياراتقان بۇ شانلىق تارىخقا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئەستايىدىل قاراپ سەممىي تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەن بولسا، بەزىبىر كىشىلەرنىڭ تۇرلۇك تاپا - تەنىلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولسا، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جەڭچى - ئوفىتسېرلىرىنىڭ بۇ قانلىق تراگېدىيىلىك تارىخى بىر رىۋايەتكە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. شۇڭا، مەن يولداش نۇرمۇھەممەتكە چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن، ئەينى يىللاردىكى ئاشۇ قانلىق ۋەقەلەرنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلىگەن ئابدۇللا مەخپىرۇف ۋە يۈسۈپجان قاتارلىق دوستلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.



## يەنسخەيدىن قۇمۇل تاغلىرىغىچە

مانا يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ كېتىپتۇ، گەرچە ياشىنىپ قالغان بولساممۇ قۇمۇل دىيارىدا ئۆتكەن ياش، قىران چاغلىرىم خۇددى ھېلى ئۆتكەن ئىشلاردەك كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ.

1949 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىرلىشىپ، گومىنداڭ باندىتلىرىنى قىستاپ ئىسكەنجىگە ئېلىپ زەربە بېرىش نەتىجىسىدە، گومىنداڭ تەسلىم بولۇپ، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىندى. شۇ چاغدا مەن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، قۇمۇلغا بېرىپ قۇمۇل تاغلىرىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، خەلققە پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان بىر ئوچۇم باندىتلارنى تازىلاش جېڭىگە قوماندانلىق قىلدىم. ئاشۇ چاغدا قۇمۇل دىيارىدا مەن بىلەن بىر سەپتە جەڭ قىلغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى سەپداشلىرىم ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جەڭچى - ئوفىتسېرلىرىنى سەممىي ھالدا كۈتۈۋالغان قۇمۇللۇق دوستلارنىڭ يارقىن سىيماسى ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

* * * *

بىر كۈنلۈك دالا مەشقىنى تۈگىتىپ، روتىمىزنىڭ يەر ئاستى ئاشخانىسىغا كىرىپ يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇپ بولۇپ، ئىستولۋاي (تاماق بېرىش ئورنى) غا كىرىپ ئولتۇرغانىدىم. ئاشپەز ھېكىم ناھايىتى مېزىلىك پۇراپ تۇرغان كالا گۆشى بىلەن ئەتكەن قورداقتىن بىر تەخسىنى ئالدىمغا قويۇپ:



— باياتىن كىرگىنىڭىزدە قاش - كىرپىكلىرىڭىزنى ئاپئاق قىرو باغلاپ، خۇددى رىۋايەتلەردىكى قار بوۋايلارغا ئوخشاپ قالغانىكەنسىز، مانا ئەمدى ئۆز ئەسلىڭىزگە كېلىپ قالدىڭىز يولداش كوماندىر، ھەممە ئادەم بۇ نەس باسقان يەردىن كېتىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇشنى ئويلاۋاتقان يەردە، سىز نېمانچىمۇ ئۆزىڭىزنى ئۇپرىتىسىز، — دېدى ماڭا كۆيۈنگەن، ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە.

ئاشپەز ھېكىم ياش ۋاقتىدىلا ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى سېپىگە قاتناشقانىدى. ئۇ تاماقنى ئىنتايىن تەملىك ئېتەتتى. روتىدىكى جەڭچىلەر ئۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار ئىدى. ئاشپەز ھېكىمنىڭ بۇ سۆزى ماڭا تاسادىپىي تۇيۇلمىدى. پەقەت شۇ كۈندىكى مەشىق مەيدانىدىكى ئەھۋاللار كۆز ئالدىمدا قايتا نامايان بولۇشقا باشلىدى.

قىش بالدۇرلا كېلىپ قارمۇ قېلىن ياغقانلىقتىن، قىسىملارنىڭ زېمىلانكىلىرى (يەر ئاستى ياتاقلىرى) قارنىڭ ئاستىدا قېلىپ، ھەممە يەر تۈپتۈزدەكلا كۆرۈنەتتى. دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ياتاق، ئاشخانا، ئاكوپ بىلىنداژلىرى (ئوق ئېتىش ئورنى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەر ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

يەنسخەينىڭ قېلىن ھەم ئېگىز ئۆسكەن قارا ياغاچلىرىنىڭ ئاپئاق قار ئاستىدا قىشلىق ئويقۇغا كەتكەن بۇ جىمجىتلىقنى جەڭچىلەرنىڭ ئۈمىلەپ مېڭىش، يۈگۈرۈش، نەيزە سانجىش، قوچاقلاشما جەڭگە ئۆتۈپ «ھۇررا!» دەپ ۋارقىرىغان مەشقلىرى بۇزۇپ تۇراتتى. شۇ كۈنى ئەتراپنى تۇمان باسقان بولۇپ، كۈن نۇرىنى ئۇچۇق كۆرگىلى بولمايتتى. جەڭچىلەرنىڭ سۈركىلىپ كېتىشى بىلەن تەڭ قارىياغاچلار تەۋرەپ، شاخلىرىدىكى قارلار توزۇپ، خۇددى قار ياغقاندەك ئەتراپتا تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ بويۇنلىرىغا كىرىپ ئەندىكتۈرەتتى. جەڭچى - ئوفىتسېرلار بۇ

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

مەشققە ئانچمۇ قىزىقىپ كەتمەيتتى، ھەرىكەتلىرىمۇ سۇس ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بىرەر ھەرىكەتنى توغرا ئىشلىمىسە، قايتا - قايتا ئىشلىتەتتىم، نەتىجىدە ئۆزۈممۇ چارچاپ كېتەتتىم. مانا شۇ چاغدا 2 - ۋوزۋودنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ئەبەيدۇللا:

— نېمانچىمۇ كۈچەيسىز كوماندىر؟ ئىش تۈگىدى ئەمەسمۇ؟

— دېدى ماڭا مەنىلىك قاراپ قويۇپ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ سۆزى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى غەرب تەرەپتىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شەرق تەرەپتىن شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى قىستاپ ئىسكەنجىگە ئالغانلىقتىن، 1949 - يىلى كۈز پەسلىدە گومىنداڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇردى، نەتىجىدە گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش ئاخىرلاشتى. دېمەك، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىندى، ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپە ئورۇندالدى! جەڭچىلىرىمىز ئارىسىدا «يۇرتلىرىمىزغا قايتىش پەيتى يېتىپ كەلدى، يەنە نېمىشقا جاپا چېكىپ مەشىق قىلاتتۇق، شەھەرگە بېرىپ راھەت كۆرىدىغان كۈنلەر يېتىپ كەلدى» دەيدىغان ئىدىيىلەر پەيدا بولۇپ، قىسىمنىڭ جەڭگىۋارلىقى بوشىشىپ كەتكەنىدى.

قولۇمدا قوشۇق، خىيالىم يەنىلا مەشىق مەيدانىدا ئىدى: ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىر كۈن مەۋجۇت بولىدىكەن، ھەربىي مەشىقنى بىر كۈنمۇ توختاتماسلىق كېرەك! مەشىقنى توختىتىش ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئىنتىزامىغا ئۇيغۇنمۇ؟ جەڭگىۋارلىقى بولمىغان ئارمىيىدە قانداقمۇ پولاتتەك ئىنتىزام بولىدۇ؟ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قىسىمنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاش كېرەك...... دېگەنلەرنى ئويلاپ تەخسىدىكى ئاخىرقى بىر چىشلەم گۆشنى ئاغزىمغا سېلىشىمغا، پولك سىۋەزى يۇسۇپجان ئىستولۋايغا ھاسىراپ كىرىپ كەلدى - دە، ماڭا سالام بېرىپ:

— سىزنى پولك شتابى يىغىنغا چاقىرىدۇ، ھازىرلا بېرىڭ



يولداش كوماندىر! - دەپلا قايتىش روخسىتىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

مەن نامازشام ئارىلىقىدا پولكنىڭ يەر ئاستى يىغىن زالىغا سالام بېرىپ كىرىپ كەلدىم. پولكنىڭ روتىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى يىغىلىپ بولغان بولۇپ، تەلىيىمگە يارىشا پولك رەھبەرلىرى تېخى كىرمىگەنىكەن. 2 - روتىنىڭ كوماندىرى ئابدۇكېرىم ئىسراپىلوف يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ مېنى چاقىردى (ئابدۇكېرىم بىلەن كۆڭلۈم يېقىن بولۇپ، بېرىش - كېلىشلىرىمىزمۇ قويۇق ئىدى، شۇڭا بىر - بىرىمىز بىلەن تارتىنمايلا سىردىشىپ، مۇڭدىشىپ كېتەتتۇق). مەن باشقا ئوفىتسېرلار بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملىشىپ، ئىسراپىلوفنىڭ كۆرسەتكەن يېرىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردۇم. ئوفىتسېرلار ئۆز ئارا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، پاراڭنىڭ تېمىسى يەنىلا شۇ يۇرتقا قايتىش ئىدى، بەزىلىرى مۇشۇ يىغىندا چوقۇم پولكنىڭ ئىلىغا قايتىش سەپىرى توغرۇلۇق يوليورۇق بېرىلىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشاتتى.

— ئاداش، ئوفىتسېرلارنىڭمۇ ئائىلىسىگە قايتىش ئارزۇسى كۈچلۈك ئوخشىمامدۇ؟ — دېدىم ئىسراپىلوف بىلەن قول ئېلىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن. ئۇ ماڭا قاراپ:

— شۇنداق، بۇ يەنسخەي مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنىڭ پەقەت تارىخ سۇپىتىدە كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز بىزنى ياد ئېتىدىغان بۇيۇك نامىلا قالىدۇ، سەنمۇ ھېس قىلىۋاتقانسەن؟ كونىلار «ئاتمۇ ئايلىنىپ ئۆز ئوقۇرىنى تاپىدۇ» بېكار ئېيتمىغان؟ مېنىڭ ئەسلىم دېھقان، ئەمدى مىلتىقنى تاشلاپ يۇرتۇمغا بېرىپ، كەتمەننىڭ سېپىنى تۇتىمەن، سېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىڭ باردۇر؟ - دەپ ماڭا قاپقارا ئورا كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى. مەن ئۇنىڭغا:

— مەن ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم، بۈگۈن كەچ كىرگۈچە دالا مەشىقى بىلەن ئۆتتۈم. جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ ھەرىكىتى



ئىنتايىن سۇس. خۇددى يېلى چىقىپ كەتكەن توپقا ئوخشايدۇ، شۇڭا بىر ھەرىكەتنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلاتتىم، ئۆزۈممۇ ھېرىپ كەتتىم، — دېدىم بوش ئاۋازدا.

ئىسراپىلوف ماڭا بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئىشىك ئېچىلىپ سۆھبىتىمىز ئۈزۈلدى. ھەممىمىز ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرۇشۇپ، پولك كوماندىرىنى ۋە باشقا رەھبەرلەرنى قارشى ئالدۇق. پولك كوماندىرىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئەمدىلا ئولتۇرۇشىمىزغا:

— كاپىتان ئەخمەت تۇردىيوف كەلدىمۇ؟ — دەپ تۇيۇقسىز سوراپ قالدى پولك كوماندىرى. مەن ئىسمىمنىڭ تۇيۇقسىز ئاتىلىشىدىن ھودۇقۇپ تەمتىرەپ كەتتىم - دە:

— مەن كەلدىم، مۆھتەرەم پولك كوماندىرى! — دەپ ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم.

— ياخشى، ئولتۇرۇڭ كاپىتان، — دېدى پولك كوماندىرى بىر خىل يېقىملىق ئاۋازدا.

— مۆھتەرەم ئوفىتسېر، كوماندىرلار، ئۆلكىمىز تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىپ، گومىنداڭغا قارشى قۇرغان مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىمىز ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، قىسىملىرىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى بوشىشىپ كەتتى. بۇ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇنتىزىملىقىغا، پولاتتەك ئىنتىزامىغا نۇقسان يەتكۈزۈۋاتىدۇ. كاپىتان ئەخمەت تۇردىيوفنىڭ روتىسى بىر سائەتمۇ ھەربىي مەشىقنى توختاتمىدى. بۈگۈنمۇ دالا مەشىقى ئۆتكۈزدى. جەڭگىۋارلىقنى كۈچەيتىشكە بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. تارىخىي ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلغان بولساقمۇ، ئالدىمىزدا يەنە بىز قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار. قىسىملىرىمىز جەڭگىۋارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك، — پولك كوماندىرى مەرغۇپ ئىسھاقوۋ سۆزىنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ھەربىيلەرگە خاس تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى. ئۇ يەنە مەغرۇ-



رانە قىياپەتتە كۆپچىلىكتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ:

— مۆھتەرەم ئوفىتسېر، كوماندىرلار! سىلەرنى مۇنداق جىددىي چاقىرتىشىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەب، بىزنىڭ شىخۇدىكى 40 - پولكىمىز ئۈرۈمچىگە كىرىدۇ، — دېدى. كوماندىرنىڭ سۆزى سورۇندا ئولتۇرغان ئوفىتسېرلارنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ ئەكسى بولۇپ چىققانلىقى ئۈچۈنمۇ، جىمجىت ئولتۇرغان ئوفىتسېرلار ئورۇنلىرىدىن تەۋرەپ كەتتى، ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق ئارىلاشقان ھېسسىياتىنى باسالماي قېلىشتى. پولك كوماندىرى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— زېمبلانكا، بىلىنداژ، ئاكوپ، ئاشخانا قاتارلىقلار بۇزۇلمىسۇن، قورال - ياراغ، ئوق - دورا، ئورۇن - كۆرپىلەر، تاماق قاچىلىرى، ئاشخانا سايمانلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېلىپ كېتىلىدۇ. تەييارلىق قىلىپ تۇرۇڭلار، ماشىنا بىلەن ماڭىمىز، مېڭىش ۋاقتى ئايرىم ئۇقتۇرۇلىدۇ، بېرىپ تەييارلىق كۆرۈڭلار! — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزدا. مانا بۇ 1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىدى.

بىز يولدا بىر كېچە قونۇپ، 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردۇق. بىز يىقىلغان تاشتىن ئېككى يۈز مېتىر يىراقلىقتا ماشىنىدىن چۈشۈپ، ھەربىي فورمىلىرىمىزنى رەتلىك قىلىپ تۈزەشتۇردۇق. ئېسىۋالغان مىلتىق، ئاپتومات، پىلىمۇت قاتارلىق قورال - ياراغلار جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھىغا، قامەتلىك بەستىگە ئاجايىپ ياراشقانىدى. بىز ئۈچ قاتار بولۇپ تىزىلىپ تەكشى قەدەم تاشلاپ ماڭاتتۇق.

ئۈرۈمچىدىكى يىقىلغان تاش دېگەن يەردە شىنجاڭدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ۋاڭ جېن ھەم رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ باشچىلىقىدىكى ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقلىرى ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. مىڭدەك كىشى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ تۈزۈپ چاۋاك بىلەن بىزنى قارشى

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

ئالدى. ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان ھەر ساھە ئامما ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بۇ جانلىق تۈرقىدىن تەسىرلىنىپ «پاھ! بۇلار نېمىدېگەن زەبەردەست يىگىتلەر ـ ھە؟» دېيىشىپ، خۇشاللىق ھېسسىياتىنى باسالماستىن، تارام ـ تارام كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشتى. بەزىلەر ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ھالدا «بۇلار ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل ئارمىيىسىمۇ يا!» دېيىشەتتى.

بىزنىڭ 40 ـ پولكىمىز ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى باخۇلياڭ دېگەن يەرگە جايلاشتى (بۇ جاي شىڭ شىسەي دەۋرىدە ھەربىي مەكتەپ، گومىنداڭنىڭ پىرقىسى ئورۇنلاشقان جاي ئىكەن. ھازىرقى سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئورنى). بىزنى ئۈرۈمچى سەنئەت ئۆمىكى كونا خەلق كۇلۇبىدا ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. نەچچە يىل چۆل ـ باياۋانلاردا يۈرۈپ مۇنداق چوڭ تىپتىكى ئوركېستىرلار ئورۇندىغان مۇزىكىلارنى، يېقىملىق ناخشا ـ ئۇسۇللارنى ئاڭلاپ ـ كۆرۈپ باقمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ كونسېرت نومۇرلىرى بىزگە تولىمۇ زوق بېغىشلىدى. لېكىن، بەزىلەردە «شەھەر تۇرمۇشى نېمىدېگەن راھەت ـ ھە؟ مۇندىن كېيىن بىز ئەمدى شەھەرنىڭ پەيزىنى سۈرىمىز» دەيدىغان كۆز قاراشلار پەيدا بولۇپ، بىخۇتلىشىش كەيپىياتى كېلىپ چىقتى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئەينى ۋاقىتتا ھەر خىل سىياسىي قاراشتىكى ئادەملەر مەۋجۇت بولۇپ، ئازادلىق ئارمىيىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە دۈشمەنلىك مەيدانىدا تۇرغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. گومىنداڭنىڭ قوشۇنلىرى قورال تاپشۇرغان بىلەن ئىدىيە جەھەتتە يەنىلا قارشىلىشىۋاتاتتى، ھەتتا گومىنداڭنىڭ بىر قىسىم قوشۇنلىرى قورال تاپشۇرماي، تاغقا قېچىپ چىقىپ باندىتلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. ئوسمان باندىتىنىڭمۇ ھەرىكىتى غالجىرلاشقانىدى. شەھەردە گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلىـ



رى، پىرقە ئەزالىرى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. «ھەقىقەتكە قايتقانلار» دېگەن نام بىلەن ۋاقىتىنچە بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تازىلانمىغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئەزەلدىن ئۆچمەنلىك قىلىدىغان گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. مەسىلەن، بىز ئۈرۈمچىگە كىرگەندىن كېيىن، 5 ـ روتىنىڭ كوماندىرى كاپىتان داۋۇتوف ئابدۇرېشىت ئۈرۈمچى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىسكىرىپكىچىسى ھۈسەين رەخىم ۋە ئۇنىڭ ئايالى (ئۈرۈمچى 13 ـ ساراڭلار دوختۇرخانىسىنىڭ سېستىراسى) قەمەرلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئارىلىشىپ ئۆتكەن. 1950 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى داۋۇتوف ئابدۇرېشىت ھۈسەين رەخىمنىڭ ئۆيىدە تاپانچا بىلەن چېكىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. داۋۇتوف ئابدۇرېشىتنىڭ تاپانچىسى ئۆزىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇلغان، قارىماققا ئۆز ـ ئۆزىنى ئېتىۋالغان دېگەن يالغان نەق مەيدان ياسالغان. شۇ كۈنى ئۈرۈمچى كوچىلىرىغا «مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر كاپىتان دەرىجىلىك ئوفىتسېرى ئۆز ـ ئۆزىنى ئېتىۋالدى» دېگەن مەزمۇندىكى تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى چاپلانغان. بۇ قانلىق ۋەقەدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ بىر ئىجتىمائىي ھادىسە بولماستىن، سىياسىي تۈس ئالغان ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەست ئىدى. داۋۇتوف ئابدۇرېشىتنىڭ ئۆلۈمى تا ھازىرغا قەدەر بىر سىر بولۇپ قالدى.

داۋۇتوف ئابدۇرېشىت غۇلجا شەھەر ئىچىدىن بولۇپ، ئىلى گىمنازىيىسىنى پۈتتۈرگەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى، ھەربىي ئىشلاردىمۇ ئىنتايىن ماھىر ئىدى. ئۇ ئىنقىلابنىڭ دەسلەپىدىلا غۇلجا پارتىزانلىرى سېپىگە قاتنىشىپ، ھەرقايسى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا زور نەتىجىلەرنى ياراتقانىدى. مەن بۇ مەزگىلدە قومۇل ۋىلايىتىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتاتتىم. بۇ قانلىق پاجىئەنى پولك شتابى باشلىقى ئەبەيدۇللانىڭ ماڭا تېلېفون ئارقىـ



لىق بەرگەن خەۋىرىدىن ئۇقتۇم.

تۆۋەندە ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى پەيدا قىلغان كومېدىيە خاراكتېرلىك ۋەقەلىكتىن يەنە بىرنى ئەسلەپ ئۆتىمەن.

1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كەچتە، مەن يېتىپ بولغانىدىم. باتالىئون كوماندىرى مايور گىمەدىنوف تەلخەت ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى ۋە:

— يېتىپ بوپسىز ـ دە؟ كىيىملىرىڭىزنى كىيىۋېلىڭ! ـ دېدى. مەن ۋەزىپە ئۆتەشكە بارىدىغان ئوخشايمەن دېگەن ئوي بىلەن تولۇق كىيىنىپ، تاپانچامنى ئېسىپ بولۇپ:

— مۆھتەرەم مايور، مېنى قانداق خىزمەتكە بۇيرۇيسىز؟ ـ دەپ ھەربىيچە ھۆرمەتتە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتتۈم.

— تاپانچىڭىزنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى ئۇ قولىنى سۇنۇپ.

مەن تاپانچامنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ:

— بۇ «تىتى» كەنغۇ؟ كونىراپ كېتىپتۇ، مۇنۇ تاپانچىنى تۇتۇڭ! ـ دەپ يېنىدىن بىر دانە «بۇرانىڭك» ماركىلىق يېڭى تاپانچىنى ئېلىپ ماڭا بەردى. ئۇ يەنە:

— ھېچقانداق ۋەزىپە ئۆتەشكە بارمايسىز، ئىككىمىز تانسىغا بارىمىز، بۇ يەردە بىرى تانسىغا تەكلىپ قىلغانىدى، سىزنى بىللە ئېلىپ بېرىشنى لايىق تاپتىم، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ ئادەتتىكى دوستلۇق تەلەپپۇزىدا.

گىمەدىنوف تەلخەت تاتار مىللىتىدىن بولۇپ، چۆچەكلىك ئىدى. ئۇ گەۋدىلىك، كېلىشكەن يىگىت ئىدى، مايورلۇق ئۇنۋانىغا خاس ھەربىيچە كىيىم كىيىۋالسا، كىشىلەرگە ئاجايىپ مەغرۇر كۆرۈنەتتى. ئۇ خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئەستايىدىل ئىشلەيتتى. ئالتاي ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەن، ھەربىي ئىنتىزامدا قاتتىق ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئىشلىرىمنى قەۋەتلا ياقتۇراتتى. بىرەر مۇھىم ئىشى بولسا مېنى چاقىراتتى. مەن ئۇ



بۇيرۇغان ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ كەلسەم، خۇددى كىچىك باللاردەك خۇش بولۇپ كېتەتتى. بىز ئادەتتىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىمىزدا كۆڭۈلدىكىدەك سۆھبەتلىشەتتۇق. ئۇ ئويۇنخۇمار ئىدى، تانسا، مەشرەپ سورۇنلىرىدىن ھەرگىز قالمايتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ مىجەز ـ خاراكتېرى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ گەۋدىلەنگەنىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— سىز مېنى ئۆزىڭىزگە كانۋوي قىلىپ تانسىغا بارماقچىمۇ؟ مەندەك بىر روتا كوماندىرىنى كانۋوي قىلىۋالسىڭىز قانداق بولغىنى؟ — دېدىم چاقچاق قىلىپ ئىچىمدىكىنى يوشۇرمايلا. ئۇ:

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ، كانۋوي ئالغۇدەك بولسام ئۆزۈمنىڭ كانۋويۇم بارغۇ؟ ھازىر جەمئىيەت قالايمىقان، بارماي دېسەم بارغۇم كېلىدۇ، سىز يېنىمدا بولسىڭىز مەن خاتىرجەم تانسىغا بارالايمەن، ئەگەر بارمىسىڭىز مەيلىڭىز، — دەپ سەل ـ پەل مەيۈسلەنگەندەك بولدى. مەن ئۇنىڭغا:

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، سىز بىلەن ئەلۋەتتە بارىمەن، — دېدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز يولغا چىقتۇق.

— سىز تانسىخانىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدىم گىمەدىنوفتىن يولدا كېتىۋېتىپ.

— بىلىمەن، شەھەردىكى سېپىل ئىچىدە، ـ دېدى گىمەدىنوف.

ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا ئېلېكتىر چىراغلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ھازىرقىدەك يورۇق ئەمەس ئىدى. بىز بىر تاركوچىدىن مېڭىپ، قوش قاناتلىق ياغاچ دەرۋازىنى ئۇردۇق. بىردەمدىن كېيىن يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، دەرۋازىنى ئوتتۇرا ياشلىق پاكار بىر ئايال ئاچتى. بىز ھويلىغا كىردۇق، بۇ تاشقىرىقى ھويلا ئىكەن. ھېلىقى ئايال بىزنى تاشقىرىقى ھويلىدىن ئىچكىرىكى ھويلىغا باشلاپ، ئۆيگە باشلاپ كىردى. بىز دالان ئۆيدىن ئۆتۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!
http://www.lopnuri.com

كەلدۇق. بۇ ئۆينىڭ ئىچى خۇددى زالغا ئوخشاپ كېتىدىكەن.
ئۆينىڭ بىر چېتىگە ئۇزۇن ئۇستەل قويۇلغان بولۇپ، ئۇستەل
ئۇستىگە ئاق داستىخان سېلىنىپ، تاتلىق ـ تۈرۈملەر تىزىلغاند-
كەن. ئەمما، ئۆينىڭ ئىچىدە ھېچكىم يوق ئىدى. كۆڭلۈم بىر
شۇملۇقنى سەزگەندەك بولۇپ، تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى.
— ئۆيدە ھېچكىم يوققۇ؟ — دېدى گېمەدىنوف ئايالغا قاراپ.
— ئۆيدە ھەممەيلەن بار، بىردەمدىن كېيىن كىرىدۇ، سەل
تەخىر قىلىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشسىلا، — دېدى بايىقى ئايال
قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.
دېگەندەكلا ئون نەچچە مىنۇت ئۆتمەستىنلا ئۆينىڭ يان ئى-
شىكىدىن يەتتە ـ سەككىز قىز ـ چوكان، ئۈچ ـ تۆت ئەر
چۇرقىرىشىپ چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار گېمەدىنوف بىلەن خۇددى
كونا تونۇشلاردەك قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى. شۇ قاتاردا مەن
بىلەنمۇ كۆرۈشتى. بىردەمدىلا تۈرلۈك قورۇملار ۋە هاراق ـ
شارابلار بىلەن داستىخان تولۇپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ يۇقىرىغا
ئۆتۈپ ئولتۇرۇشقا قايتا ـ قايتا قىلغان تەكلىپىنى رەت قىلىپ،
ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئىشىك تەرەپتىكى ئۇستەلنىڭ ئەڭ چېتى-
دىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. هاراقنىمۇ ناھايىتى ئاز ئىچتىم.
ئەمما، گېمەدىنوف ھەممىنى ئۇنتۇپ، قىز ـ چوكانلار بىلەن
قىزىق چاقچاقلارغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇ ئالدىغا كەلگەن هاراقنى
ياندۇرماي ئىچىپ تۇردى. ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭ مەست بولۇپ قېلى-
شىدىن ئەنسىرەپ قىلغان ئىشارەتلىرىمگە زادى پەرۋا قىلمايتتى.
ئۇنىڭ هاراقنى كۆتۈرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن خاتىر-
جەممۇ بولاتتىم. فاتىفونغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان ناخشىلارغا
تانسا ئوينىلىپ تۇراتتى. قىز ـ چوكانلار مېنى تانسىغا تارتىس-
مۇ، قەستەن بىلمەيمەن دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ئورنۇمدىن
تۇرمىدىم. ئۇلاردىن بىرىنىڭ:
— ئەجەبمۇ كېلىشكەن يىگىتكەن، ھېچبىر ئىچىلمايدىغۇ؟



ھېچبولمىغاندا قىزلارنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ بىر چۆرگىلەپ قويۇشقا
يارىمايدىغان ھېسسىياتسىز تومپايلاردىن ئوخشىمامدۇ؟ ـ دېگەن
كەمسىتىشلىرىگىمۇ قۇلاق سالمىدىم. مەن ئۆزۈمنى گويا قانداق-
تۇ بىر غايىۋانە مۇداپىئە ئاكوپىدا تۇرىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم.
سورۇن ئەنە شۇنداق تازا قىزىۋاتقاندا، ئېھتىمال يېرىم كېچە
بولسا كېرەك، ئۆگزىدىن بىر نەچچە ئادەمنىڭ قار ئۈس-
تىدە غاچ ـ غۇچ قىلىپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مەن
تېخىمۇ ھوشيار بولۇپ، جىددىيلەشتىم. ھەر ئېھتىمالغا قارشى
تەييار بولۇپ تۇردۇم. ھايال ئۆتمەي گۈپ قىلىپ بىرى ئۆگزىدىن
يەرگە سەكرىگەندەك قىلدى. بىردەمدىن كېيىن ئىشىك ئېچىد-
لىپ، ئىنچىكە، ئېگىز بوي، ئۇزۇن قارا پەلتو كىيگەن، كۆزى
سىرتىغا پولتىيىپ چىققان بىر ئەركىشى مەست قىياپەتتە سەنتۇ-
رۇلگەن بولۇپ كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا بىر قاراپلا
يالغان مەست ئىكەنلىكىنى سەزدىم. سورۇندىكى قىز ـ چوكانلار-
دىن بىرى ئۇنىڭغا قاراپ:
— ۋىيەي! قاسىم بايۋەچچىغۇ بۇ؟ — دېدى. بۇ ئەركىشىنىڭ
ئوڭ قولى پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم.
شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭغا قول سېلىشقا روھىي تۇيغۇم ئىلھام
بەردى — دە، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنىڭ پۇتىغا بىرنى
تېپىۋىدىم، ئۇ ئورنىدىلا دۈم چۈشتى. بۇ چاغدا سورۇندىكىلەر
چۇرقىرىشىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇستىگە مىنىپ تۇرۇپ، ئوڭ
تەرەپ يانچۇقىدىكى تاپانچىسىنى تارتىۋېلىپ، مەيدىسىگە قاتتىق
بىرنى تەپتىم. پۇتۇمدىكى ھەربىيچە قىزىل خۇرۇم ئۆتۈك ئۇنىڭغا
قاتتىق تەگكەن بولسا كېرەك، ئورنىدىن تۇرالمىدى.
مەن گېمەدىنوفنى «يۈرۈڭ!» دەپ باشلاپ دالانغا چىق-
تىم ـ دە، ئۇنى دالاندا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزۈم تالاغا يۈگۈر-
دۈم. ئۆگزىدىن ماڭا قارىتىپ بىر نەچچە پاي ئوق ئېتىلدى. مەن
ئوتتۇرا دەرۋازىغا يېتىپ كېلىپ، ئىككى قولۇمغا ئىككى تاپانچى-



نى ئېلىپ (بىرى ھېلىلا تارتىۋالغان تاپانچا) ئۆگزىگە قارىتىپ
ئوق ئۈزدۈم. مەن ئاتقان ئوقنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا گېمەدىنوف
قېشىمغا يېتىپ كەلدى. بىز ئۇ يەردىن ساق ـ سالامەت چىقىپ
كەتتۇق. بۇ ئىشتىن كېيىن رەھبەرلەرنىڭ ئۆزىمىزنى ئەيىبلى-
شىدىن قورقۇپ بۇ ئىش توغرۇلۇق ھېچكىمگە تىنمىدۇق ھەم
سورۇندىكى كىشىلەرنىمۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىمىدۇق، ئۇنىڭ
ئۇستىگە خىزمىتىمىزمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى، بۇ ۋەقەمۇ بىر
سىر بولۇپ قالدى.

*   *   *   *

ئالدىنقى سەپ بولغان ماناس دەرياسى ۋە يەنسىخەي مۇداپىئە
ئاكوپلىرىدىن، زەي پۇراپ تۇرىدىغان زېمىلانكىلاردىن چىقىپ،
ھەربىي ھالەت ۋە جاپالىق تۇرمۇش ئاخىرلىشىپ، ئەمدىلا راھەت
تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغىنىمىزدا، زىممىمىزگە
يەنە بىر ئېغىر جەڭ ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. ئۇ بولسىمۇ خەلقى-
مىزنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا، نورمال ئىشلەپچىقىرىشىغا
پاراكەندىچىلىك سېلىپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىغا بۇزغۇنچىلىق
قىلىۋاتقان قوراللىق باندىتلارنى تازىلاش ۋەزىپىسى ئىدى. يۇقى-
رىنىڭ يوليورۇقى بىلەن ئۇرۇمچىگە كىرگەن ئۈچ ۋىلايەت مىل-
لىي ئارمىيىسى شىخۇ 40 ـ پولكىنىڭ 7 ـ، 8 ـ روتىلىرىدىن
تەركىب تاپقان بىر باتالىئون، مۇھەممەت ئىسمائىلوفنىڭ يېتەك-
چىلىكىدە 1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ كىچىك تىپتىكى ئايروپىلانى بىلەن قۇمۇل ۋىلايى-
تىگە قاراپ ئۇچتۇق. بۇ ئايروپىلانغا 15 ئادەم سىغىدىكەن،
ياسىلىشى ئىنتايىن قوپال بولۇپ، بىردەم ئېگىزگە ئۆرلىسە،
بىردەم پەسكە چۈشۈپ، كىشىنى ئىنتايىن بىئارام قىلىۋېتىد-
كەن. شۇڭا، بۇ ئايروپىلانغا چىقىشىمىز بىلەنلا ئايروپىلان خىز-



مەتچىسى ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىغا بىردىن رېزىنكىدىن ياسالغان
قۇسۇق چىلىكى قويۇپ قويدى. بۇ چىلەكنى ئەسلىدە ھەربىر
ئادەم بويۇنلىرىغا ئېسىۋالىدىكەن. ئەمما، بىزنىڭ جەڭچىلەر ئۇن-
داق قىلمىدى. ئايروپىلان ئۇچۇپ بىر سائەتتىن كېيىن، ئايرو-
پىلان خىزمەتچىسى ئايروپىلان كابىنكىسىدىن چىقىپ، يىقىلىپ
چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئايروپىلاننىڭ ئىچىدىكى ئۆزۈنىسىغا تارتىل-
غان توم سىم ئارغامچىنى تۇتۇپ بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلدى. ئۇ
يەردە تۇرغان قۇرۇق رېزىنكە چىلەكلەرنى كۆرۈپ، مەزمۇت
ئولتۇرغان جەڭچىلەرگە قاراپ:
— سىلەرنىڭ ھېچقايسىڭلار قۇسمايدىكەنسىلەرغۇ؟ بۇرۇن
ئايروپىلاندا ئولتۇرغانمۇ؟ — دەپ رۇسچە سورىدى ھەيرانلىق
ھېسسىياتىنى باسالماي. غۇلجا باللىرىنىڭ كۆپىنچىسى رۇس
تىلىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەنىدى.
ئوتدېلىنىيە كومادىرى مامۇت:
— بىز گۇلەڭگۇچتە ئۇچقان، سېنىڭ مۇنداق كۆتەك هار-
ۋاڭدا ئۇچۇپ باقمىغان، — دەپ بارلىق جەڭچىلەرنى كۈلدۈرۈۋەت-
تى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايروپىلان خىزمەتچىسىمۇ قاتتىق كۈلۈپ
كەتتى. قۇمۇلغا يېتىپ بارغۇچە بىز ئۇ لىيوتچىكلار بىلەن دوست
بولۇپ كەتتۇق.
شۇ كۈنى سائەت 12 دىن ئاشقاندا ئايروپىلان قۇمۇل بازىرى-
نىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان ئايرودرومغا قوندى. بىز ئۇ-
رۇمچىدىكى چاغدا يەر ـ جاھاننى ئاپئاق قار قاپلاپ كەتكەنىدى.
ۋەھالەنكى، بۇ يەردە ئازراقمۇ قار يوق بولۇپ، بىزگە خۇددى
كەچكۈز پەسلىدەك بىلىندى. كېيىن ئۇقساق، قۇمۇلدا قار ياغ-
ماي قارا سوغۇق بولۇپ قىش چىقىدىكەن. ئايرودرومدا بىزنى
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6 ـ جۇننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق
16 ـ شىسىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى ۋە يولۋاس باشلىق يەرلىك
مەمۇرىي رەھبەرلەردىن بولۇپ ئون نەچچە ئادەم قارشى ئالدى.

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

چىقىپ كېتىپتۇ) . كانايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىستىھكام ئىچىدى-
كىلەر بايراق چىقاردى. بىزنىڭ بايراقچىمىزمۇ بايراقنى كۆتۈ-
رۈپ ئالغا قاراپ مېڭىشىغا، ئىستىھكامدىكىلەر مېڭىش يولىمىزدا
مىنا كۆمۈلگەنلىكىنى ئىشارەت قىلدى ( ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە
كىرىش ئېغىزىدىن ئىستىھكامغىچە مىنا كۆمۈلگەنىكەن) . ئاخىر
ئىستىھكام ئىچىدىن 2 ـ لىيەنىنىڭ بىر ۋەكىلى كەلدى. بىز ئارا
تۇرۇك ناھىيىسىنىڭ بازىرىغا ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا كىرىپ
كەلدۇق.
ئارا تۇرۇك ناھىيىسى شەرقىي شىمالدىكى تاغ ئىچىگە جايلا-
شقان، تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا يېقىن جاي بولۇپ، كىچىك
ناھىيە ئىكەن. ناھىيە بازىرىمۇ كىچىك بولۇپ، ئاھالىلەر ناھى-
يىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان سايىنىڭ ئىككى تەرىپىگە
جايلاشقانىكەن. بۇ ناھىيىنىڭ قورچاق ھاكىمى ئەبەيدۇللا —
يولۋاس، ئوسمان قاتارلىق باندىتلار بىلەن بىرلىشىپ ناھىيىنى
چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانىكەن. ئۇلار مۇستەھكەم ھېسابلىغان دازىگۇ
داۋىنىدىكى مۇداپىئەسىنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ
قەھرىمانلىق بىلەن بۆسۈپ ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان باندىت-
لار، بارلىق خەلقنى مەجبۇرىي ھالدا ھەيدەپ تاغقا قېچىپ كەتكە-
نىكەن. بىز ئارا تۇرۇك ناھىيىسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، رىن
كومىسسار بىلەن مۇھەممەت ئىسمائىلوف ۋە باشقا قىسىملار يې-
تىپ كەلدى. بىز سۆزلىشىش ئۈچۈن ناھىيە بازىرىدىكى يەرلىك-
تىن بىرەرمۇ ئادەم تاپالمىدۇق. ئەتىسى، يەنى 1950 ـ يىلى
6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، تاغقا چىقىپ كەتكەن خەلقنى تەشۋىق
قىلىپ قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، مەن ئۆز روتامنى باشلاپ تاغقا
چىقتىم. ئەمما، بۇ خىزمەت مەن ئويلىغاندەك ئوڭداق ئاددىي
بولمىدى. تۇردى پالگان (مەرگەن تۇردى، تۆەنجاڭ دەپمۇ ئاتايدى-
كەن) يېتەكلىگەن باندىتلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، ئارا
تۇرۇك ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئاتنىڭ يايلىسىدەك



كەتكەن ئېگىز بىر تاغقا ئۇلارنى قوغلاپ كەلدۇق. باندىتلار بىلەن
ئۇرۇش قىلغاندا ھەر ئىككى تەرەپ ئېگىزلىكنى تالىشىپ قال-
دۇق. باندىتلار بۇ تاغنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن چوققىغا ياماشتى.
بۇ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي بولۇپ، ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ
رول ئوينايتتى. ۋوزۋود كوماندىرى ئابلىمىت راخمانوۋنى باشلىق
قىلىپ، قاۋۇل جەڭچىلەردىن بىر ئوتدېلىنىيىنى ئەڭ ئالدى بىلەن
تاغ چوققىسىنى ئىگىلەشكە بۇيرۇدۇم. بۇلار ناھايىتى تېزلا تاغقا
يامىشىپ، ھەش-پەش دېگۈچە تاغنىڭ يېرىمىغا يېتىپ باردى.
تاغ باغرىنىڭ بەزى يەرلىرى سىيرىلىپ تۇرغان قىرلىق ئۇششاق
شېغىللىق، بەزى يەرلىرى تاپتاقىر بولۇپ، يۇقىرىغا ئۆرلەش
ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئابلىمىت راخمانوۋ جەڭچىلەردىن ئون
مېتىرچە ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ئۇ ئىككى پۇتىنىلا ئەمەس،
بەلكى ئىككى قولىنىمۇ ئىشقا سېلىپ، تۆت پۇتلاپ خۇددى يىل-
پىزلاردەك يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى. دۈمبىسىگە ئېسىۋالغان نېمى-
چىسكى ئاپتومات ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە دەخلى قىلمايتتى.
مەن ئۇنىڭغا زوقلىنىپ دەقىقە قاراپ تۇرۇپ قالدىم.
ئابلىمىت راخمانوۋ قەددى ـ قامەتلىك، كېلىشكەن ئادەم
بولۇپ، مۇرىسى قىرلىق ئىدى. ئۇ چىقىشقاق ئادەم بولۇپ،
دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن
ۋاقتىدا، 1947 ـ يىلى يەنىسخەيدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىي-
سىگە قاتناشقانىدى. ئۇ ئىنتايىن تىرىشچان بولۇپ، ھەربىي
بىلىم ۋە ھەرخىل ھەربىي قوراللارنى ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى
تېزلا ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇ ھەربىيلەرگە خاس چەبدەس، تېتىك،
روھلۇق، ئىنتايىن تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە
بولۇپ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنىڭ تۈپ ئاساسىي ئامىلى ۋاقىت،
دېگەن مەنتىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ باندىتلارنى تازىلاش ئۇرۇ-
شىدا دائىم ئالدىدا تۇرۇپ ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرات-
تى. ۋوزۋود كوماندىرى سۇلتان كەينىمدىن كېلىپ ھاسىراپ



تۇرۇپ: «نېمە بولدىڭىز؟ تۇرۇپ قاپسىزغۇ؟» دېگەن چاغدىلا،
مەن ئابلىمىتتىن كۆزۈمنى ئۈزدۈم.
باندىتلار تاغ چوققىسىغا 20 مېتىر قالغاندا، ئابلىمىت يې-
تەكلىگەن ئوتدېلىنىيە تاغ چوققىسىنى ئىگىلەپ يۇزدىن ئارتۇق
باندىتنى قورال تاشلاتقۇزۇپ تەسلىم قىلدى. تۇردى پالگان ۋە
ئۇنىڭ ياردەمچىسى تاغ چوققىسىنىڭ ئاستىنقى ئۆڭكۈرگە كىرى-
ۋالدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئالدى تەرىپى تۇزلەڭلىك بولۇپ، ئالدى
تەرەپتىن بېرىش خەتەرلىك ئىدى. بىز ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىدە
تۇرۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغان
بولساقمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىققىلى ئۇنىمىدى. مەن
سول تەرەپتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا بېرىپ،
يېنىمدا تۇرغان ئابدۇكېرىمگە:
— بۇ ئىككى باندىتنى تەسلىم قىلدۇرغىن، ئەگەر قارشىلىق
كۆرسەتسە ئېتىۋەت! — دەپ بۇيرۇق قىلدىم. ئابدۇكېرىم ئىككى-
لەنمەستىنلا «خوپ!» دەپ تۆۋەنگە قاراپ سىيرىلدى. مەن يەنە
ئەنسىرەپ بىر گراناتنى ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە
تاشلىدىم. گرانات پارتلاپ ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلدى. ئابدۇكې-
رىم مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىككى باندىتنى تەسلىم قىل-
دۇردى. تۇردى پالگاننىڭ پۇتىغا گرانات پارچىسى تېگىپ يارىدار
بولدى.......
قۇمۇل خەلقى قۇمۇل تاغلىرىنى 12 تاغقا ئايرىيدىكەن، بىز
بىر نەچچە ئايغا سوزۇلغان باندىتلارنى تازىلاش ئۇرۇشىدا، 12
تاغنى نۇرغۇن قېتىم بېسىپ ئۆتتۇق. يولۋاسنى ئارا تۇرۇكتىكى
تۆمۈرتى تېغىغىچە قوغلاپ باردۇق. تاغلارنىڭ كۆپىنچىسى تاش-
لىق ھەم قاقاسلىق بولۇپ، يول يۈرۈش ئىنتايىن جاپالىق ئىدى.
سۇ بار يەرلەردە يېزا ـ كەنتلەر جايلاشقانىكەن. بىز بارغانلا يەردە
تاغلىق خەلق بىزنى يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن ئاتلىرىمىزنى
يەم ـ خەشەكلەر بىلەن تەمىنلىدى. خەلق بىزگە مەدەت بېرىپ،



ھەتتا بەزىلەر بىزگە باندىتلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق مەلۇمات
بەردى. ئاز ساندىكى قايمۇققان ئاممىنى دالا، تاغ ئۆڭكۈرلىرىدىن
چىقىپ ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشقا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنى قايتۇ-
رۇپ كەلدۇق. شۇڭا بىزنىڭ باندىتلارنى تازىلاش كۈرۈشىمىز،
قوغلاپ زەربە بېرىشىمىز ئوڭۇشلۇق ھالدا تاماملاندى. يولۋاس،
ئەبەيدۇللا قاتارلىق ئاز ساندىكى باندىتلار شىزاڭ ئارقىلىق چېگى-
رىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى-
دىن ئەكبەر قاتارلىق ئۈچ جەڭچى قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ
جەسەتلىرى ئاشۇ تاغلارنىڭ ئارىسىدا قالدى. توقتار (قازاق)
قاتارلىق بەش جەڭچىمىز يارىدار بولدى. بىز بىلەن بىللە باندىتلا-
رنى تازىلاش ئۇرۇشىغا قاتناشقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قى-
سىملىرىدىن قۇربان بولغان ھەم يارىدار بولغانلارنىڭ سانىمۇ
خېلى كۆپ. مەن دائىم ئاشۇ قۇربان بولغان قەھرىمان سەپداشلى-
رىمنى چىن قەلبىمدىن سېغىنىش ھېسسىياتىم بىلەن ئەسلەي-
مەن.

## بۈرۈلۈش نۇقتىسىدىكى ئۈرۈمچى

مەن 1996 ـ يىلى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېكىسكۇرسىيىگە ماڭغان ئۆمەك تەركىبىدە ئۈرۈمچى شەھىرىگە چۈشۈپ، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدىم. مەن ئۈرۈمچىگە 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە تەركىبىدە بىرىنچى قېتىم كەلگەنىدىم. مانا هازىر ئارىدىن 47 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم كېلىپ، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. راستىنى ئېيتسام، ئۇ چاغدىكى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن هازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار ئىدى. نەگىلا قارىسام قەۋەتلىك ئېگىز بىنالار، توپتوز ئاسفالت يوللار بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىپتۇ. ئۆمەكتىكىلەر بىلەن بۇ گۈزەل شەھەرنى هەۋەس بىلەن ئارىلاپ، هەيۋەتلىك بىر كۆركەم بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. بۇ بىنا تولىمۇ هەشەمەتلىك، مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان بولۇپ، كىرىش ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىر قىزنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، بىر قاۋۇل يىگىتنىڭ راۋاب چېلىۋاتقان هەيكىلى ئورنىتىلغانىكەن. بۇ هەيكەللەر بىناغا تېخىمۇ كۆركەم تۈس ئاتا قىپتۇ. مەن بۇ يەرگە بارلىق هەۋەسىم بىلەن قاراپلا قاپتىمەن. ئۈرۈمچىگە كۆپ قېتىم كەلگەن بىر هەمراهىم ماڭا: «بۇ يەر نەمىنى دېيىلىدۇ، بۇ بىنا خەلق تىياتىرخانىسى» دېدى. بۇ تىياتىرخانىنىڭ ئۇدۇلىدا سۈزۈك كۆكۈش ئەينەكتىن ياسالغان پىرامىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى گۈلزارلىق ئىكەن. ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىدە جۇڭگو خەلق بانكىسى، سوغۇرتا شىركىتى، سول تەرىپىدە شىنخۇا كىتابخانىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە بىر



مۇنچە سودا سارايلىرى ئاسمان بىلەن بوي تالاشقاندەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. هېلىقى ئوتتۇرىسىغا ئەينەكتىن پىرامىدا ئورنىتىلغان گۈلزارلىقنىڭ ئاستىدا يەر ئاستى بازىرى بولۇپ، ئادەملەر مىغىلداپ تۇرىدىكەن. بۇ بازارنىڭ ئۈستىدىكى ئاسفالت يوللاردا هەر خىل پىكاپلار، مىنىبۇسلار، ئاپتوبۇسلار ئايىغى ئۈزۈلمەي مۈكىدەك ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىكەن. رەڭگا رەڭ كىيىنگەن قىز ـ يىگىتلەر، سالاپەتلىك ئەر ـ ئاياللار، شوخ ۋە ئوماق باللار پىيادىلەر يولىدا ئەركىن ـ ئازادە، تەرتىپلىك هالدا ئادەمنىڭ هەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرىدىكەن. هەممىلا ئادەمنىڭ چىرايىدا ئۆز تۇرمۇشىدىن مەمنۇن بولغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ......

مەن بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. خىيالىم بىردىنلا 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا كۆرگەن ئۈرۈمچىگە كەتتى. شۇ چاغدىكى تاملىرى قارامتۇل هەم سېرىق رەڭدە سىرلانغان پاكار كۆرۈمسىز بىنالار، هازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئىشىكلىرى قارا هەم قىزىل سىرلانغان ئاۋارە دۇكانلار، قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقىدا شۈمشىيىپ يۈرگەن ئادەملەر، كوچا ئەتراپلىرىدىكى پاسكىنىچىلىق، مۇرەككەپ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيەت، ئەنسىزلىك يېغىپ تۇرغان ئارقا كوچىلار، بەزىبىر جايلاردىكى هەرخىل بۇزۇقچىلىقلار ... كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئاشۇ چاغدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى، ئەينى چاغلاردىكى ئۈرۈمچىنىڭ قىياپىتىنى ۋە ئۇنىڭ قاباھەتلىك قۇچىقىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، خۇنۇك كۆرۈنۈشلەرنى، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى سېلىشتۇرما شەكلىدە كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم. بۇ ئەسلىمەمنىڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ هازىرقى گۈزەل ئۈرۈمچىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ، ئۇنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتە هەسسە قوشۇشىغا ئاز ـ تولا پايدىسى تەگسە، بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولغان بولاتتىم.



* * * *

ئادەتتىكى كۈندىلىك دالا هەربىي مەشقىدىن ئەمدىلا قايتىپ كېلىپ، روتىمىزنىڭ يەر ئاستى زېمىلانكا (گەمە) ئۆيىگە جايلاشقان ئاشخانىسىغا كىرىپ، يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ، تاماق ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇرغانىدىم، روتىمىزنىڭ قىزىقچى ئاشپىزى كېلىپ، ئۈستەلنى تازىلىغاچ چاقچاق قىلدى:

— مۆھتەرەم كوماندىر، بايا خۇددى باللار ئويناپ ياساپ قويغان قار بوۋايغىلا ئوخشاپ قاپتىكەنسىز، يۈز ـ كۆزىڭىزنى يۇيۇپ، مانا ئەمدى خېلىلا سۇمباتلىق بولۇپ قاپسىز، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەنمۇ ئۇنىڭغا يارىشا چاقچاق قىلىپ:

— بىز ئەزەلدىن كېلىشكەن يىگىت ـ تە، ئۇستام! چاڭ ـ توزان بىلەن قىروونى قېقىۋەتسەكلا، يەنە ئۆز ئەكسىمىزگە كېلىمىز ئەمەسمۇ؟ — دېدىم سىپايىرەك قىلىپ.

ئۇستامنىڭ «ئەينەكباش» دېگەن لەقىمى بار ئىدى. ئۇ مېنىڭ راسا هارغانلىقىمنى بىلگەندەك، مېزىلىك قىلىپ ئەتكەن كالا گۆشى قوردىقىنى بىر نەچچە كېسىم بولكا بىلەن ئەكىلىپ بەردى. مەن تاماقنى هەربىيلەرچە تېز ـ تېز يېۋەتتىم. ئاشپەز ئۇستام قېشىمغا كېلىپ چاقچاق ئارىلاش:

— تاماقنى بۆرىدەك بىردەمدىلا يەپ بوپسىز ـ دە، تۈگمەن تازا چەككەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— بۇنى بىر دېمەڭ، قورسىقىم تازا ئاچقانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە هېرىپمۇ كەتتىم، بالدۇرراق ئارام ئالاي دېدىم، — دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇراتتىم، ئاشخانىغا پولك شتابىنىڭ سۋەزى (خەۋەرچىسى) كىرىپ، ئۇدۇل مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ هەربىيچە سالام بەردى ۋە:

— مۆھتەرەم كاپىتان، سىزنى دەرهال پولك شتابىغا يىغىنغا



كەلسۇن دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى، — دەپ تېزلا چىقىپ كەتتى.

گەرچە، بۈگۈن ناهايىتى چارچاپ كەتكەن بولسامۇ، يەنىلا ئاشخانىدىن چىقىپ، پولك شتابىغا قاراپ ماڭدىم. بۇ ئۆلكە تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغان، بىزنىڭ ماناس دەرياسى بويى ۋە يەنسخەيدە قۇرغان هەربىي ئەسلىهە، ئىستىهكاملىرىمىز ئېچىۋېتىلىشكە باشلىغان چاغ ئىدى. «جەڭگىۋارلىقنى يوقاتقان ئارمىيىدىن غەلىبە قىلىش ئۈمىدىنى كۈتكىلى بولمايدۇ» دېگەن ئىدىيە مېنى هەردەم سەگەكلەشتۈرەتتى. شۇڭا، مەن بۈگۈنكى قاتتىق سوغۇق، قېلىن قاردىمۇ كەچكىچە دالادا بىردەم يۈگۈرۈپ، بىردەم يېتىپ، ئەسكەرلەرگە ئۆلگە كۆرسىتىپ، هەرىكەتنى تەكرار ئىشلەپ، هېرىپ هالىمدىن كېتەيلا دەپ قالغانىدىم. تەستە مېڭىپ پولك شتابىنىڭ يەر ئاستى يىغىن زالىغا (بۇ 200 دەك ئادەم سىغىدىغان، ئۈستى ئەتراپتىكى يەرلەرگە ئوخشىتىلىپ نىقابلانغان جاي ئىدى) كىردىم. يىغىنغا قاتنىششقا تېگىشلىك كوماندىرلار يىغىلىپ بولغانىكەن. مەن ئىككىنچى روتىنىڭ كوماندىرى ئابدۇكېرىم ئىسراپىلۇفنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. پولك رەهبەرلىرى تېخى كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، يىغىن ئەهلى ئۆزئارا قىزغىن سۆهبەتلىشىۋاتقانىكەن. سۆهبەتنىڭ مەزمۇنى يەنىلا «هەربىي سەپتىن بوشىنىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىش» مەسىلىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى هەرخىل ئوخشاشمىغان پىكىر، تالاش ـ تارتىشلار ئىدى. شۇ چاغدا زالنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، پولك شتابى رەهبەرلىرى، پولك كوماندىرى مەرغۇپ ئىسهاقوۋ باشلىق كىشىلەر كىرىپ كەلدى. هەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ هۆرمەت بىلدۈرۈپ قارشى ئالدۇق. رەهبەرلەر سەهنىگە چىقىپ ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئاندىن بىزمۇ ئورنىمىزدا ئولتۇردۇق. پولك كوماندىرى مەرغۇپ ئىسهاقوۋ كۆپچىلىككە قاراپ:

— مۆھتەرەم ئوفىتسېرلار، ئۆلكىمىزنىڭ تىنچلىق بىلەن

ئازاد قىلىنغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ-
دىكى ھەربىي قىسىملىرى شەرتسىز قورال تاشلاپ، تەسلىم بول-
دى. ھازىر ئۇلارنى قايتا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئورۇنلاشتۇ-
رۇش ئىشى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇمۇ بىر مۇرەككەپ جىددىي
خىزمەت. بۇنىڭدىن تاشقىرى بىر قىسىم ئەكسىيەتچى كۈچلەر،
گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن قاچقان قوراللىق قاچقۇنلار ئۆلكىمىز-
نىڭ بەزى جايلىرىدا پاراكەندىچىلىك، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق،
ئۇرۇش - چېقىش، ئوت قويۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتى-
دۇ، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزىۋاتىدۇ. ئۇلارنى تازىلاش،
بېسىقتۇرۇش خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن مىللىي ئارمىيە-
نىڭ شەرەپلىك ۋە جىددىي ۋەزىپىسى. شۇڭا، بىز ھەر دائىم
ھۇشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ھەربىي ئىنتىزامنى تېخىمۇ مۇس-
تەھكەملەپ، ھەربىي مەشىقنى تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن
جىددىي ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇ ۋەزىپىنى ھازىرغىچە ھەر
خىل ئۆسەك سۆزلەرگە قۇلاق سالماي، ئىزچىل ھالدا ياخشى
ئىشلەپ كېلىۋاتقان كاپىتان يولداش ئەخمەت تۇردىيوفقا پولك
نامىدىن رەخمەت ئېيتىمەن! باشقا ئوفىتسېرلارنىڭمۇ شۇنداق
قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

مەن كوماندىرنىڭ مېنىڭ ئەھۋالىمنى بۇگۈن ئۆزى تەكشۈ-
رۈپ نازارەت قىلغانلىقى ۋە باتالىئون شتابى ھەم باشقا ئوفىتسېر-
لاردىن سۈرۈشتە قىلغانلىقىنى كېيىن باشقىلاردىن ئاڭلىدىم.

پولك كوماندىرى بىر ئاز تۇرىۋالغاندىن كېيىن، جىددىي
تەلەپپۇزدا بۇيرۇق قىلدى:

— بۇگۈن سىلەرنى بۇ يەرگە يىغىۋېلىشتىكى سەۋەب، يۇقى-
رىدا ئېيتىلغان ھەربىي ئىنتىزام، ھەربىي مەشىقنى تېخىمۇ
چىڭىتىش ۋە مۇستەھكەملەش. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى جىددىي
ۋەزىپىنى، يەنى يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن بىزنىڭ شىخۇدى-
كى 40 - پولكتىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ، مىللىي ئارمى-



يىمىزنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە كىرىدىغانلىقىنى جاكار-
لايمەن! ئۈرۈمچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلى-
كىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن رەسمىي تەنتەنىلىك
ھالدا ئۇچرىشىمىز! بۇ شەرەپلىك ۋەزىپە بىزنىڭ پولكىمىزغا
تاپشۇرۇلدى. شۇڭا، جەڭگىۋارلىقىمىز ۋە ئىنتىزامچانلىقىمىز
بىلەن بۇ خىزمەتكە ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق قىلىشىڭلارنى
تاپشۇرىمەن!

زالنىڭ ئىچىدە ھەرخىل مۇجمەل خىياللار بىلەن قايمۇ-
قۇپ، ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلەلمەي تەمتىرىشىپ قالغان
ئوفىتسېرلار ھاياجاندا ئۆزلىرىنى باسالماي، چاۋاك چېلىشىپ،
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى، ھەتتا «ھۇررا! » دەپ ۋارقىرى-
شىپ كەتتى. پولك كوماندىرى كۆپچىلىكنىڭ ھاياجىنىنى زورىغا
بېسىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز ھازىر تۇرىۋاتقان بۇ زېمىلانكا، بىلىنداژلىرىمىزنى
ئىلاجى بار بۇزىۋەتمەي، ئۆزىمىزگە زۆرۈر بولغان كىيىم -
كېچەك، يوتقان - كۆرپە، قورال - ياراغلىرىمىزنى ئېلىپلا يولغا
چىقىمىز. بۇ جايلار ھازىرچە مىللىي ئارمىيىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن
ۋە بەرپا قىلغان جەڭگىۋار تارىخىنىڭ ئىزى سۈپىتىدە ساقلاپ
قېلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ھۆكۈمەت كېيىنچە بىر نەرسە دېيىشى
مۇمكىن. بۇ يەردە ئولتۇرغان كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ قايتقان-
دىن كېيىن جىددىي ۋە پۇختا تەييارلىق قىلىشىڭلارنى تاپشۇرى-
مەن. بىز ئۈرۈمچىگە ئاپتوموبىل بىلەن بارىمىز، بۇ يەردە قال-
غان نەرسىلەرنى خوجلۇق بۆلۈم كەينىمىزدىن ئېلىپ بارىدۇ.
زۆرۈر بولمىغان نەرسىلەر شۇ پېتىچە قېلىپ تۇرسۇن.
ھەربىر جەڭچى - ئوفىتسېر جەڭگىۋار ھالەتتە تەييارلىنىشى
كېرەك. مېڭىش ۋاقتىنى ئايرىم ئۇقتۇرىمىز، يىغىن تۈگىدى،
— دېدى.

بىز زېمىلانكىدىن چىقىپ، ئۆز خۇشاللىقىمىزنى ئىچىمىزگە



سىغدۇرالماستىن قىسىملىرىمىزغا قاراپ ماڭدۇق. كېچىنىڭ
قاتتىق سوغۇقى يۈزلىرىمىزگە خۇددى يىڭنىدەك سانجىلاتتى.
تاپىنىمىزنىڭ ئاستىدا قېلىن قار نالە قىلغاندەك غىچىرلايتتى.
بۇ دەل 1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىدى.

ھەممىمىز تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردۇق.
بۇ ئۈرۈمچىگە كىرىش بۇيرۇقى بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلاردا
ئاجايىپ زور داغدۇغا، جانلىنىش كەيپىياتىنى قوزغىغانىدى،
ھەممەيلەننىڭ روھى تېتىك، كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ھەممەيلەندە ئۈ-
رۈمچىنى كۆرۈش ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشىش
قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئاخىر بىز تەقەززا
بولغان بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ بىز يولغا چىقتۇق. 1949 - يىلى
12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بىز ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈرۈم-
چى - ئىلى تاشيولىنىڭ (ھازىرقى ئالتاي يولىنىڭ) يېقىلغان
تاش دېگەن يېرىدە ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، رەتلىك تىزىلىپ،
شەھەر ئىچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

ئۇ چاغدا ھازىرقى نۇرباغدىكى نېفت باشقۇرۇش ئىدارىسى-
نىڭ غەرب تەرىپىدە ھېچقانداق قۇرۇلۇشمۇ يوق ئىدى. ئۇ يەر
بىر سۇرلۇك قارىياغاچلىق بولۇپ، بەزى جايلىرى ئاز - تولا
تېرىلغۇ يەرلەر ئىكەن. بىز بىرەر سائەتتىن ئارتۇق پىيادە مې-
ڭىپ، بېيمېن دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر شىمال
تەرىپى پاكار - پاكار ئېدىرلىقلار، جەنۇب تەرىپى شەھەر سېپىلى-
نىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا توغرا كېلىدىغان، ئەتراپىدا بىر نەچچە
ئېغىز ئۆيلەر ئۇ يەر - بۇ يەردە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر كەڭ
بوشلۇق ئىكەن. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن
بىز شۇ جايدا ئۇچراشتۇق. قىزغىن چاۋاك، ئالقىش سادالىرى
ئىچىدە ئىككى ئارمىيە قۇچاقلىشىپ بىر - بىرىمىزنىڭ غەلىبى-
سىنى تەبرىكلەشتۇق. بېيمېن ئەتراپى ئارمىيە - خەلق ئورتاق
خۇشاللىققا چۆمگەن قاينام - تاشقىنلىق ھايات دېڭىزىغا ئايلاندى،



ناغرا - سۇنايلاردىن ياڭراۋاتقان شادىيانە مۇزىكىسىنىڭ سادالىرى
پەلەككە يەتتى.

مانا شۇنداق قىزغىن ئۇچرىشىش بىرەر سائەتتىن كۆپرەك
ۋاقىت داۋام قىلدى. بىز رەھبەرلىكنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە
ئاخىر توپتىن كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا ئايرىلىپ، شىمالىي
دەرۋازا (بېيمېن) ئارقىلىق شەھەر ئىچى تەرەپكە قاراپ ماڭ-
دۇق. بۇ شەھەر مەركىزىدە شۇ چاغدا ھوقۇق يۈرگۈزىۋاتقان
ھاكىمىيەت ئورگانلىرى، ئىدارە - جەمئىيەتلەر، مالىيە ئورگان-
لىرى بار ئىكەن. ھازىرقى شىمالىي ئازادلىق يولى شەھەر ئىچى-
نىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىكەن. يولنىڭ ئىككى
تەرىپىگە سېلىنغان ئۆيلەر، دۇكانلار كۆپىنچە ئىككى قەۋەت
بولۇپ، ئىشىك، دېرىزە، ھەتتا تاملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك
كۆلرەڭ، قارا، سېرىق، قارامتۇل، قىزىل رەڭلەر بىلەن سىر-
لانغانىكەن. نېمىشقىدۇر ھەربىر ئۆي، ھەتتا دۇكانلارمۇ بىر
خىل سۇرلۇك، شۇ دۇكانلار ۋە ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن قاراپ
تۇرغان ئادەملەرمۇ بىر خىل چۈشكۈن كۆرۈنەتتى. كوچىلاردا
ئادەملەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. تەبىئەت بىر خىل سۈكۈت
ئىچىدە ھەسرەتلىك نەپەس ئېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بىز بىر
ئاز ماڭغاندىن كېيىن، سېپىلنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىن چىق-
تۇق. بۇ يەر نەنمېن دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ يەردىكى دۇكان
ئىشىكلىرى قىڭغىيىپ كەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭمۇ كۆپى قارا ۋە
كۆلرەڭدە سىرلانغانىكەن. شەرق تەرىپى شەھەر سېپىلىنىڭ جە-
نۇبى بولۇپ، ئېگىز - پەس خەندەكلەر ۋە ئەخلەتخانا ئىكەن. بۇ
جاي ئىلگىرى شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتلەر-
نىڭ جىنايەتچىلەرنى ئاتىدىغان جازا مەيدانى بولغانىكەن. بۇ يەر-
نىڭ مۇھىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، كوچىلىرىمۇ پاسكىنا ئى-
كەن. شەھەر ئىچىدىن چىقىش بىلەنلا بۇ يەردە كىچىكرەك بىر
بازار بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا كىچىك دۇكانلار جايلاشقان، شەھەر

لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ! http://www.lopnuri.com

يولى ئاشۇ دۇكانلارنىڭ سىرتىدىن ئايلىنىپ، بازارنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىن ئۇدۇل جەنۇبقا تۇتىشىدىكەن. بۇ تەرەپلەرگە يەرلىك ئۇيغۇر، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تاتار، رۇس قاتارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقانىكەن. هازىرقى خەلق تىياتىرخانىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىناسى چۈشكەن ئورۇنلار بولسا بىر خارابىزارلىق بولۇپ، نەنمېن گۈللۈكىنىڭ ئورنىغا كۆرۈمسىز ۋە رەتسىز سېلىنغان كونا دۇكانلار جايلاشقانىكەن. بىز يول ياقىسىدا تۇرۇپ بىزنى قارشى ئالغۇچىلار بىلەن سەممىي كۆرۈشۈپ، سەنشىخاڭزا، ئەرداۋچياۋ (دۆڭ كۆۋرۈك) دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ (ئۇ چاغدىكى ئەرداۋچياۋ دېگەن جايدا، يەنى هازىرقى دۆڭ كۆۋرۈك تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىنىڭ ئورنىدا ۋەيرانە هالدىكى بىر نەچچە ئاشخانا، شەرق تەرىپىدىكى تۇرپان مەسچىتى يېنىدا هارۋىكەشلەر چۈشىدىغان كۆرۈمسىز دەڭ - ساراي بار ئىدى)، ئاندىن شەرققە بۇرۇلدۇق. بۇ خاڭچىڭ دېگەن كوچا ئىكەن. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن هازىرقى سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدىغان باخۇلياڭ دېگەن يەرگە، يەنى ئۆز ۋاقتىدا شېڭ شىسەي هەربىي مەكتەپ قىلغان، كېيىن گومىنداڭ هۆكۈمىتى پىرقە مەكتەپ قىلغان جايغا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. بىز بۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئەتىسى پولك رەهبەرلىرى بىزگە بۇ يەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەهۋالى، بىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار هەققىدە دوكلات بەردى. دوكلاتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۈرۈمچىنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن، گومىنداڭچىلارنىڭ بىر قىسىم ئەكسىيەتچىلىرى، ئەسكەرلىرى، ئىشپىيونلىرى، ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنىڭ بەزى ئەزالىرى، هەرخىل لۈكچەكلەر گۇرۇھى تۈرلۈك ئورۇنلاردا پۇرسەت تاپسىلا بۇلاڭچىلىق قىلىش، قاتىللىق قىلىش، پاراكەندىچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىشلىرىنى قىلىدىكەن، كېچىلىرى يالغۇز يو-



رۇش خەتەرلىك ئىكەن. شۇڭا بىزنىڭ قىسمىمىز كېچىسى پاترول (چارلاش) گۇرۇپپىلىرىنى چىقىرىپ، بەلگىلەنگەن يەرلەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشنى قوشۇمچە ئۆز ئۈستىگە ئاپتۇ. بولۇپمۇ گومىنداڭچىلارنىڭ بىر بۆلۈك قاچاق بۆلاڭچى ئەسكەرلىرىنىڭ ئەتراپتىكى تاغ ۋە داللارغا يوشۇرۇنغان باندىتلار بىلەن بىرلىشىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىش،، هەتتا مىللىي ئارمىيە بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالىمۇ بار ئىكەن. شۇڭا، قىسمىمىزدىن مەخسۇس بىر بۆلۈك كىشىلەر ئاجرىتىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە باندىتلارنى بېسىقتۇرۇش، تازىلاش ئىشلىرىغا ئاتلىنىدىكەن. بۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى مۇهىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن، هوشيارلىقنى ئېشۇرۇپ، هەربىي ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، هەرخىل ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ۋە بۇلغانغان ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇهىتنىڭ هەرخىل يوللار بىلەن قىسمىمىزدىكى جەڭچى - ئوفىتسېرلارنى چىرىتىشىدىن هوشيارلىق بىلەن ساقلىنىش ئالاهىدە تاپشۇرۇلدى.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ قىسمىمىزدىكى بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا، تاغ - داللاردا ئاكوپ تۇرمۇشىنى ئەمدىلا ئاخىرلاشتۇرۇپ، شۇ چاغدىكى يۈگەنسىز، قاينام - تاشقىنلىققا تولغان، هەرخىل كۆز قاراش، هەرخىل ئىدىيە، هەرخىل نىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تەشكىللەنگەن شەهەر هاياتىنىڭ قوينىغا كىرىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ئۆتكەنكى چىرىك هاكىمىيەتتىن قالغان ئەخلاق، ئىستىل جەهەتتىكى بۇزۇقچىلىقنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. دۈشمەن كۈچلىرى ئۈچۈن بۇ بىر تېپىلغۇسىز يوچۇق ئىدى. بۇنداق شارائىتتا ئىرادىسى سەللا بوش كىشىلەرنىڭ هەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاسانلا يولدىن چەتنەپ تويۇق يولغا



كىرىپ قېلىشى ئېهتىمالغا ناهايىتى يېقىن ئىدى. مەسىلەن، قىسمىمىزدىكى مىللىي ئارمىيە 5 - روتا كوماندىرى كاپىتان داۋۇتوف ئابدۇرېشىت ئەينى چاغدىكى ئىلى گىمنازىيە مەكتىپىنى تۈگەتكەن، مىللىي ئىنقىلاب مەزگىلىدە هەربىي سەپكە پىدائىي بولۇپ كىرىپ، نۇرغۇنلىغان ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەن، هەربىي بىلىم، ئۇرۇش تەجرىبىسىمۇ مول ئوفىتسېر ئىدى. بىز شەهەرگە كىرىپ بىر نەچچە ئاي ئۆتمەيلا ئۇ سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلدى. ئۇ 1950 - يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا كېچىلىك چارلىغۇچىلارنى تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇزلا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئەتىسى ئۇنىڭ جەستى سابىق ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئىسكىرىپكىچى هۈسىيىن رېهىم دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدىن چىقتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ ئايالى، 13 - ساراڭلار دوختۇرخانىسىنىڭ سېستىراسى قەمەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى يېرىم كېچىدە بىرى چەككەن، چىقسا ئاشۇ كىشى ئىكەن. ئۇ: «بىر پىيالە چاي ئىچىۋالاي، ئۇسساپ كەتتىم» دېگەن. داۋۇتوف هۈسىيىن رېهىم بىلەن ئۆزئارا تونۇشۇپ قېلىپ، بۇ ئۆيگە بىر نەچچە قېتىم كەلگەنىكەن، قەمەر بىلەنمۇ تونۇشكەن. داۋۇتوف ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى ئۆزى ئېتىۋاپتىمىش. ئەتىسى جەسەتنى ئالغىلى بارغانلار ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېتىۋالغان ناگىنىنىڭ ئۆز قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇلغان هالەتتە ياتقانلىقىنى كۆرگەن. بۇ ئۆلۈمنىڭ قىزىق يېرى شۇكى، ئۆلگۈچى ئۆزىنى يېرىم كېچىدىن كېيىن ئېتىۋالغان. ئەمما، شۇ كېچىسى ئۈرۈمچىنىڭ نەنمېندىن ياڭخاڭغىچە بولغان چوڭ كوچىلىرىغا «مىللىي ئارمىيىنىڭ روتا دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېرى ئۆزىنى ئېتىۋالدى» دېگەن ۋەرەقىلەر چاپلىنىپ بولغان.

هۈسىيىن رېهىم بىلەن قەمەر 1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. كېيىنكى چاغلاردا بىز قەمەرنىڭ ئەينى




چاغدا گومىنداڭنىڭ شتاتلىق جاسۇسلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. مانا شۇنداق قىلىپ داۋۇتوفنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرى يېشىلمەي شۇ پېتىچە بېسىلىپ قالغانىدى.

مەن ئاشۇ ۋاقىتتا يۇقىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مۇهەممەت ئىسمائىلوفنىڭ باتالىئونى تەركىبىدە، قۇمۇلغا باندىت تازىلاش خىزمىتىگە كەتكەنىدىم. مەن قۇمۇلدا ئىككى يىل ۋەزىپە ئۆتىدىم. قۇمۇلدىن كەلسەم مېنى بورتالا ئوبلاستى ئىچكى مۇداپىئە قىسمىغا يۆتكىگەنلىكى ئۈچۈن، مەن بورتالادا بولۇپ قالدىم. باشقا ئاغىنىلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، داۋۇتوف ئۆزىنى ئۆزى ئېتىۋالمىغان، بەلكى باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىلغانىكەن، ئەمما سۈرۈشتە قىلىنماپتۇ. ئۇ چاغلاردا مۇنداق ۋەقەلەر شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ كۆپ قېتىم يۈز بەرگەنىكەن.

مەن بۇ قېتىم ئۈرۈمچىنى ئارىلاپ، شۇ چاغدىكى خۇنۇك ۋە ئەنسىزلىك يوشۇرۇنغان ئۈرۈمچىنى ئەسلەپ قالدىم. هازىر ئۇنىڭدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. گۈزەل ۋە كۆركەم كوچىلارغا زىننەت بېغىشلاپ، سايە چۈشۈرۈپ تۇرغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى رەتلىك، ياپيېشىل ئاكاتسىيە دەرەخلىرى، كەڭرى، ئازادە ئاسفالت يوللار، ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان ئېگىز، هەيۋەتلىك ئىمارەتلەرنى كۆرۈپ، مۇشۇ قىسقىلا نەچچە ئون يىل ئىچىدىكى ئۈرۈمچىنىڭ غايەت زور ئۆزگىرىشى بىلەن ئەينى چاغدىكى مەنزىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، هەيرانلىق ئىچىدە ئۆز هاياجىنىمنى باسالماي قالدىم.

هەي، ئۈرۈمچىلىكلەر، كۈنسېرى گۈللىنىۋاتقان گۈزەل يۇرتنىڭ قەدرىگە يېتىڭلار! بۈگۈنكى گۈزەل ئۈرۈمچى شەهىرى بىلەن پەخىرلىنىڭلار!

لوپنۇرى بلوگى سزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!    http://www.lopnuri.com


封面设计：艾克拜尔·萨里
责任校对：艾合买提江·穆明
责任编辑：热依汗古丽·库尔班

# جەڭگاھ خاتىرىلىرى

ئاپتورى: ئەخمەت تۇردىيوف

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ كۈيتۇن چىڭگۇاڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 ×850مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 8.625
قىستۇرما ۋارىقى: 1
2000 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 3000 — 1
ISBN7 - 228 - 06112 - 8/I. 2240
باھاسى: 13.00 يۈەن

http://www.lopnuri.com لوپنۇرى بلوگى سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!

